«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى» دىكى نەشرىي ئەپكار
«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن نەشرىي ئەپكار
入选《中国期刊方阵》的刊物
荣获《新疆期刊奖》的刊物

2



2016

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

ISSN 1008-6498

新疆文化

•XINJIANG CULTURE•СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА•シンキョウ ブンカ•مجلة حضارة شنجيانغ•



ۋەدە

ئەھەتجان ئابلىز فوتوسى



يىلتىز

تۇنىياز ئاۋۇت زەلىلى فوتوسى




تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى: **مۇختار مەخسۇت** (ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى)

تەھرىرات باشلىقى ،
دائىمىي مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: **بەگمەت يۈسۈپ** (ئالىي مۇھەررىر)

# شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق

# 2016.2

(ئومۇمىي 338 - سان)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى باشقۇرىدۇ
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت تەتقىقات ئورنى چىقىرىدۇ
ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

(65-يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال

تەھرىر ھەيئەتلەر
(ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇقادىر جالالىددىن
ئارسلان ئابدۇللا
ئازات سۇلتان
ئادىل تۇران
بەگمەت يۈسۈپ
جالڭ خۇگچاۋ
دىلشات پەرھات
قۇربان مامۇت
ئىمىن ئەخمىدى

بۇ ساننىڭ تەكلىپلىك
مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە
تېخرىداكتورى:
**ئايگۈل ئەمەت**
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)


چىرىكلىككە، پارىخورلۇققا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ئاۋامغا بەخت يارىتايلى

## بۇ ساندا

### تەپەككۇر كۆزى


تەپەككۇر مېۋىلىرى ..........
.......... ئابلەتجان قادىر، ئابدۇغېنى توختى توغرۇلتېكىن قاتارلىقلار (3)


### تىل مەدەنىيىتى دالاسىدا


مىرسۇلتان ئۇسمانوف: ئانا تىلغا تەسەددۇق ھايات ..........
.......... غالىب بارات ئەرك (9)


### مەۋجۇتلۇق ۋە مۇنەپەككۇرلۇق


ئۈچ تەسرات .......... تۇرسۇنمۇھەممەد توختى (27)


### مەن كۆرگەن دۇنيا


ياپون ئاياللىرىنىڭ ياشاش مەدەنىيىتى .......... ئادىلە ئىسمائىل (40)


### «تىلماچلار چايخانىسى»دىكى پاراڭلار


ئادەملەر قانداق بۇزۇلىدۇ؟... غەم يېيىش... ئەڭ مۇھىمى ئەر - خوتۇن ئارىسىدا... خارۋاد مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئەيىبلىنىشى... قۇلىقنى ئېتىۋېلىپ قوڭغۇراق ئوغرىلىغۇچىلار... ئۆلۈم ھەققىدە پاراڭ ..........
.......... ئەھەت داۋۇت، غوپۇر قادىر قاتارلىقلار (ت) (46)
پارتىيەمىز تارىخىدىكى چىرىكلىككە قارشى كۆرەشلەر ..........
.......... ئابلەت مۇھەممەد (52)


### دانا ۋە ئاگاھ بولۇڭ


مۇچەل خۇراپاتلىقى .......... تۇرسۇنجان سىدىق (59)
مۇئەللىم، خاتا قىلدىڭىز .......... ئەھمەتنۇر قارى (65)


### ئەدەبىيات گۈلزارى


لوكچەك.......... (ھېكايە) .......... ياقۇپ كېرەم (68)
شېئىرلار .......... ئابلىجان ھېيت (78)


باھاردىكى ھاياتلىق كۈيى (ماي بوياق) ئابدۇشۈكۈر كېرەم كۆك سىزغان



# تەپەككۇر مېۋىلىرى

### تەپەككۇر بۇلاقلىرىدىن ئۈنچە

▲ بايقالغان مەسىلىلەرنى باشقىلارنىڭ كۆرگىنىگە ئاسان ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ كۆزىتىپ بىلگىنىگە ئاساسەن ھەل قىلىش ئەڭ ئاقىلانە تەدبىر.

▲ ئات كىشنەپ تۇرۇپ ئالغا چامدايدۇ، ئىت چىشلەپ تۇرۇپ ئارقىغا سۆرەيدۇ.

▲ پۇل خەجلەشكە يارالغان، ئەمما غۇرۇر ۋە ۋىجدانغا ئەمەس.

▲ ساداقەت ئېغىزدا ئەمەس، قەلبتە ساقلىنىدۇ.

▲ يۈرەك يىغلىسا ئادەم يارىلىنىدۇ، كۆز يىغلىسا ئادەم خارلىنىدۇ.

▲ ئۇرۇش-جېدەل ئادەملەرنى ھايۋانغا ئايلاندۇرىدىغان ئالاھىدە «تەنھەرىكەت».

▲ غەمسىز ئادەم — پەمسىز ئادەم.

▲ چېقىمچىلار چېقىشتۇرغىلى ئادەم تاپالمىسا، ئۆزىنىڭ سايىسىنى ئۆزىگە چېقىپ كۆڭلىنى «مەنىلىك» ئۆتكۈزىدۇ.

▲ ھاياتلىقتا سەدىقە-ئېھسان ئۈچۈن پۇلنىلا ئۆلچەم قىلىش زۆرۈر ئەمەس، بەلكى چىن كۆڭۈلدىن قىلىنغان تاتلىق تەبەسسۇممۇ بىچارىلەرگە ئالەمچە شادلىق ئاتا قىلالايدۇ.

▲ گەرچە سىنىڭ كۆپكە قۇربىڭ يەتمىسىمۇ، ھەر تىنىقىڭدىن باشقىلارغا ئامەت تىلەپ قويۇشنى ئۇنتۇما.

▲ كۆپ ئىقتىدارلىق تېلېفوننىڭ قولى بولماي، كۆپ ئىقتىدارلىق ئادەم بولۇشنىڭ يولىنى ئىزدە.

▲ شاتۇت پەقەت دورىيالايدۇ، ھەرگىزمۇ سۆزلىيەلمەيدۇ.

▲ كىتابخانىنىڭ چۆلدەرەپ قېلىشى يالغۇز روھنىڭ قۇرغاقلىشىپ كەتكەنلىكى ئەمەس، بەلكى روھنىڭ قازاغا يولۇقۇشىدىن دېرەك بېرىدۇ.

▲ بىراۋلارنىڭ بەختىنى تارتىۋېلىپ ھەشەمەت داچىسىدا ئولتۇرغانلار كۆرۈنۈشتە سالاپەتلىك، مەغرۇر كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئەتراپتا كۆرۈنمەس تىكەنلەر بەدىنىگە سانجىلىۋاتقاندەك بىئاراملىق ۋە ئازابلىق ئىچىدە ياشايدۇ.

▲ تۆھمەت — كىشىنىڭ ئارقىسىدىن ئۇرۇلغان ئۆتكۈر خەنجەردىن زەھەرلىك.

### ھەر تىنىقتا بىر سادا

▲ ئائىلىگە خىيانەت قىلىش — ۋەتەنگە خىيانەت

## تەپەككۇر كۆزى

قىلغان بىلەن باراۋەر. چۈنكى ئائىلە ۋەتەننىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشى ئەمەسمۇ ؟!

▲ ۋەدە ئۈچۈن قول كېسىپ قان چىقىرىش ھاجەتسىز. پەقەت ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق بەرگەن ۋەدىنى ئورۇندساق كۇپايە. چۈنكى قولدىكى تارتۇق ۋەدىگە گۇۋاھ بولالمايدۇ. شوخا جىجۋەتسىمۇ كىشى قولدا تارتۇق قالدىغۇ ؟!

▲ بەزىدە مىڭ ئېغىز قۇرۇق تەسەللى سۆزدىن، بىر نان ئارتۇق.

▲ ئۇۋالچىلىقتا ئۆچرىغۇچىنىڭ قەلبى خۇددى پارتلاش ئالدىدا تۇرغان ماگمىغا ئوخشايدۇ. ھايات رەزىل بولۇپ تۇيۇلۇپ بارلىق ئارزۇ- ئارمانلار خىيالى تۇيغۇدەك مەنە بېرىدۇ.

▲ جاپالىق ئىزدىنىش ماددىي جەھەتتىن كىشىنى نامرات قىلسىمۇ، ئەمما مەنىۋىيەت جەھەتتىن كىشى قەلبىنى مول بايلىققا ئېرىشتۈرىدۇ. ئىجادىيەت ئارقىلىق ئۆز ھاياتلىق مەۋجۇتلۇقىنى نامايان قىلىش ئىنساننىڭ بۇ دۇنياغا يارالمىش سەۋەبى. قەدىرسىز ياشىغان ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى شۇنداقلا بۇ دۇنيادا ھاياتمەن دەپ ياشاۋاتقان ئۆزىنىمۇ ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيدۇ، شۇنداق بولغاچقا ئۇنىڭ ھاياتى مەنىسىزلىك ئىچىدە يوقايدۇ خالاس.

▲ تەن پاكلىق دۇرۇسلۇق، دىل پاكلىق مەۋجۇتلۇق. ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلغان ئادەمنىڭ ئېتىقادى ئەبەدىيلىك بولۇپ، ھاياتلىق ئۈچۈن بارلىقنى ئۆزىگە، يارالمىش قىسمەت تۇپەيلىدىن موھتاجلىق ئىلكىدە بويۇن قىسقانلارغا ئاتايدۇ، مانا بۇ مەۋجۇتلۇق.

▲ مەقسەت- مۇددىئاسى رەزىل ۋاستە ئارقىلىق ئىشقا ئاشقان كىشىنىڭ يېنىدا ئىتمۇ ماڭمايدۇ.

▲ بىچارىنىڭ ئۇنلۇك يىغلىغىنى ئەتراپتىكى ئادەملەرنى تەسىرلەندۈرسە، ئاقىلنىڭ ئىچىگە تىنىپ ھەسرەتلىك نالە قىلىشى قەلبلەرنى تىترىتىدۇ.

▲ سائەت ئىستىرېلكىسىنىڭ ھەر بىر تىلىنىڭ مىدىرلىشى ھاياتنىڭ قەدەممۇ قەدەم قىسقىراۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

▲ روھىي زەئىپلىك كۆرۈنمەس لەھەت، چۈمۈلىنىڭ ئۈمىدۋارلىقىدىن ئۈگەن.

**ـــ ئابلەتجان قادىر**

ئاپتور: قەشقەر يېڭىسار ناھىيەلىك ئىختىساسلىقلار ئوتتۇرا مەكتەپىدىن

## تەپەككۇر تېز سىزمىلىرى

▲ چوڭلارنىڭ كەچۈرمىشلىرى ئادەمنى ئويلاندۇرىدۇ، ياشلارنىڭ ئىزدىنىشلىرى ئادەمنى ئىلھاملاندۇرىدۇ.

▲ مۇسابىقىدە ئۇتسا نەتىجە، ئۇتتۇرسا تەجرىبە دەپ قارىغۇلۇق.

▲ ئۆلگە ئۇنسىز تەسىر كۆرسىتىدۇ. (ئۆلگە ئەڭ ياخشى تەربىيە).

▲ نىشانى ئېنىق ئەمەسلەرنىڭ ھايات يولىمۇ قاراڭغۇ بولىدۇ.

▲ قىزغىنلىق مۇھىم، ئەمما ئىزچىللىق ئۇنىڭدىن مۇھىم.

▲ خاتا تەربىيە ـــ قاتىللىقتىن يامان.

▲ ئۇنۇمدار كىشىلەرنىڭ ئىشى ۋاقتىدىن كۆپ.

▲ قېلىپلاشقان تۇرمۇش پەقەت مېخانىك مەۋجۇتلۇقتىن ئىبارەت.

▲ ھاياتنىڭ گۈزەللىكى ئۇنىڭ رەڭدارلىقىدا.

▲ مەسئۇلىيەت ـــ ئىشەنچكە ئېرىشتۈرىدۇ.

▲ كىتاب ئوقۇشتا سۈرئەتكە قارىغاندا ئۈنۈم مۇھىم، بولۇپمۇ ئىلمىي ئەسەرلەردە.

▲ تەپەككۇر ئۆز جامىسىنى بايقاش جەريانى.

▲ ئىمكانىيەت بار، ئەمما ئىنتىلىش بولمىسا يەنىلا نەتىجە چىقمايدۇ.

▲ قۇياشقا (نۇرغا) يۈزلەنسىڭىز قاراڭغۇدىن يىراق تۇرىسىز.

▲ ئادەمدە ئارتۇقچىلىقنىڭ بولۇشى مۇھىم، ئەمما ئۇنى قېزىپ چىقىرىش ئەڭ مۇھىم.

▲ ھەر بىر ئادەم «ئويقۇدا ياتقان گىگانت ئادەم»، ئەمما ئويغانمىسا قەددىنى رۇسلىيالمايدۇ.

▲ ئاقىل ئوڭۇشسىزلىقتىنمۇ نەپ ئالالايدۇ، غاپىل بەخت ئىچىدە تۇرۇپمۇ ئۆزىنى بەختسىز ھېسابلايدۇ.

▲ ئادەمنىڭ ئەستە ساقلاش ئىقتىدارىغا قارىغاندا ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى مۇھىم.

▲ ئادەم ئارتۇقچىلىقى ئارقىلىق مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشكە، سەۋەنلىكى بىلەن ئەپۇغا موھتاج.

▲ مەسئۇلىيەتچان ئادەملەردە مۇۋاپىق ئىنچىكىلىك بولىدۇ، ئەمما زىيادە زېغىرلاش بولمايدۇ.

▲ زىيادە ئالقىش ـــ غەرەزلىك خۇشامەت.

▲ ياخشى تەنبىھ ھۆرمەتكە، ساختا مەدھىيە ھاقارەتكە تەڭ.

▲ بىغەملىك — مەسئۇلىيەتتىن يىراقلاشتۇرىدۇ.

▲ ساختىپەز مەنپەئەتنى دەپ مەجبۇرىيەتتىن قاچىدۇ، ياخشى ئادەم مەجبۇرىيەتنى دەپ مەنپەئەتتىن كېچەلەيدۇ.

▲ قەتئىيلىككە تىرىشىپ كۆڭگىلى بولماسلىقى مۇمكىن، ئەمما ئادەتلىنىپ كۆڭگىلى بولىدۇ.

▲ ساختىلىقنىڭ ئىلمىگە ئارىلىشىشى ساختا دورىنىڭ بازارغا كىرىشىدىنمۇ خەتەرلىك.

▲ ياخشىلىقنىڭ جان پىدا ئەزىمەتلىرىنى ھەقىقىي ئادەم دېگۈلۈك.

▲ ئەيىبى بار ئادەمگە قارىغاندا ئەخلاقسىز ئادەم نەچچە ھەسسە خەتەرلىك.

▲ ئېتىقاد — روھىي ساغلاملىققا يېتەكلەيدۇ.

▲ قەھرىمانىنىڭ ئاقىلانە تاللىشى بىر مىللەتنى قۇتقۇزۇۋېلىشى مۇمكىن، ئەمما ئەجەللىك خاتالىقى بىر مىللەتنى ۋەيران قىلالايدۇ.

▲ ھەسەت — قەلب كېسەللىكى، نادانلىق — يۈرەك جاراھىتى.

▲ نادان ئادەم پەقەت ئەخمەقلىقنىلا «جايىدا» قىلىدۇ.

— ئابلەت روزى

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە بارىن بازىرى يېڭى ئۆستەڭبويى كەنت 2-ئەترەتتە

## يېشىل كەنتتىكى خىياللار

▲ ھۇرۇنلارنىڭ قولىدا تېرىلغان زىرائەتنىڭ دېنى پۇش، غېرىبلارنىڭ پۇلىدا سېلىنغان ئىمارەتنىڭ ئۇلى بوش بولىدۇ.

▲ كۆپ ئاغرىغان ئادەم تېۋىپ-دوختۇر، كۆپ ئۇخلىغان غېرىب-يوقسۇل بولۇر.

▲ تۇغقىنىڭنىڭ ئوغلىغا قىزىڭنى، دۈشمىنىڭنىڭ دوستىغا سىرىڭنى بەرمە.

▲ بىمارنىڭ يېنىدا ئۆلۈكنىڭ، تائامنىڭ ئالدىدا قۇسۇقنىڭ گېپىنى قىلما.

▲ ئۆردەكنىڭ تېشىپ كەتكەن دەريا بىلەن، ئەخمەقنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن يىللار بىلەن كارى يوق.

▲ قوراي باش تارتىپ ئاش بولماس، موماي ھال تارتىپ ياش بولماس.

▲ يىلاننى بىلىق، دۈشمەننى كىچىك چاغلىما.

▲ پىخسىق بايدىن رىزىق، سېسىق كۆلدىن بېلىق چىقماس.

▲ ئۇزاق يىل چىداشقا تاش، ئۇزۇن يول مېڭىشقا ياش ياخشى.

▲ تېنىڭدا كۈچ بولمىسا پالۋاننىڭ بېلىنى، يېنىڭدا پۇل بولمىسا باققالنىڭ مېلىنى تۇتما.

▲ يەسلىدىكى چىرماش بالاڭنىڭ بەختىنى، ئۆيىدىكى ئاقباش ئاناڭنىڭ ھەققىنى ئۇنتۇما.

▲ يامانغا سۈكۈت قىلغانلىق، چىۋىنگە كەمپۈت بەرگەنلىك.

▲ كۆزىدە ياش بار ئاجىزلار بىلەن نەپ، قولىدا تاش بار جاھىللار بىلەن گەپ تالاشما.

▲ قىزلار ئۇزۇن چېچى بىلەن زىننەتلىك، تاغلار يوغان تېشى بىلەن ھەيۋەتلىك كۆرۈنەر.

▲ ئاغزىڭدىكى چىشىڭنى يوقاتقان دۆتلۈكۈڭ بىلەن ئامبۇر، خامىنىڭدىكى ئېشىڭنى يوقاتقان بوشلۇقۇڭ بىلەن يامغۇر.

▲ ھوسۇللۇق يەرنى تېرىغۇچىلار، غورۇرلۇق ئەرنى قوللىغۇچىلار تولا.

▲ ئەلنىڭ ھۆرمەتلىكى جامائەتتىن، يەرنىڭ مۇنبەتلىكى زىرائەتتىن بىلىنىدۇ.

▲ ئاقىل كۆپ يەردە مېھىر-ۋاپا-مۇھەببەت، غاپىل كۆپ يەردە جەبىر-جاپا-مۇشەققەت تولا بولىدۇ.

▲ يامانىنى ئايىغانلىق، ياخشىنى خارلىغانلىق.

▲ ئالىمى يوق ئەل، ئورمىنى يوق چۆل.

▲ ساۋاتسىز گول نادانلارنىڭ چىقىمى، ھاياسىز تۇل-چوكانلارنىڭ گىرىمى تولا.

▲ ھۇرۇنلار تولا يەردە تىلەمچى — غېرىبلار، نادانلار تولا ئەلدە ئالدامچى تېۋىپلار تولا.

— تۇردى ئالاۋۇش

ئاپتور: كۇچا ناھىيە خانىقتام يېزا چېمەن كەنتىدە

## تۇرمۇش چۇچۇكلىرىدىن تەرمىلەر

▲ نادانلىق بىناسىغا جەم بولغان مۇھەببەتسىز نىكاھ مۇناسىۋىتىدە — ئەرلەر ئايالىنى «مۈلۈك» ھېسابىدا كۆرىدۇ، ئاياللار ئېرىنى «ئۆلۈك» ھېسابىدا كۆرىدۇ.

▲ كىشى ئۆچۈن پۇشايمان — ئازابلىق مەغلۇبىيەتنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بېرەلمىسىمۇ، ئەمما تۇرمۇشنىڭ چۇچۇكلىرىدىن، كېيىنكى قەدەمنى ئېھتىيات بىلەن مېڭىشنىڭ زۆرۈرلۈكىدىن بىر ئۆمۈر يەتكۈدەك ساۋاق بېرىدۇ.

▲ ئىنسانىنىڭ ئەڭ چوڭ ئاجىزلىقى — ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىغا ئىشەنمەي، باشقىلارغا ئىشىنىش، باشقىلاردىن تەسەللى تېپىش، خۇشاللىق ئىزدەش، بەخت ئىزدەشتىن ئىبارەت خام خىيال تاماسىدا بولۇشتۇر.

▲ نادانىنىڭ دوستى بولغىچە، دۈشمەنىنىڭ دوستى بول.

▲ مۇھەببەتسىز نىكاھ «تاسادىپىي يامغۇر يېغىپ» قالسا «ياشىرىپ» قالىدىغان؛ «يامغۇر توختىغان» ھامان سولىشىپ قۇرۇپ كېتىدىغان ئوت ـ چۆپكىلا ئوخشايدۇ.

▲ ئاۋامنىڭ نەزەرىدە ئەيىب نۇقسانلىرى كۆپ ئادەم — بىر بولسا ناھايىتى بىچارە يېتىم ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ، بىر بولسا ناھايىتى بىشەملىشىپ كېتىدۇ.

▲ مېھماندارچىلىقتا بارغىنىڭىزدا، ساھىبخانىنىڭ قولىدىن بىر پىيالە چاي ئىچسىڭىز ئىززەتلەنگەنلىكىڭىز، ئىككى پىيالە چاي ئىچسىڭىز ئۇسسۇزلۇقىڭىزنى قاندۇرغىنىڭىز، ئۈچ پىيالە چاي ئىچسىڭىز، ساھىبخان: «ئىشەكنى سۇغاردىم» دەپ چۈشىنىپ قالىدۇ.

▲ نادانىنى ئىشقا بۇيرۇپ كۆڭۈلسىزلىك تاپقۇچە، نادانىنىڭ ئىشىنى قىل.

▲ باشقىلارنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى كوچىلماي ئۆزىڭىزنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى كوچىلاڭ، شۇندىلا سىز «سىز» بولالايسىز.

**— ماخمۇت ئەخمەت ھۆقايىت**

ئاپتور: لوپ ناھىيە ھاڭگىيا يېزا 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ پېنسىيونېرى

### تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ ئۆزۈڭنى ياخشى چاغلىساڭ، ساڭا ئىشىنىدىغانلارنىڭ، باشقىلارنى ياخشى چاغلىساڭ، سەن ئىشىنىدىغانلارنىڭ سانىنى ئېلىپ باق.

▲ جاپادىن قورققان ھارامدىن قورقماس.

▲ كۆنگەن خۇي، مىنگەن ئۈي.

▲ ياخشى قوشناڭ قەرزىڭنى، يامان قوشناڭ ئۆشرەڭنى سورار.

▲ ئۆششاق بالا بىلەن تەڭ بولغان كۆلكىگە قالىدۇ، ئۆششۆق ئادەم بىلەن تەڭ بولغان ئۆلۈمگە.

▲ باتۇر يول باشلايدۇ، قورقۇنچاق باش قاشلايدۇ.

▲ بىرى مەينەت، يەنە بىرى ئىسراپچىلىق كۆپ يۇرتتا چاشقان كۆپ بولىدۇ.

▲ ئالدى ـ كەينىگە تولا ماڭغان ئادەمنىڭ قولىدىن چوڭ ئىش كەلمەيدۇ.

▲ «خەقتىن نەرىمىز كەم» دېگۈچىلەر بىر بولسا جاسارەتلىك، بىر بولسا ئۆچىغا چىققان نادانلاردۇر.

▲ گېپىڭنى يۇتۇپ، ئىشىڭنى پۈتتۈرۈپ ياشا.

▲ يول ياسىيالىغان ھەممە نېمىنى ياسىيالايدۇ، يول بۇزغان ھەرقانداق ئىشنى بۇزالايدۇ.

▲ يول ياسالسا يۇرت كۆپىيەر، يول بۇزۇلسا قۇرت.

▲ يولنى كىم ياسىغان بولسا، يۇرت شۇنىڭ ئىلكىدە.

▲ ئىككى يىگىتنىڭ ئارىسىدا يۈرگەن قىزنىڭ يۈزى، ئىككى قىزنىڭ ئارىسىدا يۈرگەن يىگىتنىڭ تۆشى ئاسان ئېچىلىپ كېتەر.

▲ ساپ نىيەت كىشىلەر ئەل ـ جامائەتنىڭ، بەتنىيەت كىشىلەر گۇرۇھۋازلىقنىڭ گېپىنى كۆپ قىلار.

▲ ئەڭ سەممىي ئادەم — ئەڭ گۈزەل ئادەم.

▲ ساپ نىيەت كىشى قوغداشقا، بەتنىيەت كىشى بۇزۇشقا ماھىر.

▲ پۇتاقسىز دەرەخكە چىقماق تەس، مەۋقەسىز ئادەم بىلەن چىقىشماق تەس.

▲ خوتۇن كىشى ئەقلىدىن كەتسە چېچىنى بولۇشىغا كېسەر، ئەر كىشى ئەقلىدىن كەتسە چېچىنى بولۇشىغا قويار.

▲ ياشلارنىڭ چىرايى، ياشانغانلارنىڭ قەلبى نۇرلۇق.

▲ ئوۋچى ئوۋغا، پوچى غوۋغاغا ئامراق.

▲ گەپتە تۇرمىغان سەپتە تۇرالماس.

▲ گەپ توشۇغۇچى — ئوغا ياسىغۇچى، گەپ سورىغۇچى — ئورا كولىغۇچى.

▲ سۇرى يوقنىڭ سۈلتى، تەرى يوقنىڭ دۆلتى يوق.

▲ ئاچچىق يۇتۇش — زەھەر يۇتۇش، خۇشال بولۇش — ھەسەل يۇتۇش.

▲ ئابدال ئۈستىرىسىدىن، باققال سېۋىتىدىن بىلىنەر.

▲ قالتىس ئادەمنىڭ ئۆلۈكى، يارىماس ئادەمنىڭ قولى تولا.

▲ ئىككى ئادەمنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان بىر يولنى ئىككى ماڭار.

▲ ئوغرى قولىدىكىنى ئېلىشقا ساتار.

▲ بەگ ـ غوجامنىڭ يارمىقى كۆپەيسە، ئاۋام ـ خەلقنىڭ يامىقى كۆپىيىدۇ.

▲ ئەينەكسىز ئايالنىڭ تارغىقى، ئەمگەكسىز ئەرنىڭ تاغىرى بولماس.

▲ بالىۋاقنىڭ جازاسى ئاتىسىزلىق، ئاتا ـ ئانىنىڭ جا ـ

زاسى بالىسىزلىق.

▲ ئەقىللىق جانىۋار ئاياغ ئىزى بار يەردە رىزىق ئىز-دىمەس.

▲ تارىختىن ساۋاق شۇكى، دۈشمەننىڭ بېشىدىكى قالپاق قانچە چوڭ بولسا قارىغا ئالماق شۇنچە ئاسان.

▲ باشلىنىش قانداق بولسا ئاخىرلىشىشمۇ شۇنداق بولار.

▲ ئىنساب ياخشىلىقنى چىللار، ئىختىلاپ يامانلىقنى.

▲ كەپتەر بار ئېغىلدا تور بولماس.

▲ پېشانىسىنى تۈرگەننىڭ سوئالى، مۇشتىنى تۈرگەن-نىڭ خاپىلىقى تولا.

▲ «چاي» ئوينىغان خوتۇننىڭ ئۆيىدە چاي يوق، چاي ئوينىغان ئەر كىشىنىڭ سۆزىدە چەك يوق.

▲ ماختانچاقتا هايا، ماختىنىغاندا ۋاپا يوق.

▲ يالغان سۆزلەش — ئۇزاققا يۈگۈرۈش.

▲ ئۆزىنى سۆيۈپ ياشىغان ئادەم، باشقىلارنى سۆيۈپ ياشىغان ئەۋلىيا بولار.

▲ هاۋانى ساپلاشتۇرغان قار - يامغۇر، ئادەمنى ساپ-لاشتۇرغان ئوي - پىكىر.

▲ چىشىڭنى چوتكىلاشنى خالىمىساڭ، يۇلدۇرۇشقا تەييارلىق قىلىپ قوي.

▲ ئەرلەر بىرى ئورۇشتا، بىرى خوتۇنغا كەلگەندە بە-لىنىدۇ.

▲ هاۋايى - هەۋەسكە ئامراق ئەرلەردە هەق - ناهەق تۇيغۇسى بولمايدۇ.

▲ كۆپ ئەمگەككە قاتناشقان ئەرنىڭ بەللىرى بىجە-رىم، كۆپ خوتۇن ئالغان ئەرنىڭ باللىرى يېتىم.

▲ هويلىدىن يىراق يەردە ئۆسكەن دەرەخ مېۋىگە كىرمەس، مېۋىگە كىرسىمۇ ئېغىزغا كىرمەس.

▲ داستىخاندا ئەدەپ بىلەن ئولتۇرالىغان بالا جەمئى-يەتتە بېشىنى كۆتۈرۈپ يۈرەلەيدۇ.

▲ نادان تون كىيىشكە ئالدىرار، ئاقىل تون كىيگۈ-زۈشكە.

▲ نادانغا هوقۇق تەگسە يېقىنلىرىغا يېنىنى قىلار، ئا-قىلغا هوقۇق تەگسە يېقىنلىرىغا بېشىنى ئېگەر.

▲ ئاجىزلارنىڭ كۈچى ئاغزىدا، كۈچلۈكلەرنىڭ كۈچى كاللىسىدا بولىدۇ.

▲ يات — كۆندۈرۈلمىگەن ياۋا ئات.

▲ توي قىلغۇسى بار يىگىت لايىقىنى قوغداشقا، توي قىلغۇسى يوق يىگىت لايىقىنى بۇزۇشقا ئالدىرار.

▲ ئادەم بىرى لايىقى بار يۇرتنىڭ ئادەملىرى بىلەن، يەنە بىرى لايىقى توي قىلغان يۇرتنىڭ ئادەملىرى بىلەن پاراڭ سېلىشقا ئامراق.

▲ ئەقلى بار دۈشمەننى دوست قىلۇر، ئەقلى يوق دوستنى دۈشمەن.

▲ ساتىراشنىڭ قولى يۇمشاق، باققالنىڭ ئاغزى.

▲ ئەل قوينىدا يۈرگەن يىگىت بوز بولۇر، خوتۇن قوينىدا يۈرگەن يىگىت توڭگۇز بولۇر.

▲ بويتاقنىڭ يېپىنچىسى يوق.

▲ كۆزى كىچىكنىڭ قولىغا پىچاق چىقسا ئۆز قولىنى كېسەر.

▲ ئاياللارنى قورقۇنچاق دېيىشتىن بۇرۇن ئۇلارنىڭ ئۈچىسىغا قاراپ باق، ئەرلەرنى باتۇر دېيىشتىن بۇرۇن ئۇلارنىڭ تۇتقان يولىغا قاراپ باق.

▲ مۇهتى ئەمەس، مومىيى «گۈزەل» يۇرت هەققىي گۈزەل يۇرتتۇر.

**— ئابدۇغېنى توختى توغرۇلتېكىن**

ئاپتور: ئۈرۈمچى «توغرۇلتېكىن» كىتابخانىسىدا

## خىيال بوستانلىرى

▲ ئىنسان ئۆگىنىشنى ئىنچىل داۋاملاشتۇرغانسېرى، بىلمەيدىغانلىرىنىڭ نەقەدەر كۆپ ئىكەنلىكىنى هېس قىلىدۇ.

▲ ئەگەر سەن قانچىكى ئېگىزدە تۇرساڭ، شۇنچىكى يىراقنى كۆرەلەيسەن.

▲ مۇۋەپپەقىيەتنىڭ بىر ئۇچى يۇقىرىدا، بىر ئۇچى تۆ-ۋەندە. شۇڭا نەتىجە قازانماقچى بولساڭ هەر ئىككىسىگە سەل قارىما.

▲ ئادەم پۇلنىڭ قولىغا ئايلانغانسېرى، خالىس ئەم-گەكتىن شۇنچە يىراقلىشىدۇ.

▲ ئىلمىي ئەمگەك قانچىكى يۇكسەلگەن مىللەتنىڭ كەلگۈسى شۇنچە روناق تاپىدۇ.

▲ يۈزەكى ئالغان بىلىم ئادەمنى ئويغاتسا، مۇكەممەل ئالغان بىلىم ئادەمنى ئۇخلاتمايدۇ.

▲ جىسمانىي ئەمگەكنىڭ جاپاسىدىن، ئەقلىي ئەمگەك-نىڭ جاپاسى يامان.

▲ ئادەم بىمەنە ئىشلارنىڭ قولىغا ئايلانغاندا، ئۆز-نىڭ كىملىكىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ.

▲ هوقۇق نادانىنىڭ قولىغا قالسا، پۇقراغا زىيان-

زەخمەت كۆپ بولىدۇ.

▲ مەلۇم جەھەتتىن دۇنيا قاراش ۋە قىممەت قاراشقا ئىگە ئىزباسارلار يېتىشىپ چىققان مائارىپ، مەڭگۈ ئىنسانىيەتنىڭ ئۈچمەس چىرىغىدۇر.

▲ ھايات ئۇلۇغ! ھاياتنى سۆيگەنلەر تېخىمۇ ئۇلۇغ، ئاشۇ ئۇلۇغلۇق ئىچىدىن بىر تامچە سۇ ئىزدىگەنلەر، سۇ ئىزدىگەنلەر ئىچىدىن بىر تامچە سۇ ئىچكەنلەر تېخىمۇ ئۇلۇغدۇر.

▲ «مەن سېنى سۆيىمەن» دېيىش ئاسان، لېكىن «سەن مېنى سۆيەمسەن» دېيىش تولىمۇ تەستۇر.

▲ ئون گادايىنىڭ بولغىنىدىن، بىر بايىنىڭ بولغىنى ئەۋزەلدۇر.

▲ بۆرىنىڭ ھۇۋلىغىنىدىن، تۈلكىنىڭ ھىجايغىنى خەتەرلىك.

▲ قەلبتىن چىقمىغان سۆزنىڭ، ئەزەلدىن ئىختىلابى كۆپ بولىدۇ.

▲ سېنىڭ باشقىلارنى ئالدىغىنىڭ، ئەمەلىيەتتە ئۆزۈڭنى ئالدىغىنىڭدىن دېرەك بېرىدۇ.

▲ باشقۇرۇشنىڭ قولىغا ئايلىنىپ قالغان باشلىق، ھەققىي ئىختىساسلىقلارنى بايقىيالمايدۇ.

▲ شەخسىي مەنپەئەت ئەۋج ئالغان جەمئىيەتتە، كىردىزىس شۇنچە كۆپ بولىدۇ.

▲ مۇھەببەت بولسۇن گويا سۈزۈك ئېقىندەك، ئۇ ھەرگىزمۇ ياۋا ئېرىقلاردىكى لاي- لاتقىلارغا ئوخشاپ قالمىسۇن.

▲ ئەگەر سەن قۇشنى كۆككە قويۇۋەتسەڭ، ئۇ تېخىمۇ ئېگىز ئۇچۇشنى ھەم مەغرۇر قانات قېقىشنى ئۆگىنىدۇ.

▲ زىيالىيلىرى كامالەتكە يەتكەن مىللەتتىن، ئالىم ۋە مۇتەخەسسىس كۆپ چىقىدۇ.

▲ پەرزەنتلەرنى يارامىلىق تەربىيەلەش ئۈچۈن، ئانىلاردا بىلىم ۋە ساپا، دادىلاردا ئىقتىساد ۋە ۋاپا بولۇشى كېرەك.

▲ ۋاقىت بەزىدە كاتتا غوجايىن، بەزىدە ئادەتتىكى بىر مالاي، شۇڭلاشقا سەن ئۇنى ھەر دائىم جېنىڭدىنمۇ ئەزىز كۆر.

— روزىمەمەت نىزام

ئاپتور: خوتەن ناھىيە بېيجىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە

## قەلب چېچەكلىرى

▲ ئالدى ھەم ئارقاڭدا جاپالىق داۋان، بوپقالسا قاق-شىماي، بەلكى پايدىلان.

— ئابلىز ئوبۇلخەيرى (مەرپەت)

ئاپتور: لوپ ناھىيە دول يېزا مازار ئۆستەڭ كەنتى 143 - قورۇدا

## قەلب خاتىرەمدىن

▲ ھەرقانچە ئالىم بولسىمۇ، نومۇسسىز بولسا ئادەم ئاتاشقا ئەرزىمەيدۇ.

▲ نومۇسنى يوقاتقان ئادەمنىڭ ئەخلاق - پەزىلەتتىن گەپ قىلىشى تېخىمۇ نومۇسسىزلىقتۇر، نومۇس قەلب قەسرىدە پىنھاندۇر.

▲ نومۇس ئادەمنى ياخشى يولغا ئۈندەيدۇ.

▲ نومۇسسىز ياشاشنىڭ مەنىسى ۋە مەزمۇنىمۇ بولمايدۇ.

▲ نومۇس ئادەم تۇغۇلۇشى بىلەن تەڭ تۇغۇلىدۇ.

▲ نومۇس ئەقلىي كۈچى تەرىپىدىن مەھرۇم بولسا، ھاياتىي كۈچىنى يوقىتىدۇ.

▲ نومۇس ئىنسانىنىڭ تاكامۇللىشىشىغا ئەگىشىپ تاكامۇللىشىدۇ.

▲ نومۇس ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى نازۇك گۆھەرگە ئوخشايدۇ.

▲ بىر قېتىم تۆكۈلگەن نومۇسنى بىر ئۆمۈر ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدۇ.

▲ نومۇسنى ئارىيەت ئالغىلى بولمايدۇ.

▲ كىشىلەردىكى نومۇسنىڭ ئاجىز ۋە كۈچلۈكلۈك پەرقى بولىدۇ.

▲ ئادەمنىڭ قىزىرىشى يۈرەكتىكى داغنى سىيرىۋېتىدۇ.

▲ نومۇس بولسىلا ئەقلىمۇ ئۆزىنىڭ كۈچىنى كۆرسىتەلەيدۇ.

▲ ئەخلاق بۇزۇلغان جايدا شەھۋەتخورلۇق ئەۋج ئالغان بولىدۇ.

▲ ئۈمىد بىلەن خام خىيال ئوخشىمايدۇ.

▲ ھايا ئەدەپ - ئەخلاقنىڭ ئاساسىدۇر.

▲ ھايالىق كىشىلەر قانچىلىك نامرات بولسىمۇ، ئادەملەرنىڭ ئالدىدا ھۆرمىتى بولىدۇ.

▲ غەيۋەت ھەسەتتىن تۇغۇلىدۇ.

— نۇرمۇھەممەد ئىمىن روزى

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيەلىك «نۇرمۇھەممەد سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەركىزى»دە



غالىب بارات ئەرك

# مىرسۇلتان ئوسمانوۋ:

# ئانا تىلغا تەسەددۇق ھايات

خەلقنىڭ بارلىقى ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن ۋەتىنى تىلىدا گەۋدىلىنىدۇ... تىل خەلقنىڭ ئۆتمۈشى، ھازىرى ھەم كېلەچىكى. تىل ئەۋلادلارنى مۇستەھكەم بىر پۈتۈنلۈككە، تارىخىيلىق ۋە جانلىقلىق جەھەتتە جىپسىلىققا ئايلاندۇرغۇچى ئەڭ ھاياتىي، ئەڭ باي، ئەڭ مۇستەھكەم ۋاستىدۇر. — ك. د. ئۇشىنسكىي

تىل مىليونلىغان ئەجدادلار تەرىپىدىن يارىتىلغان تىرىك جاندۇر. تىل مىللەتنىڭ قەلبى، تىل غايە، تەپەككۇرنىڭ جانلىق مۇجەسسەمىدۇر.

— ئا. ن. تولستوي

تىل مىللەت مەۋجۇتلۇقىنىڭ يىلتىزى. ئانا تىلنى ئۆگىنىش ۋە قوللىنىش، راۋاجلاندۇرۇش، ئەنە شۇ تىل ئارقىلىق تىلى چىققان ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى، بۇرچى، شۇنداقلا ئانا تىل ئالدىدىكى قەرزى. بىر گېرمان ئالىمى شۇنداق دەيدۇ: «بىر مىللەتنىڭ تىلى شۇ مىللەتنىڭ روھى، بىر مىللەتنىڭ روھى شۇ مىللەتنىڭ تىلىدۇر». ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق ئالىمى لو چاڭپېي «تىل - يېزىق بىر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھىرى. مۇشۇ مىللەت ئەنئەنىۋى (كىلاسسىك) مەدەنىيىتى مانا مۇشۇ تىل - يېزىق ئارقىلىق مەدەنىيلىك دەۋرىگە يېتىپ كەلگەن. كەلگۈسىدىكى مەدەنىيەتمۇ شۇنىڭغا تايىنىدۇ» دېگەن. ئۇيغۇر تىلى ئۇزاق تارىخنى باشتىن كەچۈرۈپ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلدى. ئورخۇن - يېنسەي ۋادىسىدىكى مەڭگۈ تاش پۈتۈكلىرىدىن ھېسابلىغاندىمۇ، ئاز بولمىغان مىللەتسۆيەرلەر ئانا تىلىمىزنىڭ ساپلىقى، مەۋجۇتلۇقى، راۋاجلىنىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇپ كەلگەن. 11 - ئەسىردىكى بۈيۈك ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىدىكى ئاتتەك چېپىپ كېتىۋاتقان ئانا تىلىنىڭ ئۇتۇقى ئۈچۈن مېھنەت قىلىپ، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تەك مەڭگۈلۈك ئابىدىنى بارلىققا كەلتۈرگەندى. مەھمۇد كاشغەرىي بىلەن دەۋرداش گىگانت، مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق بىباھا ئەسىرى بىلەن مەڭگۈلۈك بىر ماياك قالدۇرغاندى. 16 - ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك شائىر

**تىل مەدەنىيىتى دالاسىدا**

ئەلشىر نەۋايى «خەمسە»، «چاھار دىۋان» قاتارلىق ئەسەرلىرى بىلەن تىلىمىزنىڭ يۈكسەك پەللىسىنى يارىتىش بىلەن بىللە، «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» ناملىق ئەسەرى بىلەن «ئەرەب تىلى ھەسەلگە ئوخشايدۇ، پارس تىلى شېكەرگە ئوخشايدۇ» قارىشىغا «تۈركىي ھۈنەرەست» قارىشىنى قوشۇپ، پارسكۈيلىقتىن تۈركگۈيلىققا يەنى ئۇيغۇر تىلىنى قەدىرلەشكە يول ئاچقانىدى. ئانا تىلىنىڭ ساپلىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىغان سېڭقۇسەلى تۇتۇڭ، مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈف خاس ھاجىب، ناسىرىددىن رابغۇزى، ئەلشىر نەۋايى، ئابدۇرېھىم نىزارىيلارنى تىلغا ئېلىش بىلەن بىللە، «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى» (توغرىسى «ئۇيغۇر مەھكىمىسى سۆزلۈكى»)، چۈنكى، ئەسەردە «گاۋچاڭ» سۆزىگە «ئۇيغۇر» دەپ ئىزاھات بېرىلگەن) ۋە «مانجۇچە بەش تىللىق لۇغەت»... قاتارلىق بىر قاتار ئەسەرلەرنى تۈزۈشكە قاتناشقان نام - شەرىپى ئۇنتۇلغان كىشىلەرنى، 9 - ئەسىردىكى ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە لۇغەتنىڭ تۈزگۈچىلىرىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئۈچۈن ئىشلەنگەن كۆپلىگەن لۇغەتلەرنىڭ مېھنەتكارلىرىنىمۇ ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك. 20 - ئەسىردىن بۇيان، بولۇپمۇ 1980 - يىللىرىدىن كېيىن، تىل - يېزىق خىزمىتىمىزدە زور ئۇتۇقلار قولغا كەلدى. بۇ جەرياندا نەچچە يۈز توم لۇغەتلەر ئىشلەندى، توم - توم كىلاسسىك ئەسەرلەر نەشر قىلىندى. مانا بۇ شانلىق ئۇتۇقلارغا «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى»، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز لۇغىتى»، «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە لۇغەت»، «ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە لۇغەت»، «چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» نىڭ ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە نەشرلىرى... قاتارلىق ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى، زور ھەجىملىك ئەسەرلەرنى پەخىرلىنىش ھېسسىياتىمىز بىلەن تىلغا ئالىمىز. شانلىق ئۇتۇقلار ئاسان قولغا كەلگەن ئەمەس، بۇ ئۇتۇقلار تىلشۇناسلىرىمىزنىڭ داۋراڭسىز، مىننەتسىز مېھنىتىنىڭ مەھسۇلى، ئەلۋەتتە. ئانا تىلىمىزنىڭ ساپلىقى، مۇكەممەللىكى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن مېھنەت قىلىۋاتقان ئالىملىرىمىز ئىچىدە، ئانا تىل ئالدىدىكى مۇقەددەس بۇرچىنى ئادا قىلىش يولىدا جان تەسەددۇق قىلىۋاتقان بىر ئالىم بار، ئۇ بولسىمۇ تەتقىقاتچى مىرسۇلتان ئوسمانوف ئاكىدۇر.

مىرسۇلتان ئوسمانوف ئاكا 1929 - يىلى 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ياركەنت شەھەرى ئاقكەنت يېزىسىدا، ئاتا - بوۋىسى خوتەن قاراقاشلىق، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ئازنىباقى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1932 - يىلى مومىسى بىلەن بىللە غۇلجا شەھىرىگە كۆچۈپ كېلىپ نوغايتۇ يېزىسىغا ئورۇنلاشقان ۋە شۇ يەردە ئوقۇغان، 1935 - يىلدىن 1943 - يىلى باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە ئىلى گىمنازىيەدە ئوقۇغان. 1945 - يىلدىن 1951 - يىلغىچە گېزىتخانىدا نابورچىك، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ياشلار تەشكىلاتى ئورگىنىدا كاتىپ، ئورگان ژۇرنىلىدا كوررېكتور بولۇپ ئىشلىگەن. 1951 - يىلى بېيجىڭغا بېرىپ، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا بىلىم ئاشۇرغان. بىر يىلدىن ئارتۇق بىلىم ئاشۇرغاندىن كېيىن، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان ۋە خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارغا ئۇيغۇر تىلىدىن دەرس ئۆتكەن. ئۇ ئەنە شۇ يىللاردىن باشلاپ ئانا تىلنى چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشنى باشلىغان. 1957 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا قايتىپ كەلگەن ۋە 1965 - يىلغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە ئومۇمىي تىلشۇناسلىق دەرسلىرىنى ئۆتكەن. 1965 - يىلى ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتىغا يۆتكەلگەن ھەمدە 1980 - يىلىنىڭ ئاخىرغىچە مۇشۇ ئورۇندىكى تەتقىقات بۆلۈمىدە ئىزچىل ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1981 - يىلدىن 1989 - يىلغىچە ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا خىزمەت قىلغان. 1989 - يىلدىن 1992 - يىلى ئارامغا چىققىچە ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتىدا ئىشلىگەن. ئارامغا چىققان 1992 - يىلدىن 1997 - يىلغىچە يۇقىرىقى ئورۇندا تەكلىپ بىلەن داۋاملىق ئىشلىگەن.

ئالىم بىر ئۆمۈر تىرىشىپ ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق تۈرك - رۇنىك يېزىقى ۋە شۇ يېزىقتا خاتىرىلەنگەن تىل، قەدىمكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىل - يېزىقلىرىنى ئۆگەنگەن ھەمدە مۇشۇ يېزىقلاردىكى كىلاسسىك يازمىلارنى تەتقىق قىلغان. ياش

ۋاقىتلىرىدىن تارتىپلا تىل ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن خەنزۇ، قازاق ۋە تۈرك تىللىرىدىن بىمالال پايدىلىنالايدىغان سەۋىيەگە يەتكەن. 1960 - يىلى سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدا لېكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1983 - يىلى كاندىدات تەتقىقاتچى، 1987 - يىلى تەتقىقاتچى ئىلمىي ئۇنۋانى ئالغان. 1987 - يىلدىن 1989 - يىلغىچە ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. 1983 - يىلى ش ئۇ ئا ر بويىچە مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلانغان. 1988 - يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس بولۇپ باھالانغان. 1989 - يىلدىن 1994 - يىلغىچە ش ئۇ ئا ر بويىچە مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىسلەرنى باھالاش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1991 - يىلى «دۆلەت دەرىجىلىك تۆھپە قوشقان مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس» بولۇپ باھالىنىپ، ئالاھىدە تەميناتتىن بەھرىمەن بولغان. 2005 - يىلى قەشقەردە ئېچىلغان «مەھمۇد كاشغەرىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا توققۇز نەپەر ئالىم ۋە جامائەت ئەربابى بىلەن بىللە «دىۋانشۇناسلىقتىكى تۆھپىكار» شەرەپنامىسى بېرىلگەن. 2008 - يىلى 15 - دېكابىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكۈزۈلگەن «مەھمۇد كاشغەرىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا مەرھۇم ئالىم ئىمىن تۇرسۇن بىلەن «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»نى نەشرگە تەييارلاش ئىشلىرى، تىلىمىز ئۈچۈن ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلىرى ھۆرمىتى ئۈچۈن تون كىيدۈرۈلگەن. 2011 - يىلى 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «ئەلشىر نەۋايى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 570 يىللىقىنى خاتىرىلەش خەلقئارالىق مۇھاكىمە يىغىنى»دا «نەۋايىشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى گەۋدىلىك تۆھپىسى ئۈچۈن»، نەۋايى ئەسەرلىرىنى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغان تەرجىمان جاڭ خۇڭچاۋ بىلەن بىرلىكتە مۇكاپاتلانغان. 2013 - يىلى (15 - ئىيۇن) شىنجاڭ «مۇئەللىم» ئېلېكترون پەن - تېخنىكا شىركىتى ئۈستىگە ئالغان ئانا تىلىمىز ئۈچۈن مېھنەت قىلغان تۆھپىكارلارنى تەقدىرلەشتە «ئۇستاز تىلشۇناس» بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلانغان. تۈركىيەدە ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان، تۆت يىلدا بىر قېتىم باھالىنىدىغان «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى شەرەپ مۇكاپاتى»نىڭ 5 - قېتىملىقى 2014 - يىلى 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تارقاتقان، بۇ قېتىم تۈركىي تىللارنىڭ تەتقىقاتىغا تۆھپە قوشقان مىرسۇلتان ئۇسمانوف؛ ۋېنگرىيەلىك دوكتور ئىمرە باسكى؛ قىرغىزىستانلىق كېنەش جۇسۇپوف؛ ياپونىيەلىك دوكتور، پىروفېسسور ماساھىرو شوگايتو؛ گېرمانىيەلىك دوكتور، پىروفېسسور پېتىر زېيم قاتارلىق بەش ئالىمنى تەقدىرلىگەن، تەتقىقاتچى مىرسۇلتان ئۇسمانوف ئاكىنىڭ ئۇيغۇر تىلى ئۈچۈن جان تەسەددۇق قىلىپ ئىشلىگەن بىر ئۆمۈرلۈك مېھنىتى خەلقئارا تىلشۇناسلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ، مۇشۇ قېتىمقى مۇكاپاتقا نائىل بولغان. 2015 - يىلى 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى كۆكمەن نەشرىياتى ئۇنىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 85 يىللىقىغا خاتىرە ۋە ئالاھىدە سوۋغا سۈپىتىدە «قەدىمكى تۈرك تىلىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغىچە» ناملىق ئىلمىي ماقالىلەر توپلامىنى نەشر قىلغان، بۇ توپلامغا جەمئىي 25 پارچە ماقالە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ خەلقئارادىكى داڭلىق تۈركولوگلاردىن كلاۋۇس رۆربورن، مارسېل ئېردال، مەھمەت ئۆلمەز، دايماتسو، ماتسۇمى سۇگاخارا، سېنمېن ياسۇشى، ئوسمان فىكرەت سەرتقايا، ئەرخان ئايدىن، خاقان ئايدەمىر قاتارلىقلارنىڭمۇ ئەسەرلىرى بار. مىرسۇلتان ئۇسمانوف ئاكا ھاياتىنى ئانا تىلىمىزنىڭ ساپلىقى، مۇكەممەللىكى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاتاپ، مىننەتسىز، داۋراڭسىز مېھنەت قىلغان تۆھپىكاردۇر.

### 1. تىل تەكشۈرۈش

ھەرقانداق تىل ئاۋۋال ئېغىز تىلى ھالىتىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن، كېيىن يېزىق پەيدا بولۇپ ساقلىنىش بوشلۇقى كېڭەيگەن، يېزىقنىڭ ئىجاد بولۇشىغا ئەگىشىپ ئەدەبىي تىل بارلىققا كەلگەن. ھەرقانداق بىر ئەدەبىي تىل ئېغىز تىلى ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ ھەمدە ئېغىز تىلىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ. ھەرقانداق بىر ئەدەبىي تىل ھەرگىزمۇ ئېغىز تىلىنىڭ ئەينەن خاتىرىسى ئەمەس، ئەدەبىي تىل ئېغىز تىلىنىڭ ئاساسىدا بارلىققا كەلسىمۇ، بارلىققا كەلگەندىن كېيىن نىسبەتەن مۇستەقىل تەرەققىي قىلىدۇ، ئەمما سۆزلۈك ۋە گرامماتىكىلىق قۇرۇلما جەھەتلەردىن ئاساسەن ئېغىز تىلى بىلەن بىردەك بولىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ تارىخىي دەۋرلەردىكى ھالىتىنى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى چۈشىنىش ئۈچۈن مەۋجۇت ئېغىز تىلىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش تولىمۇ

مۇھىم.

مىرسۇلتان ئوسمانوف ئاكىنىڭ پۈتۈن ئۆمرى ئانا تىل ئىشقىدا گۈلخاندەك يېنىپ ئۆتتى. 1955 - يىللىرىدىكى ئاشۇ جاپالىق شارائىت دەۋردىن باشلاپ، بۈيۈك ئەللامە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئىزىدىن مېڭىپ ئۇيغۇر تىلى دالالىرىنى، يېزا - قىشلاقلىرىنى ئايلىنىپ تىل تەكشۈرۈشكە باشلىغان. 1955 -، 1956 - يىللىرى دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ۋە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە مەملىكەت خاراكتېرلىك تىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغان. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتى، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىللىرى تەتقىقات ئورنى، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ۋە شىنجاڭدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىكى خادىملاردىن تەركىب تاپقاندى. شىنجاڭدا تىل تەكشۈرۈش ئەترىتى ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىللىرىنى ئىلگىرى - كېيىن ئىككى قېتىم (1 - قېتىمدا 1955 - يىلى 17 نۇقتىدا، 2 - قېتىمدا بىر يىلدەك ۋاقىت سەرپ قىلىنىپ 30 نۇقتىدا) تىل تەكشۈرۈپ مەنبە ماتېرىياللارغا ئېرىشكەن. ئۇ يۇقىرىقى خىزمەت ئەترىتىنىڭ 6 - گۇرۇپپىسىغا قاتنىشىپ، 1955 - يىلى يازدا قەشقەر شەھەر ئىچى، ئوپال يېزىسى، پەيزاۋات ناھىيەسىدە؛ 1956 - يىلى 8 - ئايدىن 1957 - يىلى 3 - ئايغىچە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ گۇما، قاراقاش، ئىلچى، لوپ، چىرا، نىيە، كېرىيە ناھىيەلىرىدە تىل تەكشۈرگەن ۋە تىل تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىنى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىغا تاپشۇرغان. ئۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن تىل تەكشۈرۈش ئىلتىماسى سۇنۇپ 1960 - يىلى 5 - ئايدىن 9 - ئايىنىڭ ئاخىرغىچە لوپنۇر ناھىيەسىنىڭ مىرسالى، كۆزلەك، تىكەنلىك (ھازىرقى دېھقانچىلىق 2 - شى 34 - تۇەن تۇرۇشلۇق ئورۇن) يېزىلىرىدا؛ چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ مىرەن ۋە يېڭىسۇ يېزىلىرىدا تىل تەكشۈرگەن، تىل ماتېرىياللىرى خاتىرىلەنگەن ۋە بىر يەشىككە قاچىلانغان قېلىن تۆت خاتىرىنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن، ئەمما بۇ ماتېرىياللار «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا يوقالغان. 1962 - يىلى 4 -، 5 - ئايلاردا ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز مەسىلىسىنى مەركەز قىلغان ھالدا، تۇرپاننىڭ ئاستانە يېزىسى ۋە ئۈرۈمچىدە؛ 1965 - يىلى 7 -، 8 - ئايلاردا ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتىنى تۈزۈشتە بەزى مەسىلىلەرنى ئېنىقلاش يۈزىسىدىن قەشقەرنىڭ شەھەر ئىچى ۋە خوتەن ئىلچىدا تىل تەكشۈرگەن. 1967 - يىلدىكى قازاق تىلىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىدە ئۈرۈمچى (نەنسەن)، ئىلى (كۈنەس)، ئالتاي رايونىدا يېتەكچى بولۇپ قاتناشقان، تىل ماتېرىياللىرىنى خاتىرىلىگەن. قازاق تىلىنى تەكشۈرۈش داۋامىدا ئېرىشكەن ماتېرىياللىرىنى ئەينى ۋاقىتتا ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق مىللەتلەر تىل - يېزىق كومىتېتىغا تاپشۇرغان. 1980 - يىلى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»نى نەشرگە تەييارلاش ۋە بەزى لېكسىكىلىق مەسىلىلەرنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئاتۇش، قەشقەر كونىشەھەر ۋە يېڭىسار ناھىيەلىرىدە تەكشۈرۈشتە بولغان. 1982 - يىلى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مازىرىنى ئىزدەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئاتۇش، قەشقەر كونىشەھەر ۋە يېڭىسار ناھىيەلىرىدە تەكشۈرۈشتە بولغان ۋە پاكىتنى تېپىپ چىقىپ مەھمۇد كاشغەرىي مازىرىنىڭ ئېنىقلىنىشىغا تۆھپە قوشقان. 1986 - يىلى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەسۋىرىي گىرامماتىكىسىنى تۈزۈش گۇرۇپپىسىنىڭ ھاۋالىسى ۋە ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرىنىڭ چېگراسىنى ئايرىشنى نۇقتا قىلىپ ئاتۇش، يەكەن، قاغىلىق، مەكىت، يوپۇرغا، مارالبېشى، كەلپىن، ئاقسۇ، كۇچا ناھىيەلىرىدە ئېلىپ بېرىلغان تىل تەكشۈرۈش خىزمىتىگە قاتناشقان. 1986 - يىلى خوتەننىڭ لاڭرۇ كەنتىدە تىل تەكشۈرگەن. 1988 - يىلى پىچان ناھىيەسىنىڭ دىغار ۋە لۈكچۈنلەردە؛ 1989 - يىلى قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ پاخپۇ يېزىسىدا، 1991 ~ 1992 - يىللىرى قاغىلىق ناھىيەسىدە تىل تەكشۈرگەن. 70 ياشقا يېقىنلاپ قالغاندا يەنى 1996 - يىلى 5 - ئايىنىڭ 17 - كۈنىدىن 7 - ئايىنىڭ 1 - كۈنىگىچە قومۇل ۋىلايىتىنىڭ تۆمۈرتى، ئاقتاش (داڭسىك) قاتارلىق جايلىرىدا تىل تەكشۈرۈش خىزمىتىگە كەسپىي يېتەكچى بولۇپ قاتناشقان. مانا مۇشۇلاردىن قارايدىغان بولساق، تارىخىمىزدا ھېچقانداق بىر تىلشۇناس ئۇيغۇر تىلىنى بۇنداق ئۇزاق ۋاقىت تەكشۈرمىگەن بولۇشى مۇمكىن.

تىل تەكشۈرۈش ناھايىتى مۇشەققەتلىك خىزمەت. مىرسۇلتان ئوسمانوف تىل تەكشۈرۈشكە قاتناشقان ئاشۇ يىللارنى ئەسلىگىنىمىزدە، ئۇنىڭ مۇشەققەتتىن قورقماس روھىغا ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايمىز. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئېلىمىزنىڭ تەرەققىياتى كۆپ ئارقىدا

بولۇپ قاتناش، تۇرالغۇ، ئوزۇقلۇق جەھەتتىن قىيىنچىلىق ناھايىتى نۇرغۇن ئىدى، ناھىيىلەرگىچە قاتنايدىغان ماشىنىمۇ ناھايىتى ئاز ئىدى، بولغاندىمۇ ئايدا بىرەر قېتىم قاتنايتتى، ئۇدۇل كەلسە يۈك ماشىنىلىرىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ بېرىشقا توغرا كېلەتتى. ھەتتا، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ناھىيىدىن ناھىيىگە، ناھىيىدىن يېزىلارغا بارغاندا ئات، ئېشەك ياكى تۆگىگە مىنىپ بېرىشقا توغرا كېلەتتى. نەچچە كۈنلەپ مۇشەققەت چېكىپ تىل تەكشۈرىدىغان يېزا - قىشلاقلارغا يۈرگەندە، نەدە كەچ بولسا شۇ يەردە، كىمنىڭ ئۆيى ياكى كەپىسى بولسا شۇ يەردە قونۇپ ئىشلەيتتى. ئۇ دەۋرلەردە يەنە مېھمانخانىلارمۇ بولمىغانلىقى، تەكشۈرۈش خىزمىتى يېزا - قىشلاقلاردا بولغانلىقتىن يوتقان - كۆرپە، كىيىم ۋە خىزمەت ماتېرىياللىرىنى يۈدۈپ يۈرۈپ ئىشلىگەن. يېمەك - ئىچمەك مەسىلىسىمۇ قىيىن بولۇپ، شۇ چاغدىكى «ئۈچتە بىللە بولۇش» پرىنسىپى بويىچە دېھقان، چارۋىچىلار بىلەن بىللە يېتىپ - قوپقان، بىللە ئەمگەككە قاتناشقان ۋە نورمىلىق تەمىنلەنگەن ئوزۇق بىلەن دېھقان، چارۋىچىلار بىلەن بىللە ئوزۇقلانغان. كۈندۈزى ئىش - ئەمگەككە قاتناشسا، ئەتىگەن - كەچ ۋە ئارام ئارىلىقلىرىدا تىل تەكشۈرۈپ ئۆز خىزمىتىنى ئادا قىلغان. مانا بۇنداق مۇشەققەتلىك تىل تەكشۈرۈش خىزمىتىگە قەلبىدە ئوتتەك ئىشتىياق بولغاندىلا ئاندىن يەتكىلى بولىدىغان پەللە ئىدى. بۇ مويسىپىت 1960 - يىلىدىكى تىل تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئەسلەپ: «ئۇ ۋاقىتلاردا شارائىت تولىمۇ ناچار ئىدى، لوپنۇرنىڭ تىكەنلىك رايونىدىن چاقىلىق ناھىيە بازىرىغا پوچتا ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ بارغانىدۇق. مىرەندە تىل تەكشۈرگەندە تېخىمۇ قىينالدۇق. يوغان مومىنى بىرلا سىقسا ھېچ نەرسىسى قالمايدۇ، قورساق ئاچلا يۈرۈپ پۇتتا ماغدۇر يوق. ئاچلىقتىن كاۋىنى قازانغا سېلىپ قاينىتىپ ئازراق قۇيۇلغاندا يەپ جان ساقلىدۇق. مەيلى قەيەرگە بارايلى خەلق بىزنى (بىر شاگىرتىمۇ بىللە ئىدى) قوللىدى، ئاغرىساق داۋالىدى، ئاچ قالساق بارىنى ئايىمىدى» دەيدۇ. تىل تەكشۈرمەي، تىل ئاساسىي مەنبەلىرىنى جۇغلىماي تۇرۇپ تىلنىڭ ئەمەلىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلماق مۇمكىن ئەمەس، شۇڭا مانا مۇشۇنداق تىل تەكشۈرۈش خىزمىتىگە يېشى 70كە يېقىنلاپ قالغان 1997 - يىلىغىچە قاتنىشىپ ناھايىتى نۇرغۇن تىل ماتېرىياللىرىغا ئېرىشكەن. 1980 - يىللارغا كەلگەندە قاتناش جەھەتتىن خېلى ياخشىلىنىش بولغان بولسىمۇ، تىل ئۆزگىچىلىكلىرىنى ساقلاپ قالغان ئاھالىلەر زامانىۋىلىقنىڭ شاۋقۇنلىرىدىن يىراق بولغان يېزا - قىشلاقلاردا بولغانلىقتىن، يەنىلا شۇنداق جاپالىق ئىشلەشكە توغرا كەلگەن. مىسالغا ئالساق، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»نىڭ 3 - تومىنى تەييارلاشتا ئەرەب تىلى تەرجىمانى ئابدۇرەشىد قارىم سابىت قەشقەرلىك بولغانلىقى ۋە شۇ ئۇستازنىڭ تۇرمۇش مەسىلىلىرىنى ئويلاشقان ھالدا، 1982 - يىلى 12 - ئايدىن 1983 - يىلى 3 - ئايغىچە قەشقەردە ئىشلەشكە توغرا كەلگەن. خىزمەت داۋامىدا ئىبراھىم مۇتىئىي بىلەن مىرسۇلتان ئوسمانوف قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك شىپاخانىسىنىڭ كېسەلخانىسىغا ئورۇنلىشىپ، ئۆزلىرى كۆمۈر ھەل قىلىپ، ئۆزلىرى كۆمۈر قالاپ، ياتاق تازىلاپ تۇرۇپ ئىشلىگەن. ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئەسەرنىڭ 3 - تومىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلەپ تۈگىتىش بىلەن بىللە، قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى ئوپال يېزىسىدىكى «ھەزرىتى موللام» مازىرىنىڭ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مازىرى ئىكەنلىكىنى پاكىتلار ئاساسىدا ئېنىقلاپ چىققان. ئىبراھىم مۇتىئىي بىلەن «مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يۇرتى، ھاياتى ۋە مازىرى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىنى يېزىپ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1984 - يىللىق 3 - سانىدا ئېلان قىلغان، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ماقالە رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ تۈركمەنىستاننىڭ پايتەختى باكۇ شەھىرىدە چىقىدىغان «سوۋېت تۈركولوگىيەسى» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىللىق 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغان. رۇسچە تەرجىمىسى يەنە قازاقىستاننىڭ ئالمائاتا شەھىرىدە نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر تىلى بويىچە تەكشۈرۈشلەر» ناملىق مەجمۇئەگىمۇ كىرگۈزۈلگەن. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مازىرى تولۇق ئىلمىي پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلانغانلىقتىن، دۇنيا تۈركولوگىيەسىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مازىرىنىڭ بېكىتىلىش توغرۇلۇق بەزى قالايمىقان ئېغىز پاراڭلىرى چىققانلىقتىن، 2009 - يىلى «ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي مازىرىنىڭ قەشقەر ئوپالدا ئىكەنلىكىنىڭ ئېنىقلىنىش جەريانى» («شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2009 - يىللىق 1 - سان) ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرگە ئىنچىكىلىگەن ھالدا جاۋاب بەرگەن. ئالىمنىڭ مانا مۇشۇنداق مۇشەققەتلىك تىل

تەكشۈرۈش داۋامىدا ئېرىشكەن ماتېرىياللىرى ئىلمىي تەتقىقاتنى ناھايىتى مۇھىم مەنبەلەر بىلەن تەمىن ئەتكەن، جۈملىدىن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت ۋە شېۋىلىرىنىڭ لېكسىكىلىق، گىراماتىكىلىق ۋە فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى ئېنىقلاش ھەم شۇ ئاساسلار بىلەن ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرىغا ئىلمىي تەبىر بېرىش، چېگراسىنى ئايرىش، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆلچەملىك تەلەپپۇزىنى تۇرغۇزۇش ۋە باشقا تەتقىقات خىزمەتلىرىدە ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان. گېزى كەلگەندە شۇنىمۇ ئېيتىش مۇمكىنكى، ئالىمنىڭ 2013 - يىلدىكى ياۋروپا سەپىرىمۇ گېرمانىيە، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق ئەللەردىمۇ قەدىمكى قول يازمىلارنى ئۆگىنىش بىلەن بولغان. 2015 - يىلدىكى قومۇلدىكى قىسقا مۇددەتلىك زىيارىتىنى، 2015 - يىلى دېكابىرنىڭ ئاخىرىدىكى تۈركىيەدىكى ئىلمىي زىيارىتىمۇ يەنە شۇ ئىلىم يولىدىكى ئىزدىنىش مۇساپىسىنىڭ داۋامى ھېسابلىنىدۇ.

**2. ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى**

ئورتاق تىل ياكى ئەدەبىي تىل ئېغىز تىلىنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەنگەن، قېلىپلاشتۇرۇلغان شەكلىدىن ئىبارەت بولۇپ يازما ۋە ئېغىزچە مەۋجۇت بولىدۇ. ئورتاق تىل ھامان بىر دىيالېكت ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ، ئورتاق تىلغا ئاساس بولغان دىيالېكت مەركىزىي دىيالېكت دەپ ئاتىلىدۇ. مەركىزىي دىيالېكتنى بەلگىلەش ھەرگىزمۇ سۇبيېكتىپ ئارزۇغا باغلىق بولماستىن، مەلۇم بىر دىيالېكتنىڭ شۇ مىللەت ئاھالىسى ئىچىدە تۇتقان ئورنىغا باغلىق بولىدۇ. مەلۇم بىر دىيالېكت شۇ جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولسا، كەڭ تەسىرگە ۋە ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە بولغانلىقتىن مەركىزىي دىيالېكت بولۇپ قالىدۇ. مىرسۇلتان ئوسمانوف ئاكىنىڭ تەتقىقاتلىرى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە چېتىلغان ھالدا، دىيالېكتلارنى تەكشۈرۈش، ئورتاقلىق ۋە پەرقلىرىنى تېپىپ چىقىش، ئېغىز تىلىنىڭ ئەدەبىي تىلغا پايدىلىق بولغان تەركىبلىرىنى تېپىپ چىقىپ ئەدەبىي تىلنى بېيىتىش ھەم مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن كۆپ مېھنەت قىلدى. ئۇيغۇر تىلىنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى پۇختا ئىگىلىگەندە، چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلغاندا، ئاندىن تىلنىڭ مۇكەممەللىكى، زىللىقى ۋە ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇرۇشتا مۇناسىپ ئەمگەكلەرنى قىلىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلىرى بۇرۇنلا باشلانغان، تۇنجى چوڭ ئەمگىكى تىلشۇناس نەسرۇللا يولبولدى بىلەن بىرلىشىپ يازغان ئۈچ قىسىملىق (پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى سىرتتىن ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن دەرسلىك قىلىنغان) «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» ناملىق كىتابى 1964 - يىلى كونا ۋە يېڭى يېزىقتا شىنجاڭ رادىيو ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. بۇ كىتاب شۇ ۋاقىتتا سىستېمىلىق دەرسلىك بولماسلىق بوشلۇقىنى تولدۇرغان. شۇنىڭدىن كېيىنكى تەتقىقاتلىرىدا گەرچە ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىراماتىكىسى توغرىسىدا يازغانلىرى ئازراق بولسىمۇ، مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدىكى تەتقىقاتلىرىنى ئېلان قىلىپ كەلگەن. بۇنىڭغا «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى رەۋىشلەر توغرىسىدا»، «ئۇيغۇر تىلىدا سۆز ياساشتىكى بىر ئۈنۈملۈك قوشۇمچە توغرىسىدا ئىزدىنىش» قاتارلىق ئەمگەكلىرىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ يەنە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنىڭ زىللىقى، مەنە قاتلاملىرىنىڭ روشەنلىكى ئۈچۈن، تىلشۇناسلىق ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن قىلغان مېھنەتلىرىگە «ئالتاي تىللىرى نەزەرىيەسى» (ئامېرىكىلىق نىكولاس پوپپىنىڭ ماقالىسىنى تەرجىمە قىلغان)، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تىنىش بەلگىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قوللىنىلىشى» (ئامىنە غاپپار، راخمان خانبابا بىلەن بىرلىكتە)، «قىسقىچە تىلشۇناسلىق لۇغىتى» (مۇھەممەدرېھىم سايىت بىلەن ھەمكارلىقتا تۈزگەن)، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى تاۋۇشلىرىنىڭ ئاكۇستىكىلىق تەتقىقاتى» (جۇ تۇڭچۈن، ئامىنە غاپپار، نىجات قاسىملار بىلەن بىرلىكتە ئىشلەنگەن كىتاب)، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەسۋىرىي گىراماتىكىسى» (كوللېكتىپ ئىشلەنگەن كىتاب) قاتارلىق ماقالە ۋە كىتابلىرىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى تاۋۇشلىرىنىڭ ئاكۇستىكىلىق تەتقىقاتى» ناملىق ئىلمىي ئەسەرنى ئالساق، ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى تارىخىدىكى تۇنجىلاردىن ھېسابلىنىدۇ. ئاۋازنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم ئاۋازشۇناسلىق (ئاكۇستىكا) دېيىلىدۇ، ئۇيغۇر تىلىدا تىلنىڭ تەلەپپۇزى ۋە ئىنتوناتسىيەسىمۇ مەنە پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە، ئۇيغۇر يېزىقىدا مانا بۇ ئىقتىدار ئەكس ئەتتۈرۈلمەستىن مەزمۇن دائىرىسى ئارقىلىق پەرق ئېتىلىدۇ، لېكىن بەزى سۆزلەملەر ئېغىز تىلىدا تەلەپپۇزى

ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈلىدۇ، سۆزلەملەر يەككە ئېيتىلغاندا تىل تاۋۇشلىرىنىڭ تەلەپپۇزى (ئىنتوناتسىيەسى، ئۇرغۇسى)غا ئاساسەن مەنىسى ئۆزگىرىدۇ، تىل تاۋۇشلىرىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ياكى قوشۇلۇپ قېلىشىمۇ تاۋۇشلارنىڭ تەلەپپۇز ۋاقتىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى شەكىلداش سۆزلەر مۇشۇ دائىرىگە كىرىدۇ. مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن مەسىلىلەر مىرسۇلتان ئوسمانوف قاتارلىق تىلشۇناس ئۇستازلارنىڭ ئۆملۈكتە تىرىشىشى ئارقىسىدا ھەل بولۇپ، ئانا تىلىمىزنىڭ پاساھىتى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن.

«بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىي تىلىنىڭ نوپۇزى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز نورمىلىرىنىڭ قېلىپلاشقانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ» (ئامىنە غاپپار)، شۇڭا ھەرقانداق بىر تىل ـ يېزىقتا ئىملا قائىدىسى ۋە ئىملا لۇغەتلىرىنى تۈزۈش تولىمۇ زۆرۈر، بۇ تولىمۇ ئەھمىيەتلىك، مۇشەققەتلىك خىزمەت. ئىملا قائىدىسى تۈزۈلۈپ ئىجرا قىلىنمىسا بىر ئەدەبىي تىلنىڭ قېلىپلىشىشى ۋە ئومۇملىشىشى زور قىيىنچىلىققا يولۇقىدۇ، جۈملىدىن بىر سۆز مەتبۇئاتتا نەچچە خىل يېزىلىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. 20 ـ ئەسىردىن بۇيانقى 100 نەچچە يىلنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئىملا قائىدىسى كۆپ قېتىم تۈزۈلدى. بۇ ئەلۋەتتە مۇشۇ قىسقىغىنا يۈز يىل ئىچىدە خەلقىمىزنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى، كىرىل ھەرپلىرى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى، لاتىن يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى (ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرى قوللانغان يېزىق ھەمدە ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى كۆزدە تۇتۇلدى)، ئۇيغۇر يېزىقى (ھازىرقى زامان يېزىقى كۆزدە تۇتۇلدى) قاتارلىق نەچچە خىل يېزىقنى قوللانغانلىقىمۇ سەۋەب بولدى. شۆۋىت مىسسىيونېرلىرى نەشر قىلغان كىتابلار ۋە شۇلار ئۈچۈن تۈزۈلگەن ئىملا ۋە تەلەپپۇز قائىدىلىرى، ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرى (شىنجاڭ كۆزدە تۇتۇلمىدى) ئارىسىدا مۇنازىرىلەرگە سەۋەب بولۇپ ئۆزگىرىپ تۇرغان ئىملا قائىدىسى («ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى» 1963 ـ، 1969 ـ، 1984 ـ يىللىرى ئۈچ قېتىم نەشر قىلىنغان) ۋە ش ئۇ ئا ر دا تۈزۈلۈپ قوللىنىۋاتقان ئىملا قائىدىلىرى (1950 ـ يىلىدىن بۇيان يەتتە قېتىم)، تەلەپپۇز قائىدىسى (ئىككى قېتىم) تۈزۈلدى. مانا مۇشۇ يۈز يىل داۋامىدىكى سىياسىي ۋەزىيەت، ئىجتىمائىي ئالاقىلەر داۋامىدا كىرگەن سۆزلەملەر ۋە ئۇنىڭ ئىملادا ئىپادىلىنىشى قاتارلىق مەسىلىلەر ئىملا قائىدىمىزدە ئۆز تەسىرلىرىنى كۆرسەتمەي قالمىدى. ئىملا قائىدىسىدە مورفولوگىيەلىك پرىنسىپ بىلەن فونېتىكىلىق پرىنسىپلار ئارىسىدا ئېغىش ۋە مۇرەسسە بولۇپ كەلگەنلىكتىن، ئىملا قائىدىسىنى ۋە شۇنىڭغا ئەگەشكەن تەلەپپۇز قائىدىلىرىنى كۆپ قېتىم ئىسلاھ قىلىشقا توغرا كەلگەن. مىرسۇلتان ئوسمانوف «ھازىرقى زامان يېزىق ئەدەبىي تىلى ۋە جانلىق ئەدەبىي تىلنى قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتىدە بۇ ئىشقا دائىر نەزەرىيەۋى ئاساسلارنى تۇرغۇزۇشقا يېتەكچىلىك قىلدى ۋە بۇ ساھەدە مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشتى... ئەينى دەۋردە ئوتتۇرىغا چىققان بەزى شۆبىلەرگە تارتىپ كېتىش خاھىشلىرىغا خاتىمە بېرىش بىلەن، ئۇيغۇر يېزىقى ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملاسىدا ئومۇمەن مورفولوگىيەلىك پرىنسىپنى ئاساس قىلىش، فونېتىكىلىق ۋە تارىخىي پرىنسىپنى قوشۇمچە قىلىش، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر تىلى يېتەكچىلىكى ئاستىدا دىيالېكت ۋە شۆبىلەرنىڭ پايدىلىق تەركىبلىرىنى قوبۇل قىلىش پرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. نەتىجىدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىق تىلى بىلەن جانلىق ئەدەبىي تىل تارىختىكى ھەرقايسى دەۋرلەرگە نىسبەتەن زور دەرىجىدە بىرلىككە كېلىش يولىدا تەرەققىي قىلماقتا» (ئامىنە غاپپار). 1984 ـ يىلىدىن بۇيان تۈزۈلگەن ئىملا قائىدىلىرىدە مورفولوگىيەلىك پرىنسىپ ئاساس قىلىنىپ پەيدىنپەي ئىزچىللاشتۇرۇلغان، نەتىجىدە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا قوللىنىلغان فونېتىكىلىق پرىنسىپ تەلتۆكۈس ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ (بۇ يۆنىلىشتە ماگىسا دىيالېكتلار ئارىسىدىكى پەرق چوڭىيىپ كېتەتتى)، جانلىق تىل بىلەن يېزىق تىلىنىڭ پەرقىنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى. ئىملا ۋە تەلەپپۇز مەسىلىسىدە ئۆزىنىڭ مورفولوگىيەلىك پرىنسىپلىرىنى ياقلاپ كەلگەن تىلشۇناس مىرسۇلتان ئوسمانوف، ئىملا ۋە تەلەپپۇز قائىدىلىرىنى بېكىتىش، لۇغەتلەرنى تۈزۈش جەھەتلەردىمۇ ئاز بولمىغان ئەمگەكلەرنى قىلدى. «ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىنىڭ ئىملا قائىدىسىدىكى بەزى قائىدىلەر توغرىسىدا» (1963 ـ يىلى)، «ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىنىڭ ئىملا قائىدىسى» (ئابدۇرېشىت سابىت بىلەن ھەمكارلىقتا، 1973 ـ يىلى)، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى ۋە ئىملا لۇغىتىنىڭ تۈزۈلۈشى توغرىسىدا» (1985)، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملاسى ھەققىدە

ساۋات» (ئابدۇرېشىت سابىت بىلەن ھەمكارلىقتا، 1987 - يىلى)، «ئىملا قائىدىسىگە ئائىت ئېنىق بولمىغان بىر مەسىلە توغرىسىدا» (1989) قاتارلىق ماقالە ۋە كىتابلىرى ئىملا قائىدىسى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتنىڭ نەتىجىلىرىدۇر. ئۇ، 1985 - يىلى نەشر قىلىنغان 30 مىڭغا يېقىن سۆز كىرگۈزۈلگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى» نى تۈزۈش خىزمىتىگە قاتناشقان ۋە لۇغەتنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى ئۈستىگە ئالغان. ش ئۇ ئا ر دا 1957 - يىلى 1000 سۆزلۈك، 1966 - يىلى 3000 سۆزلۈك (مىرسۇلتان ئوسمانوف ئىشلىگەن)، 1976 - يىلى 8000 سۆزلۈك كىرگۈزۈلگەن ئىملا لۇغەتلىرى تۈزۈلگەندى، مۇشۇ سۆزلۈك سېلىشتۇرمىلىرىدىنلا 1985 - يىلى نەشر قىلىنغان ئىملا لۇغىتىنى ئىشلىگەن تىلشۇناسلارنىڭ ئەمگىكىنىڭ سالمىقىنى مۆلچەرلەش مۇمكىن. مىللەتلەر نەشرىياتى 1988 - يىلى تىلشۇناسلىرىمىزدىن ئامىنە غاپپار، مىرسۇلتان ئوسمانوف قاتارلىق بەش تىلشۇناسنىڭ جاپالىق ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى بولغان، 1950 - يىلدىن كېيىن تۈزۈلگەن تۇنجى تەلەپپۇز لۇغىتى — «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز لۇغىتى» نەشر قىلىندى، بۇ لۇغەت ئەدەبىي تىلىمىزنىڭ تەلەپپۇزىنى قېلىپلاشتۇرۇشتا چوڭ رول ئوينىدى. مىرسۇلتان ئوسمانوف ئامىنە غاپپار، خەلىم سالىھلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلىگەن «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى» 1988 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. ئۇ يەنە خەمىت تۆمۈر، ئامىنە غاپپار ۋە باشقا ئۈچ تىلشۇناس بىلەن بىرلىكتە «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز ۋە ئىملا لۇغىتى»نى ئىشلەپ چىقتى، بۇ لۇغەت شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1997 - يىلى نەشر قىلىندى. ئۇ بۇ لۇغەتكە باش تۈزگۈچى بولغاندىن سىرت، بېكىتىش ۋە مەسئۇل مۇھەررىرلىك خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز ۋە ئىملا لۇغىتى» ش ئۇ ئا ر بويىچە ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات ئەسەرلىرىنى باھالاشتا 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئۇ يەنە ئىملا قائىدىسىنىڭ توغرا ئومۇملىشىشى، تەلەپپۇزنىڭ ئۆلچەملەشتۈرۈلۈشى كۆزدە تۇتۇلغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇزدىن سىناق ئېلىش پىروگراممىسى»نى تۈزۈشكە قاتناشقان. 2009 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى (ئىملا ۋە تەلەپپۇز قائىدىسى)»نى نەشر قىلدى. مىرسۇلتان ئوسمانوف يۇقىرىقى چوڭ ھەجىملىك لۇغەتنىڭ 1 - ئاپتورى بولۇپ 2005 - يىلدىن باشلاپ كۆپ مەبلەغ سېلىپ ئىشلىگەن. بۇ لۇغەتنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇزىنى قېلىپلاشتۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ.

مىرسۇلتان ئوسمانوف ئاكا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسىنى بېكىتىشتە مورفولوگىيەلىك پرىنسىپنى ئاساس قىلغان، يەنى، يېزىقتا سۆزلەرنىڭ تۈپ يىلتىزى - غولىنى ساقلاپ قېلىش، جانلىق تىلغا ئەگىشىپ كەتمەسلىكنى ئىزچىل تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن. مەيلى ئىملا قائىدىسى تۈزۈلسۇن ياكى ئىملا لۇغىتى ئىشلەنسۇن، تۈپ سۆزلەردىكى مەسىلىلەر ئىمكانقەدەر مورفولوگىيەلىك پرىنسىپ بويىچە ھەل قىلىنغان. قوشۇمچە ئارقىلىق ياسالغان سۆزلەر ۋە جۈپ سۆزلەردە مورفولوگىيەلىك پرىنسىپ ئاساس قىلىنىپ، ئىلگىرىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشكە قاراپ بېكىتىش پرىنسىپى كەلتۈرۈپ چىقارغان قالايمىقانچىلىق تۈگىتىلگەن. گەرچە ھازىرغىچە ئىملا ۋە تەلەپپۇز توغرىسىدىكى بەزى مەسىلىلەردە پىكىر بىرلىكى بولمايۋاتقان بولسىمۇ، 1980 - يىلدىن بېرى تۈزۈلۈۋاتقان ئىملا قائىدىسى ۋە تەلەپپۇز لۇغەتلىرى ئەدەبىي تىلىمىزنىڭ مۇكەممەللىشىشى، قېلىپلىشىشى، ئومۇملىشىشىدا تۈرتكىلىك رول ئويناپ كەلمەكتە.

### 3. دىيالېكت تەتقىقاتى

تىل مىللەتنى پەرقلەندۈرۈشتىكى مۇھىم بەلگىلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ھەرقانداق بىر تىلدا دىيالېكت بولىدۇ، ئەمما دىيالېكت توغرىسىدىكى قاراشلار ھەر خىل، جۈملىدىن، غەرب تىلشۇناسلىرى «ئۆزئارا تىل ئۇقۇشۇش دەرىجىسى»نى تىل ۋە دىيالېكت ئايرىشنىڭ ئۆلچىمى سۈپىتىدە قارايدۇ، بۇنداق ئايرىش ئۇسۇلىدىن قارايدىغان بولساق، ئۇيغۇر تىلىدا دىيالېكت مەۋجۇت بولمايلا قالماستىن، يەنە بەزى تۇغقان تىللار ئارىسىدىكى ئايرىم تىل دېگەن توساقلارنىمۇ ئېلىۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ. مىرسۇلتان ئوسمانوف ئاكا ۋە باشقا ئۇيغۇر تىلشۇناسلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقاتى قانداقتۇر ئۇيغۇر تىلىنى بىر قانچە دىيالېكتقا بۆلۈپ تۇغقان تىللارنى پەيدا قىلىش بولماستىن (ھازىرقى دەۋر تەرەققىياتىدا دىيالېكتلار ئارىسىدا پەرق چوڭ-

يىپ بارماستىن كىچىكلەپ يوقىلىشقا قاراپ يۈزلىنىۋاتىدۇ)، دىيالېكت جۇغراپىيەسىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، ئەنە شۇ دىيالېكت تارقالغان جايلاردىكى ئېغىز تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئارقىلىق تارىخىي جەريانلاردىكى ئىجتىمائىي ئالاقىلەر داۋامىدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنى ئېنىقلاشتىن ئىبارەت. دىيالېكت ئەمەلىيەتتە بىر تىلنىڭ رايون پەرقىدىن ئىبارەت بولۇپ ئانا تىلنىڭ ۋارىيانتىدۇر. دىيالېكت ۋە شېۋە تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا شەكىللەنگەن بولغانلىقتىن ماكان ۋە زامان ئامىللىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئەسلىدىن بىر تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ياشاۋاتقان دائىرىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ ھەمدە ئۇچرىغان ئىجتىمائىي تەسىرلەر سەۋەبىدىن تەدرىجىي دىيالېكت پەيدا بولىدۇ، ئۆزئارا ئالاقىنىڭ ئازىيىشىغا ئەگىشىپ ھەتتا تۇغقان تىللارغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. جەمئىيەتنىڭ پارچىلىنىشى رايون خاراكتېرلىك دىيالېكت ياكى تۇغقان تىللارنى پەيدا قىلىدۇ. تىل تەرەققىياتىدىكى تەڭپۇڭسىزلىق (باشقا تىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) رايون خاراكتېرلىك پەرقلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

دىيالېكت ئېغىز تىلىنىڭ تاشقاتمىسى بولۇپ ئۇنىڭ يوقىلىشىغا مەلۇم ۋاقىت ۋە جەريان كېتىدۇ. ئەمما، ھازىر ئەدەبىي تىلنى مەنبە قىلغان تاراتقۇلارنىڭ شىددەتلىك تەرەققىياتى نەتىجىسىدە، دىيالېكت ۋە شېۋىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇق بوشلۇقى كۈنسېرى كىچىكلەۋاتىدۇ. دىيالېكت تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئۆلچەملىك تەلەپپۇزى ۋە ئىملاسىنى بېكىتىشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ قالماستىن، ئەدەبىي تىلنىڭ لېكسىكا بايلىقىنى كېڭەيتىش، تىلنى قېلىپلاشتۇرۇش، گرامماتىكىلىق قۇرۇلمىلىرىنى تولۇقلاپ، تىلنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى ئۆستۈرۈشتىمۇ زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

دىيالېكت ئورتاق تىل بىلەن ئوخشاشلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان لۇغەت تەركىبى ۋە گرامماتىكىدىن تەركىب تاپقان بىر پۈتۈن سىستېما. ئۇ ئاشۇ دىيالېكت رايونىدىكى ئومۇمىي خەلققە ئورتاق بولىدۇ، شۇ رايوندىكى كىشىلەرنىڭ ئالاقىلىشىش ۋە تەپەككۇر قىلىش قورالىدۇر. ئەدەبىي تىل بىلەن دىيالېكت ئارىسىدىكى پەرق ئالدى بىلەن سۆزلەردىكى فونېتىكىلىق پەرقلەردىن ئىبارەت، لېكىن گرامماتىكا جەھەتتىن ئاساسەن پەرق يوق دېيەرلىك بولىدۇ. دىيالېكتلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىجتىمائىي شارائىت بەلگىلەيدۇ. ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت - شېۋىلىرىدىكى ئېغىز ئەدەبىيات ماتېرىياللىرىنى يىغىش، رەتلەش ۋە خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە بىلەن ئەينەن خاتىرىلەش ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت - شېۋە ماتېرىياللىرى ئارخىپىنى تۇرغۇزۇپ، كېيىنكى تەتقىقاتلار ئۈچۈن مەنبە ھازىرلاش تولىمۇ زۆرۈر. تىلشۇناس ئۇستاز، پروفېسسور مۇھەببەت قاسىم ئېيتقاندەك: «ئەنئەنىۋى تىل تەكشۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن زامانىۋى ۋاسىتىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، يېزىق، ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇ، سېپىرلاشقان كۆپ ۋاسىتىلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەرقايسى دىيالېكت - شېۋىلىرىدىكى ئەپسانە، شېئىر - قوشاق، ھېكمەتلىك سۆز، مەسەل، ماقال - تەمسىل، تېپىشماق، ئىدىيوم، ھېكايە، چۆچەك، رىۋايەت قاتارلىقلارنى ئامالنىڭ بارىچە كۆپ ھەم ئەينەن خاتىرىلەپ، ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرىدىكى ئېغىز ئەدەبىياتى ماتېرىياللىرى توغرىسىدا ھەقىقىي ھەم ئەينەن بولغان، سىستېمىلىق ۋە مۇكەممەل بولغان، خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە بىلەن ئىنچىكە خاتىرىلەنگەن ھەم چۈشەندۈرۈلگەن دىيالېكت ئارخىپى، دىيالېكت - شېۋىلەرنىڭ تاۋۇش ئارخىپى ۋە سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى قۇرۇشىمىز لازىم». ھازىرقى كۈندە كىشىلىرىمىزدە ئۇيغۇر تىلىدا دىيالېكت مەۋجۇت ئەمەس، دېگەندەك پىكىر ئېقىمى ئوتتۇرىغا چىقماقتا، بۇنىڭدا ئاساسلىقى ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىدىغان بارلىق ئاھالىلەرنىڭ بىمالال ئالاقە قىلالايدىغانلىقىنى دەلىل قىلىدۇ. دەرھەقىقەت، ئۇيغۇر مىللىتى ئاھالىلىرى ئۆزئارا بىمالال تىل ئۇقۇشىدۇ. بىزدە شۇ نەرسە ئېنىق بولۇشى زۆرۈركى، ئۇيغۇر تىلىنى دىيالېكتلارغا بۆلۈش ھەرگىزمۇ كەلگۈسىدە دىيالېكتنى تىل قىلىپ پارچىلاش بولماستىن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ جۇغراپىيەلىك دائىرىدىكى لېكسىكىلىق، فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى چوڭقۇر چۈشىنىش، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئۈچۈن ئۆرنەك بولالايدىغان ئالاھىدىلىكلەرنى قوبۇل قىلىپ ئەدەبىي تىلنى تېخىمۇ بېيىتىش، مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇرۇش، شۇنداقلا دىيالېكت رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات داۋامىدا ئۇچرىغان ئىجتىمائىي تەسىرلىرىنى ئېنىقلاشتىن ئىبارەت. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، مىرسۇلتان ئوسمانوف ئاكا ئۇيغۇر

تىلىنىڭ دىيالېكتلىرىنى ئېنىقلاش، ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرستىش، دىيالېكتلارنىڭ تارقالغان جۇغراپىيەلىك دائىرىسىنى ئېنىقلاش، دىيالېكتلارنىڭ باشقا تىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش مەسىلىلىرىنى ئېنىقلاشتىمۇ ئاجايىپ زور ئەمگەكلەرنى قىلغان. ئۇنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنۇر دىيالېكتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش» (1962)، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ غەربىي - جەنۇبىي دىيالېكتى خوتەن شېۋىسى توغرىسىدا» (1963) قاتارلىق ماقالىلىرى شۇ ئىزدىنىشلىرىنىڭ باشلانمىسى بولغان. 1980 - يىللىرىدىن باشلاپ تىل تەكشۈرۈش ۋە بۇ توغرىدىكى تەتقىقاتلىرى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ بارغان، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنۇر دىيالېكتى» (1982)، «قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ پاخپۇ شېۋىسى توغرىسىدا» (1990) قاتارلىق ماقالىلىرى ئېلان قىلىنىپ بەلگىلىك تەسىر پەيدا قىلغان. ئۇ تەتقىقات ئىشلىرىمىزنىڭ سىستېمىلىق ۋە ئىلمىي باياناتلارغا تولىمۇ موھتاجلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىپ، سىستېمىلىق يېزىپ چىققان تەتقىقات ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىشقا باشلىغان. ئۇيغۇر تىلى ۋە دىيالېكتلىرى ئۈستىدىكى ئۆمۈرلۈك تەتقىقاتلىرىنىڭ سەمەرىسى بولغان ئىلمىي كىتابلىرى ئارقا - ئارقىدىن كەڭ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشكەن. 1990 - يىلى «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى» ناملىق كىتابى ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان ئەتراپلىق تەتقىقاتنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرىنى بۆلۈشنىڭ توغرا ئۆلچىمى، شۇ ئۆلچەم بويىچە ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرىنىڭ بۆلۈنۈشى (جۈملىدىن ئاساسىي جۇغراپىيەلىك چەك - چېگراسى)، ھەر بىر دىيالېكتنىڭ، خۇسۇسەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئاساسىي دىيالېكتى بولغان مەركىزىي دىيالېكتنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرى، ئۇلارنىڭ ئەدەبىي تىل بىلەن بولغان ئىچكى باغلىنىشى، ھەر بىر دىيالېكتقا تەۋە شېۋىلەر ۋە باشقا ئالاقىدار مەسىلىلەر جانلىق، تىپىك ماتېرىياللار بىلەن بىر قەدەر تەپسىلىي بايان قىلىنغان». ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرىنى ئۆگىنىشمىزدە يېتەكچى ماتېرىيال بولالايدىغان بۇ كىتاب 1990 - يىلى ش ئۇ ئا ر بويىچە پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى باھالاشتا 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

1997 - يىلى شىنجاڭ پەن - تېخنىكا، سەھىيە نەشرىياتى «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قومۇل شېۋىسى» ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدى. بۇ كىتابنى يېزىش گۇرۇپپىسىدىكىلەر مىرسۇلتان ئوسمانوفنىڭ كەسپىي يېتەكچىلىكىدە 1996 - يىلى 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە قومۇل ۋىلايىتىدە ئېلىپ بېرىلغان تىل تەكشۈرۈش ۋە ئېلان قىلىنغان تىل ماتېرىياللىرىنى چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىش ھەم تەتقىق قىلىش ئارقىلىق يېزىپ چىققان. بۇ گۇرۇپپىدىكىلەر ئالىمنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە بىۋاسىتە قول سېلىپ ئىشلىشى بىلەن قومۇل شېۋىسى ھەققىدە يېڭى تونۇشقا كەلگەن. تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات «قومۇل شېۋىسىنىڭ ھەقىقەتەن مەركىزىي دىيالېكت رايونى ئىچىدە ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك بىر شېۋە ئىكەنلىكىنى، ئەدەبىي تىلنى بېيىتىشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى كۆرسەتتى»، شۇنداقلا «بۇ ساھەدىكى مۇھىم بىر بوشلۇقنى تولدۇردى». بۇ ئەسەر مالوفنىڭ مۇشۇ ھەقتىكى كىتابىدىن كېيىنكى دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە مۇھىم ۋە مەخسۇس ئىلمىي ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

1999 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنور دىيالېكتى» ناملىق كىتابىنىڭ قىسقارتىلغان (خەنزۇچە تەرجىمە) نۇسخىسىنى نەشر قىلدى. بۇ كىتابنى ئالىم 1960 - يىلى لوپنور رايونىدا ئېلىپ بارغان ئالتە ئايلىق تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىدىن قولدا ساقلىنىپ قالغانلىرى ۋە كېيىنكى ئۆگىنىش ھەم تەتقىقاتلىرىنى ئاساس قىلىپ يېزىپ چىققان. بۇ كىتاب لوپنور دىيالېكتىنىڭ پۈتۈن ئالاھىدىلىكىنى يورۇتۇپ بەرگەن، لوپنور دىيالېكتىنىڭ پۈتۈن ئەھۋالىنى يورۇتۇشتا مۆلچەرلىگۈسىز ئەھمىيەتكە ئىگە ئىلمىي ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. 2006 - يىلى بۇ ئەسەرنىڭ تولۇق نۇسخىسى شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۇيغۇرچە نەشر قىلىندى. بۇ ئىلمىي ئەسەرنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭغا لوپنور دىيالېكتىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان مول تارىخىي قىممەتكە ئىگە ئېغىز ئىجادىي ئەسەرلىرى، خەلقئارا ترانسكرىپسىيەدە ئەسلىي تەلەپپۇزى بويىچە خاتىرىلەپ ئېلان قىلىنغان. بۇ كىتاب لوپنۇر دىيالېكتىنى چۈشىنىشتىلا ئەمەس، لوپنور خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى، بۇ ئەل ئېغىز ئەدەبىياتى ئارقىلىق لوپلۇقلار ۋە لوپنور ناھىيەسىدىكى خەلقنى چۈشىنىشتىمۇ ئىنتايىن زور قىممەتكە

ئىگە. بۇ كىتاب لوپنورشۇناسلىقتىكى مۇھىم نامايەندە
بولۇپ، رۇسىيە ئۇيغۇرشۇناس س. ي. مالوفنىڭ تىل
ماتېرىياللىرى (1914 ـ يىلى لوپنور ۋە چاقىلىق ناھىيەسى
تەۋەسىدە تىل تەكشۈرگەن، كىتابى «لوپنور دىيالېك-
تى» 1957 ـ يىلى فرونزىدا رۇس تىلىدا نەشر قىلىنغان)-
نى خاتىرىلەشتە ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكلىرىنى تۈزىتىش
بىلەن بىللە، تەتقىقات يەكۈنلىرىدىكى بەزى ئېغىش ۋە
خاتالىقلارنىمۇ تۈزەتكەن، شۇنداقلا لوپنور دىيالېكتىنى
ئەڭ مۇكەممەل يورۇتۇپ بەرگەن خاس ئەسەر ھېسابلى-
نىدۇ.

2004 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇنىڭ «ھا-
زىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ خوتەن دىيالېكتى» ناملىق
كىتابىنى نەشر قىلىپ تارقاتتى. بۇ كىتاب ئۇنىڭ 1956 ـ
يىلى 9 ـ ئايدىن 1957 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە بولغان تىل
تەكشۈرۈش داۋامىدا ئىگىلىگەن ماتېرىياللىرىدىن ئۆزد-
ە ساقلىنىپ قالغانلىرىنى ئاساس، كېيىنكى تەكشۈرۈشتە
ئېرىشكەن ماتېرىياللىرىنى قوشۇمچە پايدىلىنىش ماتېرد-
يالى قىلىپ يېزىپ چىققان، بۇ ئەسەرمۇ خوتەن دىيالېك-
تىنى چۈشىنىشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، بۇ
ئەسەر ئىلىمگە نىسبەتەن خوتەن دىيالېكتى ھەققىدە
تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان بىردىنبىر سىستېمىلىق ئىلمىي
ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

تىلشۇناس ئامىنە غاپپار خانىم مىرسۇلتان ئوسما-
نوف ئاكىنىڭ ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى ئۈستىدىكى تەت-
قىقاتىغا باھا بېرىپ، «بۇ دىيالېكتلارنى بۆلۈش ۋە
ئۇلارنىڭ چېگرالىرىنى ئايرىشتا غەرب ئالىملىرى تەكىت-
لەپ كەلگەن ئۆلچەملەرنى رەت قىلىش بىلەن بىللە، پې-
ئىللارنىڭ ھازىرقى ـ كەلگۈسى زامان فورمىسى بىلەن
پۈتمىگەن سۈپەتداشلار فورمىسىدىن ئىبارەت ئىككى
ئۆلچەمنى بېكىتتى ۋە مۇشۇ ئۆلچەمگە ئاساسەن،
ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرىنىڭ چېگراسى ۋە ئومۇمىي ئىس-
خېمىسىنى كۆرسىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر تىلى
دىيالېكتلىرى توغرىسىدىكى مۇجمەل قاراشلار ئايدىڭ-
لاشتۇرۇلدى» دەيدۇ.

20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىن باشلاپ چەت ئەل ئالىملى-
رى تىل تەكشۈرۈش داۋامىدا ئەزەلدىن ئۆزلىرىنىڭ
كىملىكىنى ئۇيغۇر دەپ تونۇپ كەلگەن ئېتنىك گۇرۇپپى-
لار ئىچىدە لوپلۇقلار ۋە دولانلارنى مالوف ۋە بىر
قىسىم ئالىملارنىڭ بايانلىرى سەۋەبىدىن ئۇيغۇر

ئەمەس، قىرغىز، موڭغۇل ئەۋلادى دېگەندەك قاراش
ئاۋۇپ قالغانىدى. مىرسۇلتان ئوسمانوف ئاكا تىل تەك-
شۈرۈش، تەتقىقات يۈرگۈزۈش داۋامىدا مۇناسىۋەتلىك
تارىخىي ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ ئىلمىي يەكۈن چىقى-
رىشقا تىرىشىپ كەلگەن. كىتاب ۋە ماقالىلىرىدە، ئەنە
شۇنداق نوپۇزلۇق ئالىملارنىڭ تىل ماتېرىياللىرىنى تى-
رانسكرىپسىيە قىلىش جەھەتتىكى سەۋەنلىكلىرىنى ھەمدە
ئېتنىك كېلىپ چىقىش توغرىسىدىكى ناتوغرا قاراشلىرىنى
تۈزەتكەن. «دولان ئۇيغۇرلىرى توغرىسىدا» (1987)،
«لوپنورلۇقلارنىڭ ئەجدادى كىملەر؟» (1998)،
«خوتەن دىيالېكتىنىڭ ئاق ھۇن قاتلىمى توغرىسىدا»
(1998) قاتارلىق ماقالىلىرى مۇشۇنداق تەتقىقاتلارنىڭ
مىسالى بولالايدۇ. ئۆزىنىڭ دادىل پىكىرلىرى ھەتتا
خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇپ،
بەزى ئالىملارنىڭ تېئورىيىغا ئايلىنىپ قالغان بايانلىرىنى
ئاغدۇرغان. مەسىلەن: 2000 ـ يىلى تۈركىيەدىكى ئەنقە-
رە ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ـ ئەدەبىيات، تارىخ ـ جۇغراپىيە
فاكۇلتېتىدا لوپنور دىيالېكتى توغرىسىدا لېكسىيە سۆزلە-
گەندە، لوپنور دىيالېكتىنىڭ قىرغىز تىلى بىلەن بولغان
مۇناسىۋىتىنى تۈپتىن ئىنكار قىلىپ، مالوفنىڭ يۈز يىللار-
دىن بۇيان ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن «لوپنور
دىيالېكتى قىرغىز تىلىنىڭ قالدۇقى بولۇشى مۇمكىن»
دېگەن قارىشى (بۇ قاراش بىر قىسىم ئەمەلىي تىل تەك-
شۈرۈش قىلمىغان تىلشۇناسلارنىڭ ھېسسىي ئەگىشىشىگە
مۇيەسسەر بولغان)نى ئاغدۇرغان. 1999 ـ يىلى دېكابىردا
ياپونىيەنىڭ توكيو ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۇيۇشتۇرۇلغان
«جۇڭگو شىنجاڭ قەشقەر ۋىلايىتى شەيخلەر كەنتىدىكى
ئاھالىنىڭ لېكسىكىسى ھەققىدە مۇھاكىمە» يىغىنىغا قاتنى-
شىپ، شىنجاڭدا ياشاۋاتقان ۋە ئەينۇلار، شەيخلەر، ئاب-
داللار دەپ ئاتىلىپ كەلگەن ئاھالە توپلىرىنىڭ تىلىنىڭ
ئايرىم بىر تىل بولۇش ئىمكانىيىتى يوقلۇقى توغرىسىد-
كى بايانلىرى يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغى-
غان. يۇقىرىقى مەسىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك بايانلىرى كى-
تابلىرىدىمۇ تەپسىلىي مۇھاكىمە قىلىنىپ ئېلان قىلىنغان.
مانا مۇشۇنداق دىيالېكت تەتقىقاتىدا، ئۇزاق يىللىق تەك-
شۈرۈش ۋە تەتقىقات ئاساسىدا، بەزى چەت ئەللىك ئا-
لىملارنىڭ دولانلار ۋە لوپلۇقلار (لوپنورلۇق)لارنى
موڭغۇل ياكى قىرغىزلارغا باغلىشىنىڭ ئىلمىي ئاساسى
يوقلۇقىنى تىل ۋە تارىخ قاتلىمى ئارقىلىق رەت قىلىپ،

نوپۇزلۇق ئالىملارنىڭ ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكلىرىنى تۈزەتكەن.

**4. قەدىمكى ۋە يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلىرى**

ھەرقانداق بىر تىلنىڭ تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچلىرى بولىدۇ، بىر تىلنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، ھازىرقى تىلى توغرىسىدىكى تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. بۇ نۇقتىنى ناھايىتى ياخشى چۈشەنگەن مىرسۇلتان ئوسمانوف ئاكا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئۆگىنىش، تىلىمىزنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى بايقاش ۋە باشقا جەھەتلەردە كۆپ ئىزدىنىشتە بولغان. ئۇنىڭ «يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى دەسلەپكى قەدەمدە تونۇشتۇرۇش» ناملىق كونسپېكى 1964 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى تەرىپىدىن ماشىنكىدا بېسىپ تارقىتىلغان. شۇنىڭدىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن بۇ تەتقىقاتىغا «مەھمۇد كاشغەرىي ۋە ئۇ ‹دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك›تە بايان قىلغان ئەدەبىي تىل ھەققىدە» (1985)، «XI ئەسىر تۈركىي تىل يادىكارلىقلىرىدىكى Ž ھەرپى ۋە ئۇ ئىپادە قىلغان تاۋۇش توغرىسىدا مۇلاھىزە» (1984)، «چاغاتاي تىلى توغرىسىدىكى بەزى قاراشلىرىمىز» (1993)، «15 يىل دەم يېگەن بىر تەنقىدكە قارىتا» (1995)، « ‹قۇتادغۇبىلىك›تە ئىپادىلەنگەن ئەدەبىي تىل توغرىسىدا» (1997)، « ‹قۇتادغۇبىلىك›تە غۇ\گۇ قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق ياسالغان ئىسىمداشلارنىڭ قوللىنىلىشى» (1999)، «ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار مەسىلىسى توغرىسىدا» (2009)، «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىق يادىكارلىقلىرىدىكى باغلىغۇچى قوشۇمچە li/h توغرىسىدا ئىزدىنىش» (2012)،... قاتارلىق ئەسەرلىرىنى كۆرستىش مۇمكىن. ئۇنىڭ بۇ ئەسەرلىرى ئورخۇن دەۋرىدىن باشلاپ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان ھەرقايسى تارىخىي باسقۇچلاردىكى ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە گەۋدىلىك بولغىنى «قۇتادغۇبىلىك» ۋە «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»نى مەنبە قىلغان شۇ دەۋردىكى ئەدەبىي تىل توغرىسىدىكى ئىزدىنىشلىرى ۋە «چاغاتاي تىلى توغرىسىدىكى بەزى قاراشلىرىمىز» ناملىق ماقالىلىرى تولىمۇ قىممەتلىك تەتقىقات نەتىجىلىرى ھېسابلىنىدۇ. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»نى مەنبە قىلغان ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش مەسىلىسى ناھايىتى ئىلمىي يوسۇندا پاكىتلار بىلەن بايان قىلىنىپ، مۇشۇ ساھەدە ھەل بولمايۋاتقان بىر مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى، شۇنداقلا «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»نىڭ 2008 - يىلىدىكى نەشرىدە زۆرۈر تۈزىتىشلەرگە سەۋەب بولدى. بىر تىلنى مۇكەممەل ئۆگىنىمىز دەيدىكەنمىز، شۇ تىلنىڭ تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى، شۇ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىلمىي يوسۇندا ئىنچىكە تەتقىق قىلماي تۇرۇپ، توغرا بىر يەكۈنگە ئېرىشمەك بەسى مۇشكۈل. مىرسۇلتان ئوسمانوف ئاكا تىلىمىزدىكى بەزى مەسىلىلەرنى روشەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن، تىلىمىزنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا نەزەر ئاغدۇرۇپ، ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئەمگەكلەرنى قىلىپ ئۇتتۇق قازىنىپ ھۆرمەتكە نائىل بولغان ئۇستاز تىلشۇناسلاردىن بىرى ئىكەنلىكىنى يۇقىرىقى ئەمگەكلىرىدىنمۇ كۆرۈۋالايمىز.

**5. نەشرگە تەييارلىغان ئەسەرلىرى**

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ئۇيغۇرلار ئۈچۈنلا ئەمەس، پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۈچۈنمۇ ناھايىتى بىباھا مەنىۋى مىراس ھېسابلىنىدۇ. ئەسەرنىڭ قول يازمىسى تېپىلغاندىن بۇيانقى يۈز يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتا، دۇنيادىكى نۇرغۇن ئالىملار ئۇنى تەتقىق قىلىپ، تۈركىي خەلقلەر ۋە ئوتتۇرا ئاسيا تارىخىدىكى نۇرغۇن يېشىلمىگەن مەسىلىلەرنىڭ سىرىنى يېشىپ چىقتى. تۈركىي تىللار تارىخى تىلشۇناسلىقىنى «دىۋان»سىز تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇيغۇر خەلقى بۇ بىباھا ئەسەرنىڭ ھەقلىق ئىگىلىرى بولسىمۇ، تۈرلۈك تارىخىي سەۋەبلەردىن بىبەھرە قالغانىدى. ئۇيغۇر تىلىدىكى نەشرى چىقىشتىن بۇرۇن ئاز ساندىكى زىيالىيلىرىمىز بۇ ئەسەرنىڭ تۈركچە ۋە ئۆزبېكچە نەشرىدىن بەھرە ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، كۆپ سانلىق ئاھالىلەر بۇ ئىمكانىيەتلەردىن مەھرۇم ئىدى. 1978 - يىلىغا كەلگەندە ئۇيغۇر سايرانى ۋە ئابدۇسالام ئاباسلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»نى نەشر قىلىش كۈنتەرتىپكە ئېلىنىپ، بۇ ۋەزىپە قۇرۇلۇش ئالدىدا تۇرغان ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىگە تاپشۇرۇلغان.

ئەسلي ئەسەر تىلى ئەرەبچە بولغانلىقتىن ئەرەب تىلى يېتۈكلىرى جەمئىيەتتىن قوبۇل قىلىنىش بىلەن بىللە، كورلا شەھىرىدە شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا ئىشلەۋاتقان ئىبراھىم مۇتىئي كەسپىي يېتەكچىلىكتە يۆتكەپ كېلىنگەن، تىلكومدىكى مىرسۇلتان ئوسمانوفمۇ يۆتكەپ كېلىنىپ مۇشۇ خىزمەتكە قاتناشتۇرۇلغان. ئەسەرنىڭ 1 ـ تومىنى ئاتاقلىق تېۋىپ ئابدۇلھەمىد يۇسۇفى ئەرەبچىدىن تەرجىمە قىلغان. 2 ـ، 3 ـ توملىرىنى قەشقەردىكى ئۆلىما ئابدۇرەشىت قارىم سابىت تەرجىمە قىلغان. ئەرەبچە بىلىدىغان مويسىپىتلار ئېغىزچە تەرجىمە قىلسا، باشقا خادىملار تۈركچە ۋە ئۆزبېكچە نەشرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كارتىلاشتۇرغان. مىرسۇلتان ئوسمانوف بۇ جەرياندا مۆھتەرەم ئالىملىرىمىزدىن ئىبراھىم مۇتىئي ۋە ئىمىن تۇرسۇنلاردىن ئۆگىنىش بىلەن بىللە، ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت ـ شېۋىلىرى ھەم قېرىنداش تۈركىي تىللار بىلەن سېلىشتۇرۇپ ترانسكرىپسىيەسىنى بىرمۇبىر بېكىتكەن. 2 ـ تومىنى ئىشلىگەندە ئىبراھىم مۇتىئي ئاغرىپ قالغانلىقتىن 2 ـ، 3 ـ تومنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى ئۈستىگە ئالغاندىن سىرت، گرامماتىكا قىسمىنىڭ تەرجىمىسىنى ئىشلىگەن. مىرسۇلتان ئوسمانوف ئاكا 1978 ـ يىلدىن 2008 ـ يىلغىچە 30 يىل جەريانىدا داۋاملىق «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»نى ئۆگىنىپ ۋە تەتقىق قىلىپ كەلگەن. بۇ جەرياندا ئۇيغۇرچە نەشرىدە كۆرۈلگەن سەۋەنلىكلەر ئاۋۋال خەنزۇچە نەشرىدە، كېيىن يەنى 2008 ـ يىلدىكى ئۇيغۇرچە نەشرىدە تۈزىتىلىشى ئۈچۈن چوڭ تۆھپە كۆرسەتكەن. 2008 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى ئىشلىنىش ھارپىسىدا بايقالغان 500 نەچچە خاتالىقنى كارتىلاشتۇرغان ماتېرىيالى ھەم 40 بەت يازما تۈزىتىش پىكرىنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنغا تاپشۇرغان. شۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر تىلى تارىخىدا ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكى توغرۇلۇق پاكىتلىق بايانلىرى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئېتىراپىغا ئېرىشكەنلىكتىن، ئۇيغۇرچە تۇنجى نەشرىدىكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش ترانسكرىپسىيەسىدە ئىپادىلەنگەن سۆزلەملەر تۈزىتىلىش بىلەن بىللە، كىرىش سۆزگە تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن. ئىزاھاتلىرى قايتىدىن تۈزىتىلگەن ياكى تولۇقلانغان. 2002 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»نىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى نەشر قىلىنغان، ئۇ 1 ـ تومنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىش ۋە كوررېكتورلۇق خىزمىتىگە قاتناشقان ھەمدە كىرىش سۆزىدىكى بەزى مەسىلەرنىڭ ئوچۇق ـ ئاشكارا تىلغا ئېلىنىشىغا تۈرتكە بولغان. 2008 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»نىڭ بىر قەدەر مۇكەممەل نۇسخىسىنى نەشر قىلدى. بۇ نۇسخىنىڭ بېكىتىش خىزمىتىگە قاتنىشىپ، ئالدىنقى نەشرىدە كۆرۈلگەن خاتالىقلار يېزىلغان 500 نەچچە كارتىسى ئاساسىدا بىر قىسىم سۆزلەملەردىكى خاتالىقلار تۈزىتىلگەن، يېڭى نەشرىدە ئالىمنىڭ 40 نەچچە بەتلىك يازما پىكرى ئاساسىدا سەۋەنلىك (بىر سۆزنىڭ ئىككى خىل ترانسكرىپسىيە قىلىنىپ قېلىشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) لەر تۈزىتىلگەن. جۇڭگو ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمي جەمئىيىتى نەۋايى ئەسەرلىرىنى رەتلەش، نەشر قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشچىلىقىدا نەۋائىينىڭ «چاھار دىۋان» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئاكادېمىك نۇسخىسى تەييارلىنىپ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 2011 ـ يىلى نەشر قىلىندى. مىرسۇلتان ئوسمانوف ئاكا نەۋائىينىڭ «چاھار دىۋانى»نى ئىشلەشتىمۇ يېشىنىڭ چوڭىيىپ قېلىشى، سالامەتلىكىنىڭ ياخشى بولماسلىقىغا قارىماستىن كۆپ مېھنەت قىلىپ، ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىشى ئۈچۈن كۆپ ئەجىر قىلغان. «چاھار دىۋان»دىكى «نەۋادىرۇش شەباب»نىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مەتىنىنى ۋە لاتىنچە ترانسكرىپسىيەسىنى نەشرگە تەييارلىغان ھەمدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسىنىڭ تەھرىرلىكىنى تەكلىپ بىلەن ئىشلىگەن. «غەرەيىبۇس سىغەر»نىڭ لاتىنچە ترانسكرىپسىيەسى، چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مەتىنىنىڭ ھەمدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسىنىڭ تەھرىرلىكىنى تەكلىپ بىلەن ئىشلىگەن. «فەۋايىدۇل كەبەر»نىڭ لاتىنچە ترانسكرىپسىيەسى، چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مەتىنىنىڭ تەھرىرلىكىنى تەكلىپ بىلەن ئىشلىگەن. «بەدايىئۇل ۋەسەت»نىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مەتىنىنىڭ تەھرىرلىكىنى تەكلىپ بىلەن ئىشلىگەن. 16 ـ ئەسىردە ياشىغان مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگانىنىڭ «تارىخى رەشىدىي» ناملىق ئەسىرىنىڭ موللا مۇھەممەدنىياز بىنىنى ئابدۇلغەفۇر تەرجىمىسىنىڭ شۇ كىشى يازغان مۇقەددىمىسىنى نەشرگە تەييارلاپ ئېلان قىلغان. 18 ـ ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر شائىرى مۇھەممەدئەمىن گۇمنام (ھىرقەتى)نىڭ «دىۋانى گۇمنام» ناملىق ئەسىرىنى نەشرگە تەييارلىغان، بۇ كىتاب

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2004 ـ يىلى نەشر قىلىنغان. تەكلىپ بىلەن ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىل تەتقىقات ئورنى تۈزگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكت ۋە شېۋىلىرى لۇغىتى»، غۇلام غوپۇر تۈزگەن «ئۇيغۇر شېۋىلىرى سۆزلۈكى»، ئايازبېك قوشچىنىڭ «جاھاننامە» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ تەھرىرلىكىنى ئىشلىگەن. ئالىمنىڭ 80 ياشتىن ئاشقاندا ئىشلىگەن مۇھىم ئەمگەكلىرىدىن بىرى 11 ـ ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق چوڭ ھەجىملىك ئەسىرىنىڭ ئەرەب ھەرپلىرى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن قاھىرە (مىسىر) ۋە پەرغانە (ھىرات) قول يازما نۇسخىلىرىنىڭ فاكسىمىلىغا ئاساسەن، ئەسەرنىڭ مەتىنىنى تۈرگۈزۈپ ئەسلىي يېزىلىشى بىلەن نەشرگە تەييارلىشىدۇر، بۇ ئەسەر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 2013 ـ يىلى نەشر قىلىندى. ئۇ يەنە بۈيۈك شائىر ئەلشىر نەۋايى (1441 ـ 1501)نىڭ ئەسەرلىرىنى چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش داۋامىدا تېخى ئېلان قىلىنمىغان غەزەللىرىنى نەشرگە تەييارلىغان، بۇ كىتاب «ئەلشىر نەۋايىنىڭ يېڭىدىن تېپىلغان غەزەللىرى» دېگەن نامدا مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 2011 ـ يىلى نەشر قىلىنغان. ئۇ يەنە 2014 ـ يىلى كۆچ سەرپ قىلىپ «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئىلى ئۇسلۇبىنىڭ تېكىستلىرى»نى يازمىلار ئاساسىدا مۇكەممەللەشتۈرۈپ تۈرگۈزۈپ چىققان. مانا ئەمدىلىكتە، 85 ياشتىن ئاشقان ۋاقتىدا «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ تېكىستىنى تۈرگۈزۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتمەكتە، گەرچە بەسىم ئاتالاي قاتارلىق ئالىملار تەرىپىدىن ئەينى زاماندىكى ئۇقۇلۇشى ئاساسىدا تېكىستى تۈرگۈزۈلغان بولسىمۇ، بەزى تەرەپلەردىن تىل ۋە شېۋىلەرگە تارتىپ مەتىن تۈرگۈزۈش ئەھۋاللىرىدىن خالىي بولالمىغان، شۇ سەۋەبتىن مۇشۇ ئەسەر يېزىلغان جايدا ياشاۋاتقان ھەقدا ئىگىلىرى تەرىپىدىن ئىشلىنىش زۆرۈرىيىتى بار، چۈنكى، باشقا تىللاردا ئارخائىزم بولغان ياكى ئەسلىدىن مەۋجۇت بولمىغان سۆزلۈكلەر ۋە تىل ئەھۋاللىرىدىن خەلقىمىزدە ساقلىنىپ قالغانلىرى ھېلىھەم بار. تارىخىي دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر تىلى ھەمدە دىيالېكت ـ شېۋىلىرىدىن مۇپەسسەل خەۋەردار مىرسۇلتان ئوسمانوف ئاكىنىڭ بۇ ئەمگىكى روياپقا چىقسا، ئەسەرنىڭ تېخىمۇ مۇكەممەل تېكىستىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

6. ئوقۇتۇش ئىشلىرى

ئۇ بىر تىل تەتقىقاتچىسى بولۇپلا قالماستىن يەنە ئىقتىدارلىق ئۇستاز ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئۇنىۋېرسىتېتلاردا 13 يىل ۋاقتىنى دەرس مۇنبىرىدە ئۆتكۈزگەن، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئاسپىرانتلارغا دەرس ئۆتۈپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيەلەشكىمۇ ئاز بولمىغان تۆھپىلەرنى قوشقان. 1952 ـ يىلىدىن 1957 ـ يىلىغىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا ئىككى قارارلىق خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارغا ئۇيغۇر تىلى دەرسى ئۆتكەن. 1957 ـ يىلىدىن 1965 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۈچ قارارلىق ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە ئومۇمىي تىلشۇناسلىق دەرسىنى ئۆتكەن. 1964 ـ، 1985 ـ، 1999 ـ يىلى ئېچىلغان ئۈچ قېتىملىق كۇرستا ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا ئۇيغۇر تىلى ۋە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى دەرسىنى ئۆتكەن. 1980 ـ يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماگىستىر ئاسپىرانتلىرىنىڭ دىسسېرتاتسىيە ياقلاش ئىشلىرىغا تەكلىپ بىلەن باھالىغۇچى بولۇپ قاتنىشىپ كەلگەن ھەمدە ئون نەچچە قارار ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەرسلىرىنى ئۆتۈپ ئۇيغۇر تىلشۇناسلىقى بويىچە ئاسپىرانت تەربىيەلەش ئىشلىرىغا تۆھپە قوشقان.

7. لۇغەتچىلىك

1950 ـ يىلىدىن 2008 ـ يىلىغىچە ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت 250 خىلدىن ئارتۇق لۇغەت نەشر قىلىنغان. بۇلاردىن باشقا، زامان تەرەققىياتىغا ماس ھالدا «ئۇيغۇر سوفت»، «ئىزپان»، «مۇئەللىم»، «ئوكيانۇس»قا ئوخشاش ئېلېكترون لۇغەتلىرىمۇ بارلىققا كەلگەن، بۇ ئېلېكترون لۇغەتلىرىمۇ مېھنەتكەش تىلشۇناسلىرىمىزنىڭ جاپالىق ئەمگىكىدە بارلىققا كەلگەن لۇغەتلەرنىڭ زامانىۋى ئېلېكتر تېخنىكىسى ئارقىلىق يېڭىچە شەكىلدە ئىشلىتىلىش ئۇسۇلىنىڭ يېڭىلىنىشى ۋە كېڭەيتىلىشىدىن ئىبارەت. بۇرھان شەھىدى تۈزگەن، 1953 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە ـ رۇسچە لۇغەت»تىن باشلاپ ھازىرغىچە ئېلىمىزدىكى ئۇيغۇر تىلشۇناسلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ھەر مىللەت خەلقىدىن بولغان تىلشۇناسلار ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق

يۇقىرىقىدەك ناھايىتى خۇشاللىنارلىق ئۇتۇقلار بارلىققا
كەلگەن. مىرسۇلتان ئوسمانوۋ ئاكىمۇ ئىسلاھات، ئېچى-
ۋېتىش سىياسىتىدىن بۇيان بارلىققا كەلگەن لۇغەت ۋە
لۇغەتچىلىك ئىشلىرىمىز ئۈچۈن ئاز بولمىغان ئەمگەك-
لەرنى قىلدى. بۇرھان شەھىدى تۈزگەن يۇقىرىقى لۇ-
غەتتە 12 مىڭ سۆزلۈك بولسا، 2006 - يىلى نەشر قى-
لىنغان «ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە لۇغەت»كە 70 مىڭدىن
ئارتۇق سۆزلۈك كىرگۈزۈلگەن، بۇ لۇغەتكە يەنە بىر
قىسىم تارىخىي ئاتالغۇلار كىرگۈزۈلۈش بىلەن بىللە، قە-
دىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە دىيالېكت - شېۋىلەردىكى 10
مىڭدىن ئارتۇق سۆزلۈكمۇ كىرگۈزۈلۈپ لۇغەتنىڭ ۋە
ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەزمۇنى، سۆزلۈك دائى-
رىسىنى كېڭەيتىپ، ئىشلىتىلىشچانلىقىنى تېخىمۇ يۇقىرى
كۆتۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئالىمنىڭ تەشەببۇس
قىلىشى ئارقىسىدا «ئۇيغۇر خەلقىدىن مەملىكىتىمىزنىڭ
مەدەنىيەت تارىخىدا زور تۆھپە ياراتقان مۇھىم شەخس-
لەر»نىڭ ئىسىم - شەرىپى، ياشىغان ۋاقتى، مۇھىم ئەس-
رى ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىل - يېزىقلىرىدا كىرگۈزۈلۈپ،
187 كىشىنىڭ نامىنىڭ ۋە ئەسىرىنىڭ يېزىلىشىنى بىرلىك-
كە كەلتۈرگەن. «ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە لۇغەت»نىڭ
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982 - يىلى نەشر قىلغان يېڭى
يېزىق نۇسخىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتىنى ئىش-
لىگەن. 2002 - يىلدىن باشلاپ 2006 - يىلغىچە «ئۇي-
غۇرچە - خەنزۇچە لۇغەت»نى تۈزۈش خىزمىتىنى ئىش-
لەشكە قاتناشقان، بۇ لۇغەت 2006 - يىلى مىللەتلەر نەش-
رىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى، بۇ لۇغەتكە
70 مىڭدىن ئارتۇق سۆزلۈك كىرگۈزۈلگەن بولۇپ مىر-
سۇلتان ئوسمانوۋ لۇغەتنى تۈزۈش خىزمىتىگە قاتنى-
شىش بىلەن بىللە، تەكشۈرۈپ بېكىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ
باشلىقى بولۇپ تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتىنىمۇ تامام-
لىغان.

ھازىر دۇنيادا 6000 خىلدىن ئارتۇق تىل بولۇپ 95
تىلنى دۇنيا نوپۇسىنىڭ 4% نى ئىگىلەيدىغان ئاھالە قول-
لانماقتا. زامانىۋى جەمئىيەتنىڭ شىددەتلىك تەرەققىياتى
ئارقىسىدا ھەر ئىككى ئايدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر
خىل تىل يوقالماقتا. ئېلىمىزنىڭ مىللەت سىياسىتىنىڭ
پارلاق نۇرى ئاستىدا، مەملىكىتىمىزدە ئۇيغۇر تىل - يې-
زىقىدا نەشر قىلىنىۋاتقان گېزىت - ژۇرناللار سان ۋە
سۈپەت جەھەتتە خەنزۇ تىلىدىنلا كېيىن تۇرىدۇ، شۇنىڭ-
غا مۇناسىپ ئۇيغۇر تىلىدىكى رادىيو - تېلېۋىزىيە پروگ-
راممىلىرىمۇ يېزا - قىشلاقلىرىمىزنىمۇ قاپلىغان. ھازىر
ئالدىمىزدا تۇرۇۋاتقان جىددىي مەسىلە ئانا تىلىمىزنى
ياخشى ئۆگىنىش، شۇنداقلا دۆلەت تىلى، ئىلىم - پەن
تىلى بولغان خەنزۇ تىلىنىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئۆگىنىپ
دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش. بىرلەشكەن دۆلەتلەر
تەشكىلاتى پەن - مائارىپ تەشكىلاتى خەۋپ ئىچىدىكى
تىللارنى قوغداش بويىچە خەلقئارادا داڭلىق مۇتەخەس-
سىس كويچىرو ماتسۇرا ئەپەندى «مەدەنىيەتنىڭ كۆپ
خىللىقى ۋە ئىنسانلارنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك مائارىپتىن
بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، يەسلى
ۋە مەكتەپ مائارىپىدا ئانا تىلنى قوللىنىش ئاساسنى
ئىلگىرى سۈرۈش نېگىز. ئەڭ يېڭى تەتقىقات نەتىجىلە-
رى ئانا تىل بىلەن ھۆكۈمەت تىلىنى بىرلەشتۈرۈپ ئو-
قۇتۇش ئېلىپ بارغاندا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تېخىمۇ
ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىشى ۋە ئۇلارنىڭ تونۇش ھەمدە
كۆزىتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە ياردىمى بولىدىغان-
لىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى» دېگىنىدەك مەكتەپلەر-
دە قوش تىل مائارىپى يولغا قويۇلۇپ ھەرقايسى مىللەت-
لەرنىڭ ئۆز تىلىنى ساقلاپ قېلىش، راۋاجلاندۇرۇش
ئىشلىرىنى كاپالەتلەندۈرۈش بىلەن بىللە، زامانىۋى تە-
رەققىياتتا تەڭ ئىلگىرىلەش پۇرسەت ۋە شارائىتلىرىنى
ھازىرلاپ بەردى. ھازىر كىشىلىرىمىزنىڭ ئاڭ سەۋىيە-
سى ۋە تونۇشى يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن بەزى ئېغىشلار
بولۇۋاتىسىمۇ، ناھايىتى ياخشى تەرەققىيات ۋەزىيىتى بار-
لىققا كەلمەكتە. ھازىرقى مۇشۇنداق تەرەققىيات شارائى-
تىدا ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ تۈۋرۈكى بولغان
ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە را-
ۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىللە، خەنزۇ تىل - يېزىقىنى
ياخشى ئۆگىنىپ پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيا-
تىنى ئىلگىرى سۈرۈش تەخىرسىز مۇھىم خىزمەت ھې-
سابلىنىدۇ. مانا بۇ جەھەتلەردە مەسىلەرگە ئىلمىي نە-
زەردە قارايدىغان، تەتقىقاتتا ئىلغار مېتود قوللىنىدىغان،
ئانا تىلنى ئېغىزدا ئەمەس، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن سۆ-
يىدىغان كىشىلەرگە موھتاجمىز، مانا بۇنىڭغا مىرسۇلتان
ئوسمانوۋ ئاكىغا ئوخشاش ئانا تىلغا جان تەسەددۇق
قىلالايدىغان كىشىلەرگە موھتاجمىز. تىلشۇناس ئالىم
مىرسۇلتان ئوسمانوۋ ئاكىنىڭ ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى
(دىيالېكت تەتقىقاتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئوقۇتۇشى،

لۇغەتچىلىكى، ئۇيغۇر تىلى ئىملاسى ۋە تەلەپپۇزىنىڭ ئۆلچەملىشىشى ھەم ئومۇملىشىشى جەھەتتىن ئىشلىگەن ئەمگەكلىرى مەڭگۈ ئەسلەنگۈسى. ئالىمنىڭ مۇبارەك ئەمگەك، ئۇتۇقلىرىنى قۇتلۇقلاش بىلەن بىللە توغراق يېشى تىلەيمىز.

**ئەسەرلىرىنىڭ ئومۇمىي تىزىمى**

I . ئۆزى يازغان ۋە تۈزۈشكە قاتناشقان كىتابلىرى

1. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» (نەسرۇللا يولبولدى بىلەن بىرلىكتە يازغان)، 1964 - يىلى شىنجاڭ رادىيو ئۇنىۋېرسىتېتى يېڭى يېزىقچە نەشر قىلغان.
2. «ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىنىڭ ئىملا قائىدىسى» (ئابدۇرەشىد سابىت بىلەن ھەمكارلىقتا)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1973 - يىلى يېڭى يېزىق نەشرى.
3. «ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە لۇغەت» (تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتىنى ئىشلىگەن)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 - يىلى يېڭى يېزىق نەشرى.
4. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملاسى ھەققىدە ساۋات» (ئابدۇرەشىد سابىت بىلەن ھەمكارلىقتا)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 - يىلى نەشرى.
5. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى» (مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى ئىشلىگەن)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 - يىلى نەشرى.
6. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز لۇغىتى» (ئامىنە غاپپار قاتارلىقلار بىلەن ھەمكارلىقتا)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 - يىلى نەشرى.
7. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى» (ئامىنە غاپپار، خەلىم سالىھلار بىلەن ھەمكارلىقتا)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 - يىلى نەشرى.
8. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى» (مەخسۇس ئەسىرى)، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1990 - يىلى نەشرى.
9. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تىنىش بەلگىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قوللىنىلىشى» (ئامىنە غاپپار، راخمان خانبابا بىلەن بىرلىكتە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 - يىلى نەشرى.
10. «قىسقىچە تىلشۇناسلىق لۇغىتى» (مۇھەممەد رېھىم سايىت بىلەن ھەمكارلىقتا)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 - يىلى نەشرى.
11. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى تاۋۇشلىرىنىڭ ئاكۇستىكىلىق تەتقىقاتى» (جۇ توڭچۈن، ئامىنە غاپپار، نىجات قاسىملار بىلەن ھەمكارلىقتا)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 - يىلى نەشرى.
12. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز ۋە ئىملا لۇغىتى» (خەمىت تۆمۈر، ئامىنە غاپپار ۋە باشقا ئۈچ تىلشۇناس بىلەن بىرلىكتە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 - يىلى نەشرى.
13. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قومۇل شېۋىسى» (كەسپىي يېتەكچى)، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى، 1997 - يىلى نەشرى.
14. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنۇر دىيالېكتى» (قىسقارتىلغان خەنزۇچە نۇسخىسى)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1999 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.
15. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇزىدىن سىناق ئېلىش پروگراممىسى» (مۇھەممەد ئېلى قاتارلىق بەش تىلشۇناس بىلەن ھەمكارلىقتا)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 - يىلى نەشرى.
16. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ خوتەن دىيالېكتى» (مەخسۇس ئەسىرى)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 - يىلى نەشرى.
17. «ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە لۇغەت»، (تۈزۈش ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتىگە قاتناشقان)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 - يىلى نەشرى.
18. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنۇر دىيالېكتى»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2006 - يىلى نەشرى.
19. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى (ئىملا ۋە تەلەپپۇز قائىدىسى)» (تاھىر ئابدۇۋەلى قاتارلىق بەش تىلشۇناس بىلەن ھەمكارلىقتا)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2009 - يىلى نەشرى.

II . ئىلمىي ماقالىلىرى

1. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنۇر دىيالېكتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى (تىل - ئەدەبىيات قىسمى)»، خەنزۇچە، 1962 - يىلى 1 - سان.

2. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ غەربىي ـ جەنۇبىي دىيالېكتى خوتەن شېۋىسى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى (تىل ـ ئەدەبىيات قىسمى)»، خەنزۇچە، 1963 ـ يىلى 1 ـ سان.

3. «ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىنىڭ ئىملا قائىدىسىدىكى بەزى قائىدىلەر توغرىسىدا»، «يېڭى يېزىق گېزىتى»، 1963 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى.

4. «يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى دەسلەپكى قەدەمدە تونۇشتۇرۇش» ناملىق كونسپېكتى، 1964 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى تەرىپىدىن ماشىنكىدا ئۇرۇپ بېسىپ تارقىتىلغان.

5. «ئۇيغۇر تىلىدىكى بىرىككەن سۆزلەر ۋە ئۇنى قوشۇپ يېزىش ئۇسۇلى ھەققىدە»، «شىنجاڭ يېزىق ئۆزگەرتىشى» ژۇرنىلى 1965 ـ يىلى 6 ـ سان.

6. «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىلاسسىك شائىرى گۇمنام»، «بۇلاق» (مەجمۇئە، ئومۇمىي 3 ـ توپلام)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى نەشرى، گۇمنامنىڭ تەرجىمھالى تونۇشتۇرۇلۇش بىلەن بىللە «گۇمنام غەزەللىرى»نى نەشرگە تەييارلاپ ئېلان قىلغان.

7. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنور دىيالېكتى» «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى (2)»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1982 ـ يىلى 2 ~ 3 ـ سان)

8. «XI ئەسىر ئوتتۇرا تۈركىي تىل يادىكارلىقلىرىدىكى Ẑ ھەرپى ۋە ئۇ ئىپادە قىلغان تاۋۇش توغرىسىدا مۇلاھىزە» «ئۇيغۇر تىلى مەسىلىلىرى»، ش ئۇ ئا ر تىل ـ يېزىق كومىتېتى، 1984 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى).

9. «مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يۇرتى، ھاياتى ۋە مازىرى توغرىسىدا» (ئىبراھىم مۇتئىي بىلەن ھەمكارلىقتا)، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1984 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان (بۇ ماقالە رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ تۈركمەنىستاننىڭ پايتەختى باكۇ شەھىرىدە چىقىدىغان «سوۋېت تۈركولوگىيەسى» ژۇرنىلىدا 1987 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان. رۇسچە تەرجىمىسى قازاقىستاننىڭ ئالما ئاتا شەھىرىدە چىقىرىلغان «ئۇيغۇر تىلى بويىچە تەكشۈرۈشلەر» ناملىق مەجمۇئەگىمۇ كىرگۈزۈپ نەشر قىلىنغان).

10. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى ۋە ئىملا لۇغىتىنىڭ تۈزۈلۈشى توغرىسىدا»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1985 ـ يىلى 4 ـ سان.

11. «مەھمۇد كاشغەرىي ۋە ئۇ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە بايان قىلغان ئەدەبىي تىل ھەققىدە»، «مەھمۇد كاشغەرىي» ناملىق توپلام، 1985 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى (خەنزۇچە تەرجىمىسى « «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تەتقىقاتى ماقالىلىرىدىن توپلام»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى نەشرگە كىرگۈزۈلگەن).

12. «دولان ئۇيغۇرلىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1987 ـ يىللىق 4 ـ سان.

13. «ئىملا قائىدىسىگە ئائىت ئېنىق بولمىغان بىر مەسىلە توغرىسىدا»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1989 ـ يىلى 5 ـ سان.

14. «قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ پاخپۇ شېۋىسى توغرىسىدا» (ئامىنە غاپپار بىلەن ھەمكارلىقتا)، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1990 ـ يىلى 3 ـ سان.

15. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى رەۋىشلەر توغرىسىدا»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى 1993 ـ يىلى 2 ـ سان.

16. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى تەقلىد سۆزلەر توغرىسىدا»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى 1992 ـ يىلى 6 ـ سان.

17. «چاغاتاي تىلى توغرىسىدىكى بەزى قاراشلىرىمىز» (خەمىت تۆمۈر بىلەن ھەمكارلىقتا)، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1993 ـ يىلى 1 ـ سان. بۇ ماقالە مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «خەمىت تۆمۈر ئىلمىي ماقالىلىرى» ناملىق كىتابقىمۇ كىرگۈزۈلگەن. ئىنگلىزچە تەرجىمىسى گېرمانىيەدە ھاراسوۋىتس نەشرىياتى نەشر قىلغان، «تۈركىي تىللار» ناملىق ژۇرنالنىڭ 2013 ـ يىللىق 1 ـ ، 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

18. «15 يىل دەم يېگەن بىر تەنقىدكە قارىتا»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1995 ـ يىلى 4 ـ سان.

19. « «قۇتادغۇبىلىك»تە ئىپادىلەنگەن ئەدەبىي تىل توغرىسىدا» (خەمىت تۆمۈر، ئامىنە غاپپارلار بىلەن ھەمكارلىقتا)، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1997 ـ يىلى 2 ـ، 3 ـ سانلىرى.

20. «لوپنورلۇقلارنىڭ ئەجدادى كىملەر؟»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1998 ـ يىلى 3 ـ سان.

21. «خوتەن دىيالېكتىنىڭ ئاق هۇن قاتلىمى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1998 ـ يىلى 4 ـ سان.

22. « ‹قۇتادغۇبىلىك›تە غۇ/گۈ قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق ياسالغان ئىسىمداشلارنىڭ قوللىنىلىشى»، «ئۇلۇغ ئىلمىي ئابىدە ــ ‹قۇتادغۇبىلىك›»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى 2005 ـ يىلى 4 ـ سان.

23. «بۇنىڭدىن 90 يىل ئىلگىرى تۇرپان قاراغوجىلىق ئوبۇل مەهدى يازغان بىر ‹نەزم بېيىت› »، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 2004 ـ يىلى 1 ـ سان.

24. «ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار مەسىلىسى توغرىسىدا»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 2009 ـ يىلى 6 ـ سان.

25. «ئۇلۇغ ئالىم مەهمۇد كاشغەرىي مازىرىنىڭ قەشقەر ئوپالدا ئىكەنلىكىنىڭ ئېنىقلىنىش جەريانى»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2009 ـ يىلى 1 ـ سان.

26. «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىق يادىكارلىقلىرىدىكى باغلىغۇچى قوشۇمچە li/h توغرىسىدا ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2012 ـ يىلى 2 ـ سان.

27. «ئۇيغۇر تىلىدا سۆز ياساشتىكى بىر ئۇنۇملۈك قوشۇمچە توغرىسىدا ئىزدىنىش»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى 2014 ـ يىلى 1 ـ سان.

### Ⅲ . نەشرگە تەييارلىغان ئەسەرلىرى

1. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 1980 ~ 1984 ـ يىللىرى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان، ئۇ 1 ـ تومنى نەشرگە تەييارلاش خىزمىتىگە قاتناشقان. 2 ـ ۋە 3 ـ توملىرىنى نەشرگە تەييارلاش خىزمىتىگە قاتنىشىش بىلەن بىللە مۇھەررىرلىكنى ئىشلىگەن. 2002 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»نىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىنى نەشر قىلدى، ئۇ 1 ـ تومىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىش ۋە كوررېكتورلۇق خىزمىتىنى ئىشلىدى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2008 ـ يىلى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» نىڭ يېڭى نۇسخىسىنى نەشر قىلدى، مىرسۇلتان ئوسمانوف تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتىنى ئىشلىگەن ھەمدە ئالدىنقى نەشرىدە كەتكەن خاتالىقلارنى تۈزەتكەن.

2. «چاھار دىۋان»، جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى «نەۋايى ئەسەرلىرىنى رەتلەش، نەشر قىلىش گۇرۇپپىسى»نىڭ باشچىلىقىدا نەۋايىنىڭ «چاھار دىۋان» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئاكادېمىك نۇسخىسى تەييارلىنىپ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 2011 ـ يىلى نەشر قىلىندى. مىرسۇلتان ئوسمانوف «نەۋادىرۇش شەباب»نىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مەتىنىنى ۋە لاتىنچە ترانسكرىپسىيەسىنى نەشرگە تەييارلىدى ھەمدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسىنىڭ تەھرىرلىكىنى تەكلىپ بىلەن ئىشلىگەن. «غەرەيىبۇس سىغەر»نىڭ لاتىنچە ترانسكرىپسىيەسى، چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مەتىنىنىڭ ھەمدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسىنىڭ تەھرىرلىكىنى تەكلىپ بىلەن ئىشلىگەن. «فەۋايىدۇل كىبەر»نىڭ لاتىنچە ترانسكرىپسىيەسى، چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مەتىنىنىڭ تەھرىرلىكىنى تەكلىپ بىلەن ئىشلىگەن. «بەدايىئۇل ۋەسەت»نىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مەتىنىنىڭ تەھرىرلىكىنى تەكلىپ بىلەن ئىشلىگەن.

2. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»نىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 2002 ـ يىلى نەشر قىلىندى، مىرسۇلتان ئوسمانوف 1 ـ تومىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىش ۋە كوررېكتورلۇق خىزمىتىگە قاتناشقان.

3. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگانىنىڭ «تارىخى رەشىدىي» ناملىق ئەسىرىنىڭ موللا مۇھەممەدنىياز بىننى ئابدۇلغەفۇر تەرجىمىسىنىڭ شۇ كىشى يازغان مۇقەددىمىسىنى نەشرگە تەييارلاپ، «بۇلاق» ژۇرنىلى 2000 ـ يىلى 1 ـ ساندا ئېلان قىلغان.

3. شائىر گۇمنامنىڭ «دىۋانى گۇمنام» ناملىق ئەسىرىنى نەشرگە تەييارلىغان، بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2004 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

4. ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىل تەتقىقات ئورنى تۈزگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى نەشر قىلغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ

(ئاخىرى 39 ـ بەتتە)

مەۋجۇتلۇق ۋە مۇتەپەككۇرلۇق




## پاقا ھەققىدىكى ھېكايىنىڭ ئىككى تەربىي

ئىلگىرى «ئىلمان سۇدىكى پاقا»نىڭ ھېكايىسىنى ئوقۇپ، بۇنى جانلىق مىسال سۈپىتىدە قىسمەن لېكسىيەلىرىمدە تىلغا ئالغانىدىم. ئۇنىڭدا پاقىنى تازا قىزدۇغان قازاندىكى مايغا تاشلىغاندا، پاقىنىڭ ئويلىمىغان يەردىن قازاندىن سەكرەپ چىقىپ كەتكەنلىكى، پاقىنى ئالدى بىلەن ئىلمان سۇغا سېلىپ تېمپېراتۇرىنى ئاستا- ئاستا ئۆرلەتكەندە، پاقا دەسلەپتە ھۇزۇر ھېس قىلىپ بەخىرامان تۇرۇۋەرگەنلىكى، تېمپېراتۇرا ئۆرلەپ، خەتەر يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلگەندە بولسا ماغدۇرسىزلىنىپ كۈچىدىن قېلىپ، قازاندىن سەكرەپ چىقالماي جېنىدىن ئايرىلغانلىقى مەزمۇن قىلىنغانىدى. پاقىنىڭ كۆز ئالدىدىكى خەتەرگە قايتۇرىدىغان ئىنكاسىنىڭ ناھايىتى تېز بولىدىغانلىقى، ئەمما تېخى يېتىپ كەلمىگەن خەتەرگە نىسبەتەن قايتۇرىدىغان ئىنكاسىنىڭ ناھايىتى ئاستا بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ «ھەقىقەت» ئادەملەرگە تەتبىق قىلىنىپ، كىشىلىك ھايات سەپىرىدىكى مۇشكۈلاتلارنىڭ ئادەمنى سەگەكلەشتۈرۈپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدىغانلىقى؛ ئوڭۇشلۇق ۋەزىيەت ئادەمنىڭ ئىرادىسىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ بىخۇدلاشتۇرۇپ قويىدىغانلىقى چۈشەندۈرۈلگەنىدى. يەنە بىر ماقالىدە چىرىكلىشىش يولىغا قاراپ ماڭغان مەمۇرلار ئاشۇ قىزىتىلىۋاتقان ئىلمان سۇدىكى پاقىغا ئوخشىتىلغانىدى. چىرىكلەشكەن بىر مەمۇر تولىمۇ ئەپسۇسلانغان ھالدا: «ئەگەر بېشىدىلا قايناق سۇغا تاشلىۋېتىلگەن بولساق چوقۇم بىر تاقلاپلا چىقىۋالاتتۇق. مانا ھازىر ۋاقىتلىق راھەت بىزنىڭ كۈرەش قىلىدىغان جاسارىتىمىزنى خورىتىپ، ئاخىر قىممەتسىز بىر كىشىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى» دېگەن.

كىشىلىك ھايات يولى داغدام، ئوڭۇشلۇق بولۇۋەرمەيدۇ، بىز ياشاش جەريانىدا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن خەۋپلەرنىڭ خىرىسىغا دائىم دېگۈدەك دۇچ كېلىپ تۇرىمىز. بەزى شېرىن نەرسىلەرگە زەھەر يالىتىلغان بولىدۇ، ئەگەر ئالدىنىپ ئۇنى يەپ قويساق

زەھەرلىنىپ قالىمىز ياكى ئىلمان سۇدىكى پاقىدەك ئې-
چىنىشلىق قىسمەتكە دۇچ كېلىمىز. «تىلى شېكەر،
دىلى زەھەر» بولۇشقا ئائىت ئىبرەتلىك ساۋاقلار
شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. بىر قىسىم توغرا بولمىغان ئى-
دىيە قاراشلار دەماللىققا كاللىمىزدىن ئۆتمەيدۇ،
بۇنداق چاغدا ئاشكارا ئېتىمىز دەرھال مۇداپىئە ھالى-
تىگە ئۆتۈپ بۇ خىل قاراشلارنى يوشۇرۇن ئېتىمىزغا
ئۆتكۈزمەيدۇ. بىراق بۇ خىل ئىدىيە قاراش كىشىلەر
تەرىپىدىن ھەقىقەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ ئۇزاق
ۋاقىت تەكرارلانسا، ئومۇملاشقان قاراشقا ئايلانسا
ياكى سىرتقى كۈچ تەرىپىدىن تۈرلۈك ۋاستىلەر ئارقى-
لىق ئېتىمىزغا ئاستا - ئاستا سىڭدۈرۈلسە، ئامالسىز
قالغان يوشۇرۇن ئاڭمۇ ئىشىكنى ئېچىشقا مەجبۇر
بولۇپ، خەتەرلىك بىر قاراش يوشۇرۇن ئېتىمىزدىن
ئورۇن ئالىدۇ. سەپسەتە كۆپ تەكرارلىنىۋەرسە ئەقلى
كوتا كىشىلەر ئاسانلا ئۇنى ھەقىقەت سۈپىتىدە قوبۇل
قىلىۋالىدۇ، ئۇ چاغدا چىن مەنىدىكى ھەقىقەت
ئۇلارنىڭ نەزەرىدە سەپسەتە دەپ قارىلىپ بىلىش ۋە
تەپەككۇر خاتالىقى كېلىپ چىقىدۇ. بىز يېقىنقى دەۋر-
لەرگىچە نامراتلىقنى شەرەپ ھېسابلاپ كەلگەچكە،
نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ نامراتلىقىدىن پەخىرلىنىپ
يۈرۈشتى. بىر قىسىم يازغۇچى، شائىرلار جىسمانىي
كۈچىگە تايىنىپ جاپالىق ئەمگەك قىلىسىمۇ نامراتلىقتىن
قۇتۇلالمايدىغان ئەمما «ئەخمەقلەرچە ياشاش رو-
ھى»غا مەدھىيەلەر ئوقۇشتى. كىشىلەرنىڭ نامرات
تۇرمۇش كەچۈرۈش بىلەن باياشات ياشاشتىن ئىبارەت
مۇشۇنچىلىك ئاددىي ئىشنىڭ پەرقىنى بىلەلمەس دەرى-
جىسىگە بېرىپ يېتىشى، بىر تەرەپتىن شۇ چاغدىكى سى-
ياسىي تۈزۈلمىدىن بولسا، ئاساسلىقى جاپا تارتىپ
ياشاش، نامرات تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىدىيەسىنىڭ كى-
شىلەر ئېڭىغا سىڭدۈرۈلۈشىنىڭ مەھسۇلى ئىدى.
ئېسىل تاماق ئالدىدا كىمنىڭ قورۇق ناننى غاجىلىغۇ-
سى كېلىدۇ؟ ئېسىل كىيىم تۇرسا كىمنىڭ كونا كىيىمنى
كىيگۈسى كېلىدۇ؟ تەييار ماشىنا تۇرسا كىمنىڭ ۋېلىسى-
پىت بىلەن ماڭغۇسى كېلىدۇ؟ كاللىسى ساز ئەمەس ئا-
دەممۇ بۇنىڭ پەرقىنى بىلىدۇ. مانا بۈگۈنكى كۈندە
نامراتلىق نومۇس، دەپ قارىلىدىغان بولغاچقا بۇ خىل
ئىدىيەنىڭ تۈرتكىسىدە كىشىلەر نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش
ئۈچۈن كۈرەش قىلماقتا. بۇرۇن كىشىلەر 1000
يىللاپ قۇياش يەر شارىنى مەركەز قىلىپ چۆرگىلەي-
دۇ، يۇقىرىدىن ئېغىر جىسىم بىلەن يېنىك جىسىمنى
تەڭ تاشلىغاندا ئېغىر جىسىم بالدۇر چۈشىدۇ دېگەن-
دەك نۇرغۇن خاتا قاراشلارغا ئىشىنىپ كەلگەنىدى.
يوشۇرۇن ئاڭغا ئۆتكەن خاتا قاراشلار خاتا ھەرىكەت-
لەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغاچقا، كىشىلەرنى ئوخشاش
بولمىغان دەرىجىدە قىسمەتلەرگە مۇپتىلا قىلغانىدى.
شەخسمۇ، ئىجتىمائىي توپمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا
ئەمەس. مىسالى، يەكەن خانلىقى دەۋرلىرىدىن باشلاپ
ئىدىئولوگىيە ساھەسىدە ھۆكۈمرانلىق ئورۇننى ئىگە-
لەشكە باشلىغان خوجا ئىشانلارنىڭ ئاتالمىش سوپىزم
سۈلۈك تەلىماتلىرى كىشىلەرنىڭ ئېڭىنى ئېغىر دەرىجى-
دە خۇراپاتلىق ئىدىيەلىرى بىلەن زەھەرلەپ، خەلقنى
400 - 500 يىل جاھالەت پاتقىقىغا پاتۇرۇپ، ئادىمىلىك
قەدىر-قىممەتتىن ياتلاشتۇرۇپ، چىدىغۇسىز ئېچىنىش-
لىق قىسمەتلەرگە پاتۇرۇپ قويغانىدى. قارىماققا توغ-
رىدەك تۇيۇلغۇ بېرىدىغان، ئەمەلىيەتتە خاتا بولغان ئى-
دىيە - قاراشلار، كىشىنى ھالاكەت يولىغا ئىتتىرىدىغان
شېرىن - شېكەر گەپلەر، گۈزەللىك ئىچىگە يوشۇرۇن-
غان رەزىللىكلەرنى ئاشۇ پاقىنىڭ جېنىنى ئالىدىغان
ئىلمان سۇغا ئوخشىتىشقا بولاتتى.

مەسىلىگە يەنە بىر نۇقتىدىن قارىساق: ئاق تاماكا
چېكىش ئادەمنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۆلۈم گىردابىغا
سۆرەپ بارىدۇ، شۇڭا نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى چېكىش-
تىن ھەزەر ئەيلەيدۇ. ئادەتتىكى تاماكىنى كۆپ چې-
كىشنىڭ ئاقىۋىتىمۇ ئوخشاشلا ئادەمنى ئاخىرقى ھېساب-
تا راك كېسىلىگە ئوخشاش ئېغىر كېسەللەرگە مۇپتىلا
قىلىدۇ، لېكىن تاماكا خىروئىنغا ئوخشاش جانغا تېز تا-
قالمىغاچقا، يەنە كېلىپ نۇرغۇن كىشىلەر تاماكا چېكىش-
نى ئادىتىگە ئايلاندۇرۇۋالغاچقا، كىشىلەر تاماكا چې-
كىشتىن ئۇنچە ھەزەر ئەيلەپ كەتمەيدۇ. بىز ئادەتتە
جىددىي خاراكتېرلىك كېسەللەردە جىددىي مۇئامىلىدە
بولىمىز، ئاستا خاراكتېرلىك كېسەلگە ئانچە ئۆكۈنۈپ
كەتمەيمىز. نۇرغۇن مەسىلىلەردە سان ئۆزگىرىشىگە
ئېتىبارسىز قارايمىز، سۈپەت ئۆزگىرىشى كېلىپ چىققان-
دا ھەيران قالىمىز. ئادەم تەييارلىقسىز ھالەتتە تۇرغان-
دا تاسادىپىي زەربىگە ئۇچرىسا، دەماللىققا نېمە قىلارى-
نى بىلەلمەي تەڭپۇڭلۇقنى يوقىتىپ قويىدۇ. كۆپ ھال-
لاردا تۇيۇقسىز زەربىلەر شۇ ئادەمنىڭ مەغلۇبىيىتىنى

كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئادەم جىددىي ئەھۋاللارغا دۇچ كەلگەندە ھوشيارلىشىپ، جىددىي ئىنكاس قايتۇرۇش پوزىتسىيەسىدە بولىدۇ. «قاۋىمىغان ئىتتىن قورقۇق» دېگەندەك، خەۋپ - خەتەرنىڭ ئىپادىسى يوشۇرۇن ھالەتتە بولسا ياكى شەپە چىقارماي يېقىنلاشسا ئادەم ھوشيارلىقىنى يوقۇتۇپ قويىدۇ - دە، خۇددى ئىلمان سۇدىكى پاقىدەك ئۆزىنى تۈزەشتۈرگىچە ئۈلگۈرەلمەي قالىدۇ. دېمەك، بىز يوشۇرۇن ئېڭىمىزغا ئايلىنىپ بولغان تاشقى تەسىرلەرگە جىددىي ئىنكاس قايتۇرالايمىز، تېخى يوشۇرۇن ئېڭىمىزغا ئايلانمىغان تاشقى تەسىرلەرگە جىددىي ئىنكاستا بولالمايمىز. پاقىدىمۇ تۆۋەن دەرىجىلىك ئاڭ بولۇشى مۇمكىن، ئۇنىڭ قىزىق ماي قازاندىن سەكرەپ چىقىپ كېتىشى يوشۇرۇن ئاڭنىڭ ئىنكاسى ئەمەس، بەلكى تەن سەزگۈلىرىنىڭ ئىنكاسىدۇر. چۈنكى پاقىدا يوشۇرۇن ئاڭ بولۇشى ناتايىن. بولۇپمۇ ئاڭ ئىدىيە يەنى روھىي جەھەتتىكى بىخۇدلۇق، ئۇچۇرلارغا نىسبەتەن پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەن بولۇشى، كىرىزىس ئېڭى بولماسلىق، بىخۇد بىپەرۋا ياشاش «مىققا ئۇسمىگىچە ھوشنى تاپماسلىق»تەك ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. «ئىلمان سۇدىكى پاقا»نىڭ ھېكايىسى ئېڭىمدا يۇقىرىقىدەك بىر قاتار پىكىر ۋە قاراشلارنىڭ تۇغۇلۇشىغا تۈرتكە بولغانىدى.

كېيىن يەنە بىر ماتېرىيالدىن «‹ئىلمان سۇدىكى پاقا›نىڭ يەنە بىر ھېكايىسى» ناملىق ماقالىنى ئۇچرىتىپ قالدىم. ماقالىدە دېيىلىشىچە، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدا بېيجىڭدىكى بىر ئايال بىيولوگىيە ئوقۇتقۇچىسى، سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنى تەشكىللەپ بۇ ھەقتە تەجرىبە ئېلىپ بارغان. ئوقۇغۇچىلار بىر نەچچە گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، ھەر بىر گۇرۇپپىغا بىردىن قاچا ۋە بىردىن پاقا تەقسىملەپ بېرىلگەن. ئوقۇغۇچىلار سۇنى سۇس ئوتتا قىزىتىپ، سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى كۆرسىتىدىغان تېرمومېتىر ئارقىلىق پاقىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆزەتكەن. تېمپېراتۇرا ئۆرلەپ 60 گىرادۇسقا يەتكەندە پاقا سەكرەشكە باشلىغان، 65 گىرادۇسقا يەتكەندە، قاچىدىكى پاقىلارنىڭ ھەممىسى سىرتقا سەكرەپ چىقىۋالغان. ئوقۇتقۇچى بۇنىڭدىن خۇلاسە چىقىرىپ: «پاقىلار پىشىپ قالسىمۇ سەكرەپ چىقمايدىغان دەرىجىدە دۆت ئەمەس. سىلەر كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىردەك ئېتىراپ قىلغان ۋە دائىم تىلغا ئالىدىغان قائىدىلەرنىڭمۇ خاتا چىقىپ قالىدىغانلىقىنى ھەرگىز ئېسىڭلاردىن چىقارماڭلار، جەمئىيەت ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلغان ‹ھەقىقەت›نىڭ سەپسەتە بولۇپ چىقىشىمۇ ئېھتىمالغا يېقىن. ھەرقانداق ئىشنى ئۆزۈڭلارنىڭ تەجرىبىسى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى ۋە پىكىر يۈرگۈزۈشىدىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ، باشقىلار نېمە دېسە شۇنىڭغا ئەگىشىۋەرمەڭلار» دېگەن. ئەپسۇس، مەكتەپ رەھبەرلىكى بۇ ئۆزگىچە قاراشقا ئىگە ئىقتىدارلىق ئوقۇتقۇچىنىڭ «ئوقۇتۇش مەزمۇنىدا يوق»، «ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەتىجە نومۇرى بىلەن مۇناسىۋەتسىز» بولغان تەجرىبىنى ئىشلىگەنلىكىدىن غەزەپلىنىپ، باھانە سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ ئۇنى خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىشكە قىستىغان. بۇ ماقالىنى ئوقۇپ كاللامدا يەنە مۇنداق پىكىرلەر ئەكس ئەتتى.

ئەمەلىي تەجرىبىگە ھۆرمەت قىلغىنىمىزدا، «ئىلمان سۇدىكى پاقا» ھەققىدىكى قاراش خاتا بولغان بولىدۇ. ئىلمىي تەتقىقات نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بۇنداق پرىنسىپال خاتالىقلارغا ھەرگىز يول قويۇشقا بولمايدۇ. ئەگەر بىر دوختۇر كېسەلگە خاتا دىياگنوز قويسا، خاتا داۋالاشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ - دە، ئېغىر ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ. بىر تېببىي ئالىم تەكرار ھالدا تەجرىبىدىكى خاتالىققا يول قويۇپ ياكى تەپەككۇرى خاتا رايونغا كىرىپ قېلىپ مەلۇم بىر دورىنى ياساپ چىققان بولسا، بۇنىڭ زىيىنى ھەسسىلەپ ئېغىر بولىدۇ. شۇڭا تەجرىبە ئىشلەش ناھايىتى ئىنچىكىلىكنى تەلەپ قىلىدۇ، توغرا تەجرىبە نەتىجىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن بەزىدە 100 قېتىملاپ ھەتتا 1000 قېتىملاپ تەجرىبە ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. كىشىلەرگە بىلىمنى خاتا يەتكۈزۈش، ساغلام بولمىغان ئىدىيەلەرنى سىڭدۈرۈشنىڭ زىيىنىمۇ ئۇنىڭدىن قېلىشمايدۇ ھەتتا ئېشىپ كېتىدۇ. ئىشلەنگەن تەجرىبە توغرا ياكى خاتا بولسۇن، ئۇنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا توغرا تەتبىقلاش مەسىلىسى ناھايىتى مۇھىم، يەنى تەتبىقلاش ئوقۇرمەننىڭ ئاكتىپ روھىي ھالەت، ئاكتىپ پوزىتسىيە شەكىللەندۈرۈشىگە پايدىلىق بولۇشى كېرەك. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، مېنىڭچە پاقا ھەققىدىكى ھېكايە گەرچە ئىلمىي نۇقتىدىن ئېيتقاندا خاتا بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنى مۇشكىلاتلار ئارقىلىق ئۆزلىرىنى

سەگەكلەشتۈرۈپ تۇرۇشنى، قىيىنچىلىقنىڭ ئادەمدە جاسارەت پەيدا قىلىدىغانلىقىنى، ئوڭۇشلۇق ۋەزىيەتنىڭ ئادەمنىڭ ئىرادىسىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ بىخۇدلاشتۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى، شۇڭا ھەر ۋاقىت سەگەك ياشاشنىڭ زۆرۈرلۈكىدىن ئىبارەت قاراشنى تەكىتلەشنى خاتا دەپ قاراشقا بولمايدۇ. بىز كۆپ ھاللاردا تەربىيەنىڭ تەسىرچانلىقىنى ئاشۇرۇش، ئوتتۇرىغا قويغان نۇقتىئىنەزەرنى جانلىق پاكىتلار بىلەن يورۇتۇش مەقسىتىدە، ھايۋاناتلار دۇنياسىدىكى ئىشلارنى ۋە ئۇلار ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان تەجرىبىلەرنى ئىنسانلار تۇرمۇشىغا تەتبىقلاپ ئۇنى پىكىر قاراشلىرىمىزنىڭ دەلىلى قىلىمىز. مەسىلى، تۈكلۈك چېپار قۇرتنىڭ ھالاكىتى ھەققىدىكى تەجرىبىسىگە ئاساسەن، كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ قارا قويۇق باشقىلارنى دوراش، «ئەل قاتارى مېڭىش»، پىكىرنىڭ تۇرغۇنلىشىپ قېلىشىدىن ئىبارەت قىلتاقلار ۋەجىدىن چىدۇغۇسىز بەدەللەرنى تۆلەشكە مەجبۇر بولىدىغانلىقى، مول ھاياتلىق مەئىشەتلىرىنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىدىنلا بەھرىمەن بولالايدىغانلىقى، قىلتاققا چۈشمەسلىك ئۈچۈن پىكىر يۈرگۈزۈشكە ماھىر بولۇپ، خاسلىقنى ئېتىقادقا ئايلاندۇرۇش كېرەكلىكى... دېگەنگە ئوخشاش قاراشلارنى ئىلگىرى سۈرىمىز. بىز بەزىدە ئىنسانلار تەبىئىتىگە خاس ئىشلارنى ھايۋاناتلارغا، ئۆسۈملۈكلەرگە يۈكلەش ئارقىلىق، يەنى ئىبرەتلىك مەسەل چۆچەكلەر ئارقىلىق كىشىلەرنى ئۇلاردىن ساۋاق ئېلىپ ئەقىل ۋە ئىبرەتكە ئىگە قىلىشقا ئۈندەيمىز. مەسىلى، «ئۈچ پاقىنىڭ تەقدىرى» ناملىق مەسەلدە، سۈت چېلەككە چۈشۈپ كەتكەن 1-پاقا ئۆزىنى تەقدىرنىڭ ئارغامچىسىغا تاپشۇرۇپ، مىدىر-سىدىر قىلماي ئەھۋالنى كۆزىتىپ يېتىپ ئۆلۈپ قالىدۇ. 2-پاقا گەرچە چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ، چىقىپ كېتىشكە كۆزى يەتمىگەندىن كېيىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، چېلەك ئاستىغا كىرىپ ئۆزىنى تۇنجۇقتۇرۇۋالىدۇ. 3-پاقا ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ، پۇتىنىڭ ئاستىغا قويىدىغان بىرەر نەرسە بولسا چىقىپ كېتەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلىپ، ئۇياق-بۇياققا ئۈزۈپ يۈرۈپ پۇتىنىڭ ئاستىغا قويىدىغان نەرسە ئىزدەيدۇ، پاقىنىڭ توختىماي ئۈزۈشى بىلەن سۈت ئۇيۇپ قايماق بولۇپ شەكىللىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قايماقنىڭ ياردىمىدە پاقا بىر سەكرەپ چېلەكتىن چىقىپ كېتىدۇ. بۇ ئارقىلىق پاسسىپ، ئۈمىدسىز ئادەملەرنىڭ قىيىنچىلىق ياكى خەتەرگە يولۇققاندا ئاسانلا بەل قويۇۋېتىپ مەغلۇبىيەتكە تەن بېرىدىغانلىقى؛ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەل قىلىش چارىسىنى ئىزدىگەن، پۇرسەت يارىتىشنى بىلىدىغان ئادەملا مۆجىزە يارىتالايدىغانلىقىدەك ئىدىيەنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. يەنە بەزىدە ماددىلارنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيەتلىرىنى مەسىلى ئېلېكترونلارنىڭ ھەرىكىتى دېگەندەك تەبىئىي پەندىكى قانۇنىيەتلەرنى تۇرمۇشتىكى ئىشلارغا تەتبىقلاش ئارقىلىق يېڭى پىكىرلەرگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ. دېمەكچىمەنكى، ئادەم پىكىر ۋە تەپەككۇر قىلالايدىغان، ھېسسىياتقا باي، روھىي دۇنياسى تولىمۇ مۇرەككەپ بولغان ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋان. شۇڭا يۇقىرىقىغا ئوخشاش تەدبىقلاشلارنىڭ ئىنسان تەبىئىتىگە مۇۋاپىق كېلىدىغانلىرىمۇ، مۇۋاپىق كەلمەيدىغانلىرىمۇ بولىدۇ. شۇڭا بۇنداق مەسىلىلەرنى ئۆلۈك ھالدا قوبۇل قىلىشقا ئالدىرىماي تەپەككۇرنىڭ ئەلگىكىدىن ۋە تەجرىبىنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكۈزۈپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ.

ھېلىقى ئايال ئوقۇتقۇچىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، نېمە ئۈچۈن «ئىلمان سۇدىكى پاقا» تەجرىبىسىگە سان-ساناقسىز كىشىلەر گۇمان بىلەن قاراپ باقمىدى، ياكى بۇ ئاددىي تەجرىبىنى ئىشلەپ كۆرمىدى؟ بۇنىڭدىن بىز جۇڭگولۇقلارنىڭ خاسلىق ۋە مۇستەقىللىق خاراكتېرىمىزدە، ئەقلىي تەپەككۇرىمىزدا ئېغىر نۇقسانلارنىڭ بارلىقىنى، بىزدە يېڭىلىق يارىتىش تىپىدىكى ئادەملەرنىڭ تولىمۇ ئازلىقىنى، ئەكسىچە ھېسسىيات تىپىدىكى ئادەملەرنىڭ ساناقسىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ئوقۇرمەنلەرگىمۇ ئايان بولسا كېرەك. ئائىلە مۇھىتىدىن ئېيتساق، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ ئەمدىلا بىخ سۈرۈۋاتقان گۇمانتار قاراشلىرىغا ئېتىبارسىز قارايدۇ، ئۆزلىرىنى بىلەرمەن چاغلايدۇ، ھەممىدە مېنىڭ دېگىنىم ھېساب، مېنىڭ دېگىنىم توغرا، بالا دېگەن ئاتا-ئانىنىڭ گېپىنى شەرتسىز ئاڭلىشى كېرەك دەپ قارايدۇ. يەنى بالىلارنىڭ تىزگىنىكى ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ قولىدا بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پىكىر قاراشلىرىنى مەجبۇرىي ھالدا بالىلىرىنىڭ ئېڭىغا سىڭدۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ سانسىز نېمە ئۈچۈنلىرى جاۋابسىز

قـالدۇرۇلغاچقا، گۇمانىي قـاراشلىرى بىـخ ھـالىتىدىلا
نابۇت بولۇشقا باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بـالىدا كـاللا
ئىشلەتمەيدىغان، ھەممىدە ئاتا ـ ئانىغا يۆلىنىۋالىدىغان
خاراكتېر يېتىلىشكە باشلايدۇ. ئۇلار مەكتەپكە كىرگەنـ
دىن كېيىن بۇ خىل ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ. ئـوـ
قۇتقۇچىلىرىمىز كىتابى بىلىملەرنى مۇتلەق ھەقىقەت
سۈپىتىدە ئوقۇغۇچىلارغا يەتكۈزىدۇ، بۇ بىلىملەرگە
شەك كەلتۈرۈشكە، گۇمان بىلەن قاراشقا ئىمكانىيەت
قالدۇرمايدۇ. باشقىچە پىكىردە بولغانلار چەتكە قېقىلىـ
دۇ، مەسخىرە ياكى تەنقىدكە ئۇچرايدۇ. بىز ئـوقۇغۇـ
چىلارنىڭ جاۋابلىرىغا كىتابتىكى ئۆلچەمنى ئاساس
قىلىپ ناھايىتى يەڭگىلتەكلىك بىلەن «توغرا» ياكى
«خاتا» دەپ باھا بېرىمىز، بىلىمنى ئۆلۈك ھالدا يەتـ
كۈزۈشكە ئېتىبار بىلەن قاراپ ئىقتىدار يېتىلدۈرۈشكە
سەل قارايمىز. مەسىلى، بىزنىڭ تارىخ دەرسىمىزدىن
جياۋۇ ئۇرۇشى قاچان پارتلىغان؟ قانداق شەرتنامە
ئىمزالانغان؟ قانچىلىك يەر كېسىپ بېرىلگەن؟ قانچىـ
لىك تۆلەم تۆلەنگەن؟ دېگەندەك بىلىم خاراكتېرى
كۈچلۈك، ئەمەلىي قىممىتى ئانچە يوق سوئاللار چىقىـ
رىلسا؛ ياپونىيەنىڭ تارىخ ئىمتىھان سوئالىدا: ياپونىيە
بىلەن جۇڭگو ھەر 100 يىلدا بىر قېتىم ئۇرۇش قىلىـ
دۇ. 19 ـ ئەسىردە ياپونىيە بىلەن چىڭ سۇلالىسى ئۇ
رۇشتى. 20 ـ ئەسىردە يەنە بىر قېتىم جۇڭگو ياپونىيە
ئۇرۇشى بولدى. ئەگەر 21 ـ ئەسىردە ياپونىيە بىلەن
جۇڭگو ئۇرۇش قىلىپ قالسا، سىزنىڭچە بۇ ئۇرۇش
قاچانلاردا يۈز بېرەر؟ ھۆكىمىنچىلىكنىڭ يىراق سەۋەـ
بى ۋە يېقىن سەۋەبى نېمە؟ ئەگەر ياپونىيە غەلىبە
قىلسا قەيەردە غەلىبە قىلالار؟ ئەگەر مەغلۇپ بولسا
قانداق شارائىت ئاستىدا مەغلۇپ بولىدۇ؟ بۇلارغا
نىسبەتەن تەھلىلىڭىزنى ئوتتۇرىغا قويۇڭ دېگەندەك
ئوقۇغۇچىلارنى پىكىر قىلىشقا يېتەكلەيدىغان سوئاللارـ
نى چىقىرىدىكەن. قىسقىسى بىز پەرزەنتلەرنىڭ گۇماـ
نىي قارىشىنى يېتىلدۈرۈشكە، مەسىلىلەرگە باشقا نۇقتىـ
دىن پىكىر يۈرگۈزۈپ كۆرۈشكە پىكىر ۋە تەپەككۇـ
رىنى يېتىلدۈرۈشكە تولىمۇ ئېتىبارسىز قارايمىز. كىتابـ
تىكى مەزمۇنلارغا مۇناسىۋەتسىز سوئاللارنى سورايدىـ
غان، ئۆزگىچە قاراشقا ئىگە، مۇئەللىمنىڭ دېگەنلىرىگە
گۇمان بىلەن قارايدىغان «ئۆز بېشىمچى» ئوقۇغۇچىـ
لار كۆزىمىزگە سىغمايدۇ. ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە چىقـ
قاندىن كېيىنكى ماڭىدىغان يول خەرىتىسى ئالدىن بېـ
كىتىلگەن بولىدۇ. قىسقىسى بىزدە ھەممە نەرسىلەر شۇ
قەدەر قېلىپلاشقان، ئۆلچەملەشكەن، توغرا بىلەن خاتاـ
نىڭ چەك ـ چېگراسى ئېنىق ئايرىلغان. شۇنداق بولـ
غاچقا بىزنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىمىز، پىكىر قىلىش ئۇـ
سۇلىمىز، ياشاش شەكلىمىز مەلۇم بىر قېلىپ ياكى ئەنـ
دىزىنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتىدۇ، تەپەككۇرىمىز ناھايـ
تى قاشاڭلىشىپ كېتىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا بىز جانلىق
بىر ئادەم، مۇستەقىل سۇبيېكت بولۇشتەك ئادىمىلىك
خاراكتېرىمىزنى يوقۇتۇپ سېزىپ سەزمىگەن ئاساستا
ماشىنىلاشقان ئادەملەرگە ئايلىنىپ قالىمىز. خاسلىق
خاراكتېرى بولمىغان ئادەمدە ھەرگىز يېڭىلىق يارـ
تىش ئىقتىدارى بولمايدۇ.

كېيىنكى ماقالىنىڭ ئاپتورى چەت ئەللىك بىر
دوستىدىن «ئىلمان سۇدىكى پاقا»غا قانداق قارايدىـ
غانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ مۇرىسىنى قىقىپ قويۇپ، بۇ
ئىشتىن خەۋەرسىزلىكىنى، بىراق تەجرىبە ئىشلەپ
باققان مۇتەخەسسىسلەردىن سۈرۈشتۈرۈپ باقسا بولىـ
دىغانلىقىنى ئېيتقان. دېمەك ئۇ چەت ئەللىك مەسىلىـ
لەرگە ھېسسىيات نۇقتىسىدا ئەمەس، بەلكى ئەقلىي تەـ
پەككۇر نۇقتىسىدا تۇرۇپ پىكىر يۈرگۈزىدىغان تەبىئـ
تىنى نامايان قىلغان. بىز بۇنى ئىككى خىل مائارىپنىڭ
ھاسىلاتى دېمەي تۇرالمايمىز. كىشىنى تولىمۇ ئەپسۇسـ
لاندۇرىدىغىنى، ئەسلىدە جۇڭگو مائارىپى پاقا ھەققىـ
دە تەجرىبە ئېلىپ بارغان بىيولوگىيە مۇئەللىمىگە
ئوخشاش مۇئەللىملەرگە تولىمۇ ئېھتىياجلىق ئىدى.
جۇڭگو مائارىپىنىڭ تەقدىرىنى ئەنە شۇنداق ئوقۇتقۇـ
چىلار قۇتقۇلدۇرۇپ قالالايتتى. بىراق ئۇ ئوقۇغۇچىـ
لارنىڭ گۇمانىي قارىشىنى يېتىلدۈرۈشكە، پىكىر يوللىـ
رىنى ئېچىشقا كۆڭۈل بۆلگەن «گۇناھى» سەۋەبلىك
مەكتەپتىن ھەيدەلدى. بۇ ئادەمنى چوڭقۇر ئويغا سالىـ
دۇ ۋە ئېچىندۇرىدۇ. يۇقىرىقىدەك بىر مەسىلىنىڭ
ئىككى تەرىپى كۆرسىتىپ بېرىلگەن مەسىلىلەر تەپەكـ
كۇرىمىزنى ئازراق بولسىمۇ سىلكىتمەي قالمايدۇ.

## ماختاش پايدىلىقمۇ

بىز ئادەتتە ماختاشنى ئىلھاملاندۇرۇشنىڭ ئۈنۈمـ
لۈك ئۇسۇلى دەپ قارايمىز. شۇڭا ماختاش ئارقىلىق

بالىمىزنىڭ ئاكتىۋاللىقىنى قوزغاتماقچى بولىمىز، باشقىلارنى ماختاش ئارقىلىق كۆڭلىنى ئۇتماقچى ياكى بىرەر مەقسىتىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇش غەرىزىدە بولىمىز. ئوقۇتقۇچى سىنىپتا نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغان ئوقۇغۇچىنى ماختاش ئارقىلىق شۇ ئوقۇغۇچىنىڭ تىرىشچانلىقىغا ئىلھام بېرىش بىلەن بىللە، باشقىلارنىمۇ ئۇنىڭدەك بولۇشقا رىغبەتلەندۈرمەكچى بولىدۇ. رەھبەرلەر خىزمەتتە نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغان خىزمەتچىلەرنى كۆپچىلىك ئالدىدا ماختاش ياكى تەقدىرلەش ئارقىلىق ئۈلگىنىڭ رولىدىن پايدىلانماقچى بولىشىدۇ.

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدىلا مەلۇم بىر كىشىنى ماختاشقا ھەرگىز بولمايدىكەن. چۈنكى ماختاش بىر خىل خەتەرلىك ھەم تېز ئۈنۈم كۆرسىتىدىغان ئۇسۇل بولۇپ، ماختاشقا توغرا كەلسە ئەڭ ياخشىسى ئاستىرتتىن ماختاش مۇۋاپىق ئىكەن. ئەڭ يېڭى تەتقىقاتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، ماختاشنىڭ زىيىنى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ياندىكى كىشى تەرىپلەنگەن كىشىگە دۈشمەنلىك نەزەرى بىلەن قاراپلا قالماستىن، بەلكى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا ماختىغۇچىدىن بىزار بولۇشقا باشلايدىكەن. يەنە تېخى ماختالغۇچىغا ھەسەت قىلىپ، ماختىغۇچىغا نەپرەت كۆزى بىلەن قارايدىكەن. كەسپىي ساھەدىكى ئەھۋالمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئىكەن. مەلۇم بىر خىزمەتچى باشقا بۆلۈمدىكى بىرەر خادىمنىڭ خوجايىنى تەرىپىدىن ماختالغانلىقىنى ئاڭلاپ قالسا ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەيدىكەن. ئەمما، خوجايىننىڭ يېنىدىكى خىزمەتدىشىنى ئوچۇقتىن ئوچۇق ماختىغىنىنى ئاڭلىسا ئىچى ئاچچىق بولىدىكەن. كۆپ ساندىكى باشقۇرغۇچىلار بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ نەتىجىسىنى ماختىغاندا باشقىلار تېخىمۇ تىرىشىپ ئىشلەيدىغان بولىدۇ دەپ قارايدىكەن. ئەمەلىيەتتە بۇ پەقەت نارازىلىق كەيپىيات پەيدا قىلىپ، تېخىمۇ كۆپ ئۆچمەنلىك ئۇرۇقىنى چاچىدىكەن. مەسىلى، ھەر ھەپتىدە ئەڭ ياخشى خادىمنى باھالاپ چىقىش ياكى شىركەت خەۋىرىدە مەلۇم خادىمنىڭ پارلاق نەتىجىلىرىنى تەشۋىق قىلىش قاتارلىقلارنىڭ پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ ئىكەن. يۇقىرىقى قاراشلار لۇسىي كېلاۋېينىڭ «ماختاش پايدىلىقمۇ» ناملىق ماقالىسىدا تىلغا ئېلىنىدۇ.

مېنىڭ بۇ مەسىلە ھەققىدىكى قارىشىم مۇنداق: ھەرقانداق بىر ئادەم باشقىلارنىڭ ماختاش ۋە تەرىپلىشىگە ئېرىشكەندە خۇشاللىق كەيپىياتىدا بولىدۇ، ئەكسىچە تەنقىد ۋە ئەيىبلەشكە ئۇچرىغاندا كۆڭلى غەش بولىدۇ، ئازابلىنىدۇ. بولۇپمۇ بىر ئادەم ئۆزى يوق يەردە باشقىلارنىڭ ماختىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندا تېخىمۇ خوش بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى كىشىلەرنىڭ ماختىشى ۋە ئېتىراپ قىلىشىغا ئىنتىلىش ئىنساننىڭ تەبىئىتى. دالى كارنېگ ئېيتقاندەك: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئەڭ جىددىي ئېھتىياج - مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولغان تەشنالىقتۇر». بالىلارغا نىسبەتەن ماختاشنىڭ تەسىر كۈچى تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ. بۇ مەنىدىن ئالغاندا ماختاش ئارقىلىق ماختالغۇچىنىڭ ئاكتىپ روھىي ھالىتىنى يەنىمۇ قوزغاتقىلى، ئىرادە كۈچىنى ئاشۇرغىلى، تېخىمۇ ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە مەدەت بەرگىلى بولىدۇ. بەلكىم دەل جايىدا ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق ماختاش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش بىر بالىنىڭ كەلگۈسىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى ئىچكى ئېنېرگىيە بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بىراق ماختاش توغرا مۇددىئادا، توغرا ئۇسۇلدا ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. پېداگوگلار بالىلارنى كەلسە-كەلمەس ماختىماسلىقنى، بالا ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن، قانداق بىر ئىشنى ياخشى قىلغانلىقى سەۋەبلىك ماختالغانلىقىنى بىلىشى كېرەكلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. بالا ماختىغۇدەك بىر ئىشنى قىلمىغان ئەھۋالدا قۇرۇقتىن-قۇرۇق ماختاش بالىنى گاڭگىرىتىپ قويىدۇ، ماختاشنىڭ ئەتىۋارى ۋە تەسىرچانلىقى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. مۇبادا بالا ماختاشقىلا كۆنۈپ قالسا، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا ئۆزىنى ئاسانلا يوقىتىپ قويىدۇ، پسىخىكىسى ئاجىز يېتىلىپ قالىدۇ. مېنىڭچە بالىلارغا نىسبەتەن ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى بايقىغان ھامان لايىقىدا ماختاپ ئىلھام بېرىش، بولۇپمۇ باشقىلار ئالدىدا بالىسىنىڭ ئارتۇقچىلىق تەرەپلىرىنى ئۇستىلىق بىلەن بالىغا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ ماختاش بالىنىڭ تىرىشچانلىقىغا زور ئىلھام بېرىدۇ. مېنىڭ ئانام گەرچە ساۋاتسىز بولسىمۇ، بالا تەربىيەلەشكە خېلى ئېپى بار ئىدى. كىچىك چاغلىرىمدا ئۆيگە كەلگەن مېھمانلار مېنىڭ ئىككى تۆت ئېغىز تەرىپىمنى قىلىپ قويسا، ئانام بۇنداق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇلارغا بىرمۇنچە ياخشى گېپىمنى قىلىپ بېرە-

تى. بۇنداق چاغلاردا بۆلەكچىلا روھلىنىپ كېتەتتىم، غەيرىتىمگە غەيرەت قېتىلغاندەك، روھىم كۈچكە تولغاندەك بىر خىل ئاكتىپ ئېنېرگىيە تېشىمغا تېپىپ، كىشىلەر ماختىغۇدەك ئىشلارنى كۆپلەپ قىلىش، تېخىمۇ ياخشى بالا بولۇش نىيىتىگە كېلەتتىم، ئاشۇ ماختاش رىغبەتلەندۈرۈشلەر مېنىڭ يامان ئىشلارنى قىلىشىمنى توسۇپ تۇراتتى. «ئادەم قۇلاقتىن سەمرىيدۇ» دېگەن تەمسىل سەۋەبسىز ئېيتىلمىغان بولسا كېرەك.

بالىلىق قەلب ساپ بولىدۇ، ياشنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ قەلبنىڭ ساپلىقىمۇ بۇلغىنىشقا باشلايدۇ. تۈرلۈك ئېھتىياجلار كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەنپەئەت توقۇنۇشلىرىنى كۈچەيتىشكە باشلايدۇ. بىراۋنىڭ كۆپچىلىك ئالدىدا ماختىلىشى شۇ شەخسنىڭ ئاكتىۋاللىقىنى يەنىمۇ قوزغىتىشقا پايدىلىق بولسىمۇ، بۇنداق ماختاشنى ئەتراپتىكىلەرنىڭ خوپ كۆرۈپ كېتىشى ناتايىن. بىر ئادەمنى ماختاش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ئاكتىۋاللىقىنى قوزغىغىلى بولىدۇ دەپ كېسىپ ئېيتىشقا بولمايدۇ. چۈنكى ھەرقانداق ئادەمدە ھەسەتخورلۇق، كۆرەلمەسلىك پسىخىكىسى بولىدۇ. بۇ خىل پسىخىكىنىڭ ھەر بىر ئادەمدە ئىپادىلىنىش دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ. گوللاندىيەلىك پسىخولوگ نېلس ۋاندېۋېن ئېيتقاندەك، ئىجابىي رىقابەت ئادەمنى قارشى تەرەپتىن ئېشىپ كېتىشكە ئۈندىسە؛ پاسسىپ رىقابەت ئادەمنى قارشى تەرەپنى چەتكە قېقىشقا، ئۇلارغا ئاستىرتتىن زىيانكەشلىك قىلىشقا قۇترىتىدۇ. بىر ئادەمنى ماختاش ئەمەلىيەتتە باشقىلارنى چۆكتۈرگەنلىك، باشقىلارغا روھىي زەربە بەرگەنلىك، باشقىلارنىڭ ھېسسىياتىغا ھۆرمەت قىلمىغانلىق ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا كۆپ ساندىكى كىشىلەر بىرىنى ئۇچۇرۇپ ماختاش ئارقىلىق كۆپچىلىكنى چۆكۈرىدىغان ماختاشنى خالىمايدۇ، ئۇلار يالغاندىن ئالقىش ياڭرىتىپ، يالغاندىن باش لىڭشىتىپ قويغىنى بىلەن ئىچىدە نارازى بولىدۇ.

ئەسلىسەم، ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىمدە بىر ساۋاقدىشىمنىڭ ئۆگىنىش تەتجىسى سىنىپ بويىچە ئالدىدا بولۇپ، ئۇ بەكلا تىرىشچان ئىدى، باش كۆتۈرمەي ئۆگىنىش قىلاتتى. ئۇنى ھەممە ئوقۇتقۇچىلار دېگۈدەك ماختاپ بىزنى ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلاتتى. لېكىن ئۇ ماختاشقا قانچە ئېرىشكەنسىرى كۆرەلمەيدىغانلار، ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغانلار كۆپىيىپ، تۈرلۈك ۋاستىلەر بىلەن ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك قىلاتتى، ھەتتا ئارىغا ئالماي چەتكە قاقاتتى. ئۇنىڭ ساۋاقداشلاردىن كۆڭلى سۇ ئىچمىگەچكە ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۆزىگە خۇشاللىق تاپاتتى، تەسەللىگە ئېرىشەتتى. كېيىن مەن خىزمەت جەريانىدىمۇ بۇ خىل ئەھۋاللارنى كۆپ ئۇچراتتىم. بۇ خىل رېئاللىق ماڭا، بىر ياكى بىر قانچە ئادەمنى رىغبەتلەندۈرۈش بەدىلىگە كۆپچىلىكنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاش، خىزمەت ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە پايدىسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرغانىدى. راستىنى ئېيتقاندا زىيادە كۆپ ئېلانغا چىقىپ كەتكەن، كۆپ ماختىلىپ كەتكەن، زىيادە ئاكتىپ، نۇقسانسىز، مۇكەممەل كىشىلەرنى كۆپچىلىك ياقتۇرۇپ كەتمەيدۇ. يۇقىرىقى ماقالىدە «ماختاشنىڭ زىيىنى ناھايىتى چوڭ» دەپ قارالغان. بۇ قاراشنىڭ قايسى نۇقتىدىن چىقىپ دېيىلۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىش كېرەك. دەل جايىدا، ئورنىنى تېپىپ قىلىنغان ماختاش شۇ شەخسكە نىسبەتەن ئىلھام ئاتا قىلىدۇ. لېكىن كۆپچىلىك ئالدىدا بىراۋنى ماختاش، بولۇپمۇ ئاشۇرۇپ ماختاش، خاتا ھالدا ماختاش ياكى قەستەن ھالدا ماختاش باشقىلاردا نارازىلىق كەيپىيات پەيدا قىلىدۇ. ئەگەر بىر ئوقۇغۇچى ئىزچىل تىرىشۋاتقان، ئارتۇقچىلىقىنى نامايان قىلىۋاتقان، بۇرۇنقىغا قارىغاندا ئىلگىرىلەش ھاسىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭغا ھېچكىم دىققەت قىلمىسا، باشقىلارنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشىگە ئېرىشەلمىسە ئىرادىسى بوشاپ، تىرىشماس بولۇۋالىدۇ. بىر خىزمەتچى شۇنچە تىرىشىپ ئىشلىسىمۇ باشقىلار ئۇنىڭ تەرىپىنى قىلىپ قويمىسا، بولۇپمۇ رەھبەر بولغۇچىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشەلمىسە، خىزمەت قىزغىنلىقى بارا - بارا سۇسلاپ كېتىدۇ. شۇڭلا ئورنىنى تېپىپ لايىقىدا ماختاش ئىلھاملاندۇرۇش دورىسى ھېسابلىنىدۇ. پېداگوگلار «بىر ئادەمنىڭ ئەڭ زور ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۇسۇلى — ئۇنى مەدھىيەلەش ۋە ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىشتۇر» دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئايرىم، ئالاھىدە ئەھۋاللاردا ئۆلگىلەرنى كۆپچىلىك ئالدىدا ماختاش زىيانلىق ئەمەس. بىزدە «ئۆلگىنىڭ كۈچى چەكسىز» دېگەن گەپ بار. ئادەم ئەتراپىدىكى رىقابەتچىلىرىنىڭ ماختىلىشىنى ياخشى كۆرمىسىمۇ، ئەمما مۇۋەپپەقىيەت

قازانغان شەخسلەرنىڭ تەسىرلىك ئىش ئىزلىرىنى تېلېۋىزور ۋە كىتابلاردىن كۆرۈپ تەسىرلىنىدۇ ۋە تېگىشلىك ئىلھام ۋە قوزغىتىش كۈچىگە ئىگە بولالايدۇ.

بۇ يەردە ئۆزۈمنىڭ بىۋاسىتە تەسىراتىدىن ئۆتكەن بىر مەسىلىنى قىستۇرۇپ ئۆتۈشنى توغرا تاپتىم. ئىككى يىل ئىلگىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، «ئانىنىڭ كامالىتى — بالىنىڭ ھالاۋىتى» ناملىق كىتابنى تۈزۈش ھەيئىتى قۇرۇلۇپ، شۇ نامدا كىتاب نەشر قىلىنغانىدى. كىتابنىڭ كىرىش سۆزىدە «مەزكۇر كىتابقا رايونىمىزدىكى تۈرلۈك ئىجتىمائىي مەسىلىلەر تەتقىقاتى، نىكاھ، ئائىلە مەسىلىلىرى، پەرزەنت تەربىيەسى، پسىخولوگىيە، قانۇن، تېببىي ئىلىم قاتارلىق ساھەلەردىكى نوپۇزلۇق مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۆپ يىللىق ئىزدىنىشلىرى ۋە تەتقىقاتلىرىنىڭ جەۋھىرى كىرگۈزۈلدى» دەپ يېزىلغانىدى. كىتابقا مۇندەرىجە تەرتىپى بويىچە ئابدۇقادىر جالالىدىن، يالقۇن روزى، ھاجى ئاتىكە مىرئەخمەت، تۇرسۇنمۇھەممەد توختى، گۈلباھار ناسىر، زىنۋىدە ئابدۇكېرىم، گۈلنار تېيىپ، گۈزەلنۇر ئابلىز، رۇقىيە غوجى قاتارلىق توققۇز ئاپتورنىڭ ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئەسىرىمنىڭ يۇقىرىدا نامى زىكىر قىلىنغان نوپۇزلۇق قەلەم ئىگىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى قاتارىدا بېرىلگەنلىكىدىن تېگىشلىك ئىلھامغا ئېرىشكەنىدىم. يېقىندا مەلۇم بىر نەشرىيات تەرىپىدىن، مەلۇم ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەردىن تاللاپ تۈزۈلگەن «ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەقىدىسى ۋە مائارىپنىڭ كەلگۈسى» ناملىق كىتاب نەشر قىلىندى. كىتابنىڭ كىرىش سۆزىدە «يېقىنقى يىللاردىن بۇيان» ماقالە ـ ئەسەرلىرى «كەڭ ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا كۈچلۈك زىلزىلە پەيدا قىلغان» يەتتە نەپەر ئاپتورنىڭ ئىسمى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغانىدى. ۋەكىل سۈپىتىدە بىر نەچچىلا ئاپتورنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىش، ئەمەلىيەتتە ئالاھىدە تۆھپىسى يوق دېيىلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلاردەك «كۈچلۈك زىلزىلە» پەيدا قىلالمىغان ئەسەر يازالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىزچىل تۈردە ئاشۇ ژۇرنالنىڭ تۈگمىنىگە سۇ قۇيۇپ، مىننەتسىز ئەجىر قىلىپ كېلىۋاتقان باشقا ئاپتورلارنىڭ ھېسسىياتىغا ئازار بەرگەنلىك ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىرىش سۆز پەقەت بىر شەخس تەرىپىدىن يېزىلىدۇ، ئۇنىڭغا شەخسنىڭ سۇبيېكتىپ ھېسسىياتى ئارىلاشقان بولىدۇ. ئوقۇرمەنلەر قەلبىدە تەسىر قالدۇرغان ئاپتورلار مۇندەرىجىدە تىلغا ئېلىنغان ئاپتورلارمۇ ياكى باشقا ئاپتورلارمۇ، بارلىق ئوقۇرمەنلەرنى يىغىپ پىكىر ئالمىغاندىكىن بۇنىڭغا ئالدىراپ بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ. ئەجەبلىنەرلىكى، ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغانلار ئىچىدە بىر نەپەر ئاپتور «يېقىنقى يىللاردىن بۇيان» ژۇرنالدا ماقالە ئېلان قىلمىغاچقىمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ ئەسەرى توپلامغا كىرگۈزۈلمىگەنىدى. پىقىرمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ ژۇرنالدا ئىزچىل ماقالە ئېلان قىلىپ كېلىۋاتقان بولۇپ، ئۆزۈمچە ژۇرنالنى خېلى سۈپەتلىك ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىدىم دەپ قارايتتىم، چۈنكى بىر قىسىم ماقالىلىرىمنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرى يامان ئەمەس بولغانىدى. گەرچە مېنىڭمۇ بىر پارچە ماقالەم توپلامغا كىرگۈزۈلگەن بولسىمۇ، «كۈچلۈك زىلزىلە» پەيدا قىلغۇدەك ئەسەر يازالمىغىنىم ئۈچۈن، ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىشقا شەرتىم توشمىغانىدى. چىن گەپنى قىلغاندا كىتاب يامان ئەمەس تۈزۈلگەن بولسىمۇ، كىرىش سۆزنى ئوقۇپلا بۇ كىتابتىن رايىم قايتىپ كەتتى، خۇشال بولۇشنىڭ ئەكسىچە چېپىمغا چۈشۈن چۈشۈپ كەتكەندەك غەشلىك ھېسسىياتىدا بولدۇم. كىچىككىنە بىر ئىش يەنى نەچچە ئادەمنى ماختاش بەدىلىگە كەڭ ئاپتورلارنى تۆۋەن كۆرگەندەك تەسىرات پەيدا قىلىش رايىمنى قايتۇرغانىدى. مەن بۇنى ئۇسۇلدا كەتكۈزۈپ قويغانلىق دەپ قارىدىم. دېمەكچىمەنكى، ئاشۇنداق توپلاملارنى تۈزگەندە كىتاب تۈزگۈچى كىرىش سۆزگە سەل قارىماسلىقى، دەبدەبىلىك ئىبارىلەرنى ئىمكانقەدەر ئاز ئىشلىتىشى، پىكىرنى ئەگتىپ كەتمەسلىكى، مۇددىئا مەقسەت ئېنىق، چۈشىنىشلىك ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى كېرەك. بولۇپمۇ بىر قانچەسىنى ماختاش بەدىلىگە كۆپ سانلىق ئاپتورلارنىڭ ئىچىنى قاتۇرۇپ قويۇش كەڭ ئاپتورلارنىڭ قىزغىنلىقىغا سۇ سېپىلا قالماي، يەنە پايدىسىز ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭدىن ئورنىنى تېپىپ قىلىنمىغان ماختاشنىڭ تەتۈر ئۈنۈم پەيدا قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ، بۇ مەسىلىنى مۇناسىۋەتلىك باشقا ئىشلارغىمۇ تەتبىقلاشقا بولىدۇ.

قىسمەن ئادەملەر باركى، ماختاشنى چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىدۇ. يۈزىڭىزدىن يۈزىڭىزگە ئاشۇرۇپ

ماختاپ سىزنى بىئارام قىلىپ قويىدۇ، سەسكىنىش تۇي-
غۇسى پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر سەۋەبلەرنى
كۆرسىتىپ ئۇنىڭدىن ئۆزىڭىزنى تارتىشقا مەجبۇر بولى-
سىز. بۇنى ماختاش دېگەندىن كۆرە خوشامەت دېگەن
تۈزۈك. بىراۋنى زىيادە ماختاپ كەتسىڭىزمۇ چاكىنىلى-
شىپ قالىسىز، قارشى تەرەپنىڭمۇ بىزارلىقىنى قوزغاپ
قويىسىز. ماختاش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمىسە قايىل
قىلىشىڭىزنى قوزغىيالمايدۇ، ئىلھام بېرەلمەيدۇ. دالې
كارنېگ تەرىپلەش بىلەن ماختاپ ئۇچۇرۇشنىڭ پەرقى
ھەققىدە توختىلىپ: «بىرى سەممىي نىيەتتە ئېيتىلغان
بولىدۇ، بىرى سەممىي نىيەتتە ئېيتىلمىغان بولىدۇ.
بىرى چىن يۈرەكتىن چىقىدۇ، بىرى ئېغىزنىڭ ئۇچى-
دىلا چىقىدۇ. بىرىنى ھەممە ئادەم ياقتۇرىدۇ، يەنە بى-
رىنى ھەممە ئادەم ياقتۇرمايدۇ. ماختاپ ئۇچۇرۇش
بىر خىل ئەرزان باھالىق مەدھىيەدۇر. ماختاپ ئۇچۇ-
رۇش — باشقا بىر ئادەمگە شۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكى
ئويىنى ئېيتقۇزۇشتىن ئىبارەت» دېگەن. ئېينىشتېين
ماختاشنىڭ سەلبىي تەسىرى ھەققىدە توختىلىپ: «مەن
كىشىلەرنىڭ ھەددىدىن زىيادە ماختىشى ۋە ھۆرمەتلى-
شىگە سازاۋەر بولدۇم. ئۇ ھەرگىز مېنىڭ سەۋەبلىكىم
ئەمەس، ئۆزۈمنىڭ تۆھپىسىمۇ ئەمەس. بەلكى ھەققە-
تەنمۇ تەقدىرنىڭ مەسخىرىسى ھېسابلىنىدۇ. شان -
شەرەپ مېنى بارغانسېرى ئەخمەق قىلىپ قويدى. ھا-
زىرقى زامان كىشىلىرى مېنى مەبۇد دەپ قارىشىدۇ،
شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەكسىچە دەپ بىلىشىدۇ، تولىمۇ
ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ كېتىپتىمەن. ئەمەلىيەتتە بولسا
ھەقىقىي ئېينىشتېين ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەن،
بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەقىلسىزلىق، كالتە پەملىك بولغان-
لىقىمنىڭ ئالامىتى خالاس» دېگەن.

ئىلگىرى مەن بىر ماقالەمدە مۇكاپاتلاشنىڭ زىيادى-
لىق تەرەپلىرى ھەققىدە توختالغانىدىم. ئەمەلىيەتتە
ئىلغارلارنى سايلاش، كۆپچىلىك ئالدىدا ئۇلارنى مۇ-
كاپاتلاش خىلمۇخىل ئىنكاس پەيدا قىلىدۇ. چۈنكى
بىللە خىزمەت قىلىشقانلار ئىچىدە خىزمەت پوزىتسى-
يەسى پاسسىپ ئايرىم ساندىكىلەرنى ھېسابقا ئالمىغان-
دا، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ خىزمەت نەتىجىسى ۋە ئىش
ئۈنۈمىدە زور پەرقلەر بولمايدۇ، چوڭ جەھەتتىن ئېيت-
قاندا، ھەممە ئادەم بىر كۈندە ئوخشاش سەككىز
سائەت خىزمەت قىلىدۇ، تەشكىل تاپشۇرغان ۋەزىپە-
لەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. شۇڭا
ئۇلار «ئوخشاش ئىشلەۋاتقان تۇرساق بىزمۇ نېمىشقا
مۇكاپاتلانمايمىز» دەپ قارايدۇ. خىزمەتچىلەر ئىلغار
سايلىنىشنى تەشكىلنىڭ مەزكۇر كىشىنىڭ ئەجىر - ئەمە-
گىكىنى كۆرگەنلىكىنىڭ، خىزمەت ئۈنۈمىنىڭ گەۋدى-
لىك ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى،
تەشكىلنىڭ نەزەرىدە شۇ كىشىنىڭ ئورنىنىڭ يۇقىرىلى-
قى، يۈزىنىڭ يورۇقلۇقىنىڭ بەلگىسى دەپ چۈشىنىدۇ.
ئىلغار سايلىنالماسلىقنى رەھبەرلىك ۋە ئامما مېنىڭ
خىزمىتىمنى كۆرمىدى دەپ چۈشىنىدۇ. يەنە بىر تە-
رەپتىن ئىلغار سايلىنىش مەنپەئەتكە بېرىپ تاقىلىدىغان
ئىش بولغاچقا، ھېچكىم بۇنداق مەنپەئەتتىن قۇرۇق
قېلىشنى خالىمايدۇ. شۇنچە چوڭ كوللېكتىپقا نىسبەتەن
سايلىنىدىغان ئىلغارلارنىڭ سانى چەكلىك بولغاچقا، بۇ
ئىش بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ،
بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ خىزمەت قىزغىنلىقىغا سەلبىي
تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىدىيەدىن ئۆتمىگەن ئىشلار ھامان
خىزمەتتىكى توسالغۇلارنى كەلتۈرۈپ چىقارماي قالماي-
دۇ. باھالاش ئادىل، لىللا، توغرا ئېلىپ بېرىلسىغۇ زىد-
دىيىتى كۆپ بولمايدۇ. بىراق لىللا بولمىغاندا زىددىيەت
ۋە نارازىلىقلار كۈچىيىپ ئومۇمىي خىزمەتلەرنىڭ ئۈ-
نۈمىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدۇ. بەزى ئورۇنلار ھەق-
قىي ئۈنۈمگە ئېتىبار بەرمەي شەكىلگە كۆپرەك
كۆچەپ كېتىدۇ. ئەگەر شەكىلۋازلىققا ئېتىبار بېرىلسە
خىزمەتنىڭ خاراكتېرىمۇ ئۆزگىرىپ، كىم شەكىلۋازلىقنى
ئەلا قاملاشتۇرالىسا شۇ ئىلغار سايلىنىدىغان ئەھۋال
كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭ يوشۇرۇن خەۋپى ۋە كەلتۈرۈپ
چىقىرىدىغان زىيىنىنى مۆلچەرلەپ بولغىلى بولمايدۇ.
بەزىلەرنىڭ مەنپەئەت ۋە شەرەپ قارىشى زىيادە
كۈچلۈك بولغاچقا، ئۇلار نوقۇل ھالدا شەرەپكە ئېرى-
شىشنى خىزمەت نىشانى قىلىۋېلىپ ئەسلىي مەقسەتتىن
چەتنەپ كېتىدۇ، يەنى مۇكاپات ئېلىشنى كۆزلەپ
خىزمەت قىلىدىغان بولۇۋالىدۇ. شۇڭا ئىلغارلىققا نىسبە-
تەن توغرا قاراش شەكىللەنمىسە ئادەم شان - شەرەپ-
نىڭ قۇلىغا، ھەتتا قۇربانىغا ئايلىنىپ قالىدۇ - دە ھايا-
تىنى ھەقىقىي مەنىگە ئېرىشتۈرەلمەيدۇ، بۇ خىلدىكى
كىشىلەر قۇرۇق نام - ئابرۇي، ئىلغارلىق ۋە شۆھرەت
كوچىلىرىدا تاماخورلۇق بىلەن نۇرغۇن ۋاقىت ۋە زېھ-
نىنى بېھۇدە ئىسراپ قىلىۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلغىنىدا

ئۆزىنىڭ ئەخمەقلىقىدىن، ھاياتىنىڭ ئالۋۇنلىرىغا ئالدانغانلىقىدىن، زۆرۈر ۋە ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلىشنىڭ قىممەتلىك پۇرسەتلىرىنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقىدىن ئۆكۈنىدۇ، ھەسرەت يۇتىدۇ.

ئىلغار سايلاش، دەرىجە ئۆستۈرۈش، ئۇنۋان بېرىش دېگەندەك مەنپەئەتكە مۇناسىۋەتلىك ئىشلار خىزمەتچىلەر ئارىسىدىكى شۇنداقلا خىزمەتچىلەر بىلەن تەشكىل ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت توقۇنۇشلارنى كۈچەيتىپ، دەۋا دەستۇرلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. شۇ تۈپەيلى بىر-بىرىنى كوچىلايدىغان، بىر-بىرىنى چاقىدىغان، بىر-بىرىنى ئەسكى قىلىدىغان ئىللەتلەر ئاۋۇپ، كىشىلىك مۇناسىۋەت جىددىي تۈس ئېلىپ ئىناقلىق ۋە ئۆملۈكنىڭ ئۇلىغا دەز كېتىدۇ. بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ شۆھرەتكە بېرىلىپ چىن ئىنسانىي پەزىلەت ۋە ئادىمىيلىك خىسلىتىدىن يىراقلىشىپ ئەسلىي تەبىئىتى ۋە ئۆزلۈك ئەقىدىسىنى يوقىتىپ قويۇشى كىشىنى ھەقىقەتەن ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. بۇ مەزمۇنلارنى يېزىۋېتىپ شىن چاڭ ئىمزالىقىدىكى «جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈش نېمە ئۈچۈن قىيىن» دېگەن فېلىيەتونى ئېسىمگە كېلىپ قالدى. فېلىيەتوندا ئېيتىلىشىچە: ئامېرىكىلىق بىر شىركەتنىڭ غوجايىنى يىل ئاخىرىدا ھەر بىر گۇرۇپپىدىن بىرلا ئادەمگە 500 ئامېرىكا دوللىرى ئىش ھەققى قوشۇپ بېرىشنى، كىمگە قوشماقچى بولسا ھەرقايسى گۇرۇپپا دېموكراتىك ئاساستا مۇزاكىرە قىلىپ ئادەمنى بېكىتىپ ئىشتىن چۈشۈشتىن بۇرۇن تىزىملىكنى يوللاپ بولۇشنى ئۇقتۇرغان. ياپونىيە گۇرۇپپىسى بىر قانچە مىنۇت ئىچىدىلا ئىسىملىكنى چىقىرىپ بەرگەن. بېكىتىلگەن ئادەم دەل غوجايىنمۇ كۆڭلىگە پۈككەن ئادەم بولغاچقا ناھايىتى مەمنۇن بولغان. ۋيېتنام گۇرۇپپىسى مەلۇم قىلغان ئادەم تېخنىكىسى ئوتتۇرھال، مائاشى تۆۋەن بىچارە ئادەم بولغان. كورېيە گۇرۇپپىسىمۇ تېخنىكىسى ناچار، مۇناسىۋەتكە ئۇستا بىرسىنى مەلۇم قىلغان. جۇڭگو گۇرۇپپىسىدىكى بەش ئادەم يېرىم كۈن مۇزاكىرە قىلىشىپ، بىر-بىرىدىن تالىشىپ، ھېچكىم ھېچكىمگە يول قويمىغان. ئۇلار غوجايىندىن: «يا تەڭ تەقسىم قىلىپ ھەر بىرىمىزگە 100 دوللاردىن قوشايلى، يا ھېچكىمگە قوشمايلى!» دەپ تەلەپ قىلغانىكەن، غوجايىن ئاچچىقلىنىپ جۇڭگو گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈشنى بىكار قىلغانىكەن. (شىن چاڭ ئىمزالىقىدىكى بۇ فېلىيەتون «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2006-يىللىق 4-سانىغا بېسىلغان. ئەسقەر ئەھمىدى تەرجىمىسى) كۆپ ھاللاردا بىر نەرسىنى ئىككى ئادەم تالىشىپ تىركىشىپ تۇرۇۋالغاندا، ئۇلجا ئۈچىنچى بىر شەخسكە ئۆتۈپ كېتىدۇ.

## قاپاق كېرەكمۇ باراڭمۇ

ياڭ ساسا ئىمزالىقىدىكى «ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەش پەلسەپىسى» ناملىق قىسقا ماقالىدە مۇنداق بىر مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن تۆۋەندىكى ئۈچ شىركەتنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈملىرىگە قارىتا قايسى شىركەتنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىنىڭ پارلاق بولىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىش تەلەپ قىلىنغان.

A شىركەتنىڭ بەلگىلىمىسىدە سائەت 8:00 دە ئىشقا كېلىش، كېچىكسە ياكى بالدۇر قايتسا پۇل تۇتۇپ قېلىش، بىر تۇتاش فورما كىيىش، كارتا تاقاش، يىلدا بىر قېتىم ساياھەتكە تەشكىللەش، ئىككى قېتىم يىغىلىش قىلىش، ئۈچ قېتىم بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش، ھەر بىر ئىشچى-خىزمەتچى يىلدا تۆت تۈرلۈك مۇۋاپىق تەكلىپ بېرىش دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن.

B شىركەتنىڭ بەلگىلىمىسىدە 9:00 دا ئىشقا كېلىش، يوقلىما قىلماسلىق، ئىشخانىنى ھەر بىر ئادەمنىڭ قىزىقىشى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىچىملىك ۋە مېۋە-چېۋىلەر بىلەن ھەقسىز تەمىنلەش، خىزمەت ۋاقتىدا ساتىراشخانىغا بارسىمۇ، سۇ ئۈزگىلى بارسىمۇ يول قويۇش دەپ بەلگىلەنگەن.

C شىركەتتە ئىشقا بېرىش ۋاقتى بەلگىلەنمىگەن، ئىت ۋە بالىلارنى ئېلىپ كەلسىمۇ بولىدۇ، خىزمەت ۋاقتىدا دەم ئېلىش قىلسىمۇ مائاشى تۇتۇپ قېلىنمايدۇ دەپ كۆرسىتىلگەن. نەتىجىدە 90 ئوقۇغۇچى A شىركەتنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى ئەڭ ياخشى دەپ قارىغان. A شىركەت بىر DVD ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى بولۇپ، 1997-يىلى قۇرۇلۇپ 2005-يىلى تاقىلىپ قالغان. B شىركەت مىكروسوفت، C شىركەت بولسا يېقىندىن بېرى تەرەققىياتى ئەڭ تېز بولۇۋاتقان

گۇگۇل شىركىتى ئىكەن. بۇ لايىھە ئەسلىدە كەلگۈسىدىكى سودا ساھەسىدىكى قەھرىمانلارنى شىركەتنىڭ تەرەققىياتىدا ئەنئەنىۋى چەكلەپ باشقۇرۇش ئۇسۇلىغا تايىنىۋالمايدىغان ئاڭغا ئىگە قىلىشنى مەقسەت قىلغان.

بۇ ئادەمنى ھەقىقەتەن ئويغا سالىدىغان مەسىلە ئىدى. مەن شىركەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيمەن، بىراق ئۇزاق يىل مەكتەپ باشقۇرۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغاچقا بۇ ساھەدە بەلگىلىك تەجرىبەم بار. ئەگەر بىز B ۋە C شىركەتنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئۆزىمىزگە تەتبىقلاپ يولغا قويسا تۈزۈمەنى بىكار قىلساق، خىزمەت ۋاقتىدا خىزمەتچىلەرنىڭ دەم ئېلىشىغا، خالىغانچە سىرتقا چىقىشىغا يول قويساق... ئىشىنىمەنكى بىزگە نىسبەتەن بايرام بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى بىزدە ھەممە ئۆزىنى-ئۆزى سورايدىغان، ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى تېپىپ قىلىدىغان ئاڭلىقلىق تېخى يېتىلگىنى يوق. بىراق A شىركەتنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈملىرى ناھايىتى قاتتىق بولسىمۇ سەككىز يىلغا بارمايلا تاقىلىپ قالغانلىقى؛ B ۋە C شىركەتلەرنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈملىرى ناھايىتى بوش، خىزمەتچىلەرگە كەڭ ئەركىنلىك پۇرسىتى بېرىلگەن بولسىمۇ يەنىلا تەرەققىي قىلىپ، دۇنيادىكى باشلامچى كارخانىلاردىن بولۇپ قالغانلىقىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان ھەقىقەت. ئىدارە ئورگانلاردا جاھاننىڭ رەيتارىغا كىرىۋالغان بىر قىسىم كىشىلەر باركى، ئۇلار كۈنىنى ئەپلەپ-سەپلەپ ئۆتكۈزۈپ ئاي توشقاندا مائاشىنى تولۇق ئالالايدۇ. بىراق شىركەت كارخانا ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، ئىقتىسادىي قىممەت يارىتالمايدىغان، شىركەتكە مەنپەئەت ئېلىپ كېلەلمەيدىغان ھەرقانداق ئادەمنى كېرەك قىلمايدۇ. مىكروسوفت ۋە گۇگۇل شىركىتى دۇنيانىڭ رىقابەت بەيگىسىدە ئالدىدا ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقان، ھەرقانداق ئىشتا ئۈنۈمنى 1-ئورۇنغا قويىدىغان شىركەتلەر تۇرۇپ، ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنى ئاشۇنداق ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتەرمۇ؟ خىزمەتچىلەرنىڭ نېمە قىلىشى بىلەن، بولۇپمۇ ئىش ئۈنۈمى بىلەن ھېسابلاشماسمۇ؟ مېنىڭچە بۇ مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئىككى شىركەت گەرچە خىزمەتچىلەرگە كەڭ ئەركىنلىك بوشلۇقى بەرگىنى بىلەن، ئۈنۈمنى چىقىش قىلغان، ئىلغار ۋە مۇكەممەل بولغان ئىچكى باشقۇرۇش مېخانىزمىنىڭ بارلىقىغا گۇمان قىلىشقا بولمىسا كېرەك. مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇلار سىزنىڭ قاچاندا ئىشقا كېلىشىڭىز دېگەندەك شەكلەن ئىشلار بىلەن ئانچە ھېسابلىشىپ كەتمىگىنى بىلەن، ئىش ئۈنۈمىڭىزنى، يارىتقان ئەمەلىي قىممىتىڭىزنى 1-ئورۇنغا قويىدىغانلىقىدا شەك يوق. قانچىلىك كۆپ قىممەت يارىتىسىڭىز شۇنىڭغا مۇناسىپ ھەققە ئېرىشەلەيسىز، قىممەت يارىتالمىسىڭىز تەبىئىي ھالدا ئورۇنىنى بوشىتىشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ. ئۈنۈمنى كۆزلەپ قىلىنغان ئىشتا شەكىلۋازلىق يۈز تىرەپ تۇرالمايدۇ، ئىقتىدارلىقلار بىلەن ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ پەرقى ئېنىق ئايرىلىپ چىقىدۇ، خىزمەتچىلەرگە ئۆز ئىقتىدارىنى نامايان قىلىش سەھنىسى ھازىرلاپ بېرىلگەن بولىدۇ. بىز ئادەتتە كۈنبويى باش چۆكۈرۈپ ئىشلەۋاتقان، تۈزۈملەرگە ئاڭلىق بويسۇنىدىغان بىر خىزمەتچىگە «خىزمەت پوزىتسىيەسى ئاكتىپ» دەپ باھا بېرىمىز، ئۇنىڭ ئىش ئۈنۈمى بىلەن ئانچە ھېسابلىشىپ كەتمەيمىز. لېكىن ئۇلار بىزدەك ئويلىمايدۇ، سىز ھەتتا ئىسمېنا قوشۇپ ھەرقانچە كۆپ ۋە جاپالىق ئىشلىگەن تەقدىردىمۇ، ياراتقان ئۈنۈمىڭىز تۆۋەن بولسا ئانچە ئېتىبارغا ئېلىنمايسىز. ئۇنچە جاپالىق ئىشلىمەيمۇ ئاز ۋاقىت سەرپ قىلىپ بايىقى ئادەمگە قارىغاندا كۆپ ئۈنۈمگە ئېرىشكەن بولسىڭىز ئىقتىدارلىق ھېسابلىنىپ شۇنچە ئېتىبارغا ئېرىشىسىز.

ئىگىلىشىمچە، مەلۇم بىر مەكتەپنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى تەڭشەلگەندىن كېيىن، يېڭى مەكتەپ رەھبەرلىرى مەكتەپنى ناھىيە، ھەتتا ۋىلايەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى كۆزنەك مەكتەپكە ئايلاندۇرۇش ئۇلۇغۋار ئىرادىسىگە كېلىپتۇ. ئۇلار مەكتەپنى قاتتىق باشقۇرۇش ئۈچۈن ئىشنى ئالدى بىلەن تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىن باشلاپتۇ. مەكتەپ رەھبەرلىرى، ئوتتۇرا قاتلام كادىرلىرى بىر مەزگىل ئىش قوشۇپ ئىشلەپ ناھايىتى ئىنچىكە بولغان مەكتەپنىڭ باھالاش ئۆلچەملىرى ۋە قائىدە-تۈزۈملىرىنى قېلىپ بىر توپلام قىلىپ تۈزۈپ چىقىپتۇ. جازالاش تۈزۈملىرىمۇ قاتتىق بولۇپ، مەسىلى بىر سائەت سەۋەبسىز دەرسكە كىرمىگەن ئوقۇتقۇچىدىن 400 يۈەن تۇتۇپ قېلىنىدۇ، دېگەنگە ئوخشاش بەلگىلىمىلەر بار ئىكەن. يوقلىما تۈزۈمىمۇ كۈچەيتىلىپ بىر كۈندە تۆت قېتىم بارماق بېسىش يولغا قويۇلۇپتۇ. تۈزۈملەر كەڭ ئىشچى-خىز-

مەتچىلەرگە جاكارلىنىپ، ئىشلار شۇ بويىچە باشلىنىپ كېتىپتۇ. دەممۇدەم چۈشۈپ تۇرىدىغان يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ، مەكتەپ تەشكىلىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىدىن سىرت، ھەرقايسى بۆلۈملەرمۇ نۇرغۇن ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ تۇرىدىكەن. يىغىن ۋە پائالىيەتلەر زىيادە كۆپىيىپ كەتكەچكە، ئىستاتىستىكا قىلىدىغان، مەكتەپ ۋە يۇقىرىغا يوللايدىغان خاتىرە ۋە گىرافىكلارنىڭ تۈرلىرى ئاۋۇپ كەتكەچكە، تۈرلۈك تەكشۈرۈش كۆپىيىپ كەتكەچكە ئوقۇتقۇچىلار شۇ قەدەر چاپ - چاپ بولۇپ كېتىپتۇكى بېشىنى قاشلاشقىمۇ ھەپىلىسى قالماپتۇ. شۇ سەۋەبلىك نۇرغۇن ئوقۇتقۇچىلار دەرسكىمۇ چالا تەييارلىق بىلەن كىرىشكە مەجبۇر بوپتۇ. بىر قاراشتا مەكتەپ ئىشلىرى يۈرۈشۈپ، جانلىنىپ كەتكەندەك تۇيغۇ بېرىدىكەن. دەسلەپتە ئوقۇتقۇچىلار چامىنىڭ يېتىشىچە تىرىشىپ بېقىپتۇ، ئىشلارغا يېتىشىپ بولالمىغانسېرى شەرتنى ئورۇنداش يۈزىسىدىن قول ئۇچىدا قىلىدىغان بولۇۋاپتۇ. خىزمەت بېسىمى زىيادە ئارتىپ كەتكەچكە بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار بىر يىل بەرداشلىق بېرەلەپتۇ، ئىككى يىل بولغاندا نۇرغۇن ئوقۇتقۇچىلار بەل قويۇۋېتىپ پاسسىپ ھالغا چۈشۈۋاپتۇ، ھەممە دېگۈدەك خىزمەتتىن بىزار بولۇپ مەكتەپكە بويىنىنى باغلىغاندەك كېلىدىغان پاسسىپ كەيپىيات ئەۋج ئېلىشقا باشلاپتۇ. بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار يېشى توشماي تۇرۇپلا دەم ئېلىشقا چىقىشنىڭ ئاماللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يېڭى مەكتەپ رەھبەرلىرىنىڭ مەكتەپنى كۆزنەك مەكتەپكە ئايلاندۇرۇش غايىسى سۇغا چىلىشىپتۇ. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى خىزمەت بېسىمىنىڭ زىيادە ئېشىپ كېتىشى، تۈزۈم ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشلارنىڭ زىيادە كۆپ بولۇپ كېتىشى، شەكىلۋازلىقنىڭ ئەۋج ئېلىشى — ئوقۇتقۇچىلارنى ئۆز كەسپى ئۈستىدە ئىزدىنىش شارائىتىدىن مەھرۇم قالدۇرۇپ، خىزمەتتىكى تەتۈر ئۈنۈمنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. چۈنكى بېسىم قانچە ئاشقانسېرى، تۈزۈم قانچە قاتتىقلاشقانسېرى قارشىلىق ۋە نارازىلىقلار شۇنچە كۈچىيىشكە باشلايدۇ. ھەقىقىي ئۈنۈم بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىغان، ۋاقىت ۋە زېھنىنى بىھۇدە خورىتىدىغان ئىشلار ئادەمنى تېخىمۇ چارچىتىپ خىزمەتتىن رايىنى قايتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆپ ساندىكى خىزمەتچىلەر ئەپلەپ سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزۈشنىڭ كويىغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىۋاللىقنى قوزغىتىشنى چىقىش قىلىپ تۇرغۇزۇلمىغان تۈزۈم مەغلۇبىيەتكە سەۋەب بولىدۇ. كۆڭۈل ئازادىلىكى بولمىغان ئىشتىن نەتىجە كۈتۈشكە بولمايدۇ.

ئەگەر يۈزدىن ئارتۇق خىزمەتچىسى بولغان بىر ئىدارىگە نىسبەتەن بىر كۈندە تۆت قېتىم بارماق بېسىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولسا، بۇ ئىشلارغا مەخسۇس بىر خادىم ئاجرىتىلمىسا، ئۇنىڭدىن خۇلاسە چىقىرىپ بولغىلى بولمايدۇ. باھالاش تۈزۈملىرى زىيادە ئىنچىكىلىشىپ كەتسە تەكشۈرۈش ۋە خۇلاسە چىقىرىشمۇ بىر مەسىلىگە ئايلىنىدۇ، بۇنىڭغا بىر گۇرۇپپا ئادەمنىڭ نۇرغۇن ۋاقتى ۋە زېھنى كۈچى سەرپ بولىدۇ. ئىشلار قانچە كۆپ ئورۇنلاشتۇرۇلسا دىققەت شۇنچە چېچىلىدۇ، نارازىلىق كەيپىيات ئەۋج ئالىدۇ، يازىدىغان نەرسىلەر شۇنچە كۆپىيىدۇ. يازىدىغان خاتىرىلەرنىڭ كۆپ بولۇشى ۋاقىت ۋە قەغەز ئىسراپچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بەزى ئورۇنلاردا ئەنە شۇنداق ۋاقىت ۋە زېھىن ئىسراپچىلىقى، ئادەم كۈچى بايلىقى ئىسراپچىلىقى زىيادە ئېغىر بولۇپ بۇنى ئېچىنىشلىق ئەھۋال دەپ قاراشقا بولىدۇ. مېنىڭچە ئادەم باشقۇرۇشتىكى بۇنداق قاتماللىق بىزنىڭ تەرەققىياتىمىزنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان ئەڭ ئېغىر مەسىلە بولسا كېرەك. بەزى ئورۇنلاردا قۇرۇق يىغىنلار كۆپ، لېكىن قوزغىتىش كۈچى تولىمۇ ئاجىز. ئۇلارنىڭ قائىدە - تۈزۈملىرىنىڭ مەزمۇنى كۆپ ھەم ئىنچىكە، لېكىن خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىسىز. گەپ بەك كۆپ، قۇرۇق پالاقشىيدىغان ئىشلار كۆپ، بىراق ئۈنۈم ئاز بولۇش، بولۇپمۇ كىشىلەرنى ئايىغى چىقمايدىغان چاپ - چاپ كوچىغا سېلىپ قويۇش، شەخسنىڭ ئۆز كەسپى ئۈستىدە ئىزدىنىشىگە پۇرسەت بەرمەسلىك، يېڭىلىق يارىتىش روھىنى بەربات قىلىشلار بىلەن تەرەققىي قىلغىلى بولامدۇ؟ ئىنسان تەبىئىتىگە ھۆرمەت قىلىنماي ھېسسىياتقا بېرىلىپ ئېلىپ بېرىلغان ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ. سىرىكي ئەسىملىك ئاپتور «ئۇخلاش ئارام ئېلىش ئۇسۇلى ئەمەس» ناملىق ماقالىسىدە ئۈنۈمسىز ئىشلەۋېرىشنىڭ قانچىلىك قورقۇنچلۇق ئىش ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان. بالتاسار گراسىئەن «ئانچە مۇھىم بولمـ

غان بەزى پائالىيەتلەر قىممەتلىك ۋاقىتنى بىھۇدە زايە قىلىدۇ. ئۇنىڭدىنمۇ يامان ئىش ـ ئەرزىمەس ئىشلار بىلەن ھەپىلىشىش، بۇ ھېچقانچە ئىش قىلمىغاندىنمۇ بەكرەك ئۇسال ئىش» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان.

مەن شۇنداق قارايمەن: پاتماندا بىر تۈزۈمنى تۈزۈۋېلىپ خىزمەتچىلەرنىڭ زېھنىنى چاچقاندىن، تۈزۈمنى ئاز ۋە ساز، كىشىلەرنىڭ ئېسىدە قالغۇدەك تۈزۈپ ئۈنۈملۈك ئىشلارنى قىلغان مىڭ ئەۋزەل. سۈر ـ ھەيۋە كۆرسىتىپ قاتتىق باشقۇرغاندىن، ئىللىق چىراي بولۇپ، ئازادە كەيپىيات يارىتىپ، خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاش خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تېخىمۇ پايدىلىق. ئۈنۈمنى كۆزلەپ ئىش قىلىدىغانلارغا نىسبەتەن ۋاقىت تولىمۇ قىممەتلىك. بۇ خىلدىكى ئادەمنىڭ خىزمەت ۋاقتى پۈتۈنلەي باشقىلارنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتۈپ كەتسە ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلالمايدۇ. مەن ب ۋە س شىركەتتەك ئورۇنلاردا ئىشلەشنى ئارزۇ قىلىمەن. شەخسكە كەڭ ئەركىنلىك ۋە تەرەققىيات پۇرسىتى بېرىلگەن بۇنداق ئورۇنلاردا، پۈتۈن زېھنىمنى خىزمەتكە قارىتىپ، يوشۇرۇن ئىقتىدارىمنى جارى قىلدۇرۇش يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئۆزلۈك قىممىتىمنى نۇرلاندۇرۇپ بارالايدىغانلىقىمغا ئىشىنىمەن.

---

ئاپتور: قورغاس ناھىيەلىك 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە.

---

(بېشى 26 ـ بەتتە)

دىيالېكت ۋە شېۋىلىرى لۇغىتى»؛ مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىلى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر شېۋىلىرى سۆزلۈكى»، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگاننىڭ ئايازى تەخەللۇسىدىكى «جاھاننامە» ناملىق ئەسىرى قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ مۇھەررىرلىكىنى تەكلىپ بىلەن ئىشلىگەن.

5. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىقتا يېزىلغان ئىككى نۇسخىسىنى سېلىشتۇرۇپ تولۇقلاپ ئەسلى يېزىلىشى بىلەن نەشرگە تەييارلىغان، بۇ ئەسەر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 2013 ـ يىلى نەشر قىلىندى.

6. «ئەلشىر نەۋائىينىڭ يېڭىدىن تېپىلغان غەزەللىرى»، ئەلشىر نەۋايى ئەسەرلىرىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئېلان قىلىنمىغان غەزەللىرىنى نەشرگە تەييارلىغان، مىللەتلەر نەشرىياتى 2011 ـ يىلى ئۇ تەييارلىغان يۇقىرىدىقى كىتابنى نەشر قىلدى.

7. «لوپنور خەلق قوشاقلىرى»، «بۇلاق» مەجمۇئەسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى.

Ⅳ. تەرجىمە قىلغان ئەسەرلىرى

1. «ئالتاي تىلى نەزەرىيەسى» (ئامېرىكىلىق نىكولاس پوپپېنىڭ ماقالىسى)، تەرجىمە قىلىپ «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 1982 ـ يىلى 3 ـ، 4 ـ سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان.

2. «ئۇيغۇر تىلى جۈملىلىرىدىكى تولدۇرغۇچى ۋە باشقا جۈملە تەركىبلىرى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1985 ـ يىلى 4 ـ سان.

Ⅴ. ئىشلەشكە قاتناشقان، نەشر قىلىنمىغان ئەسەرلىرى

1. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەسۋىرىي گرامماتىكىسى» (كوللېكتىپ ئىشلەنگەن)

2. «ئورخۇن ـ يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ سۆزلۈك تەتقىقاتى» (2008 ـ يىلدىن باشلاپ تېما گۇرۇپپىسىغا يېتەكچىلىك قىلىپ ئىشلىگەن، لېكىن، بۇ تېما مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن تاماملانمىغان).

3. «چاغاتاي تىلى گرامماتىكىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا سۆزلەنگەن لېكسىيە.

4. «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئىلى ئۇسلۇبىنىڭ تېكىستلىرى» (ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئىلى ئۇسلۇبىنىڭ تېكىستلىرىنى يازمىلار ئاساسىدا تۈرگۈزۈپ چىققان، بۇ خىزمەتنى 2014 ـ يىلى تاماملىغان).

5. «قۇتادغۇبىلىك»، مانا ھازىر مۇشۇ ئەسەرنىڭ مۇكەممەل مەتنىنى تۈرگۈزۈش خىزمىتىنى ئىشلەۋاتىدۇ.

---

ئاپتور: چاقىلىق ناھىيە تېلېگراف شىركىتىدە



# ياپون ئاياللىرىنىڭ ياشاش مەدەنىيىتى

ئادىلە ئىسمائىل

يېقىندىن بېرى «ياپون ئەرلىرىنىڭ ئاياللارنى بويسۇندۇرۇشتىكى سۈر ۋە ھەيۋىتى، ئارقىچە مېڭىپ، تەزىم بىلەنلا ئۆتىدىغان ئىتائەتمەن ئاياللارنىڭ نازاكىتى» ھەققىدىكى پاراڭلار كۈندىن-كۈنگە سىرلىق تۈس ئېلىپ، تور ۋە مۇنبەرلەرنى گاڭگىرىتىپ قويۇۋاتىدۇ، مۇنازىرە ھەم تالاش-تارتىشقا ھېرىس زىيالىيلىرىمىزغا قارىمۇقارشى مەيدان ھازىرلاپ، ئورۇنسىز زىددىيەتلەرگە ئوت يېقىۋاتىدۇ. ئەرلەرگە دەستەك، ئاياللارغا بېسىم بولۇۋاتقان بۇ سۇۋاق پاراڭلارنىڭ قۇيرۇقى ئۈزۈلمىگەنچە مەن ئۇن نەچچە يىلدىن بېرى كۈنمۇ-كۈن چۈشىنىۋاتقان ۋە بارا-بارا باشقىچە يۈزىنى كۆرۈۋاتقان شۇ «ئىتائەت ئۆلگىلىرى» بىلەن «مۇستەبىتلىك قەھرىمانلىرى» ھەققىدە بىر-ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويۇشنى لايىق تاپتىم.

ياپون ئاياللىرىنىڭ ھەقىقەتەن بىز ئاياللار ئۆگەنگۈدەك، ئۈلگە قىلغۇدەك تەرەپلىرى ناھايىتىمۇ كۆپ، ئەمما ئەرلەر ھەۋەس قىلىپ، ھېكايە توقۇپ يۈرگەن ئىتائەتمەنلىكتە بولسا قايمۇقۇپ قېلىش، يۈزەكى چۈشىنىۋېلىش خېلىلا ئېغىر. بۈگۈنكى كۈندىكى ياپونىيەدە سۈرلۈك ھەم زوراۋان سامۇرايلارنىڭ ۋاقتى ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتتى. شيوۋۋانىڭ تۈرگۈن ئەرلىرىمۇ قېرىپ كەتتى. (شيوۋۋا، 124-ئەۋلاد خان شيوۋۋا پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغان 1926-يىلدىن 1989-يىلغىچە بولغان دەۋر. ياپونىيە كالېندارى بويىچە شيوۋۋا 1-يىلدىن شيوۋۋا 64-يىلغىچە بولغان ئارىلىققا توغرا كېلىدۇ) خېيسېينىڭ ھازىرقى مۇلايىم ئەرلىرى (خېيسېي، 125-ئەۋلاد خان ئاكىختو (خانلىق نامى كىنجىيوۋ) تەختكە چىققان 1989-يىلدىن ھازىرغىچە بولغان دەۋر. بۇ دەۋر خانلىق نامى بىلەن ئەمەس، ئورۇشتىن كېيىنكى تىنچلىق ۋە تەرەققىياتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە خېيسېي دەپ ئاتالغان) بولسا كەسپتىكى بەجاندىللىقى، ئائىلىدىكى مەسئۇلىيەتچانلىقى، ئاياللارنى قەدىرلەش ۋە يول قويۇشتىكى نەمۇنىلىقى بىلەن ئەكسىچە بىزنىڭ ئۇيغۇر ئەرلىرىمىزگە تېخىمۇ ياخشى ئۈلگە بولالايدۇ.

ئاياللارنىڭ جەمئىيەت ۋە ئائىلىدىكى ئورنىنىڭ مۇھىملىقى كۈندىن-كۈنگە تونۇلۇپ ۋە ئېتىراپ قىلىنىۋاتقان بارلىق تەرەققىي قىلغان ئەللەرگە ئوخشاشلا ياپونىيەدىمۇ ئاياللارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتى ۋە قەدىر-قىممىتى ئەڭ ئاۋۋال ئائىلىدە ئەرلىرىنىڭ ھىمايىسى ۋە قوللىشى بىلەن كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. جەمئىيەت ئۇلارنى قوغدايدۇ. ئاياللارغا ھۆكۈمرانلىق ۋە مۇستەبىتلىك كۆرسىتىشنىڭ نامەردلىك ھەم لۈكچەكلىك بولىدىغىنىنى تەرەققىيات ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك ئېڭى بىلەن تونۇغان بۈگۈنكى ياپون ئەرلىرى خېلى بۇرۇنلا تونۇپ يەتكىنىدەك، ئېرىنى تەزىم بىلەن كۈتۈۋېلىشنى مەجبۇرىيەت سانايدىغان قۇللۇق ئىدىيەسىدىكى ئايال-

لارمۇ ئاللىقاچان كەلمەسكە كەتكەن. (ئەلۋەتتە كۈچلۈك ئەنئەنىۋى ئائىلە تەربىيەسىنىڭ ئاسارىتى كەتمىگەن، سۈكۈت ۋە بويسۇنۇشنى تۇرمۇش مىزانى قىلغان ئايرىم ئاياللارنىڭ بولغىنىغا ئوخشاش، زوراۋانلىقنىڭ جاھىل قوغدىغۇچىلىرى سۈپىتىدە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قارشى قۇتۇپىدا تۇرۇۋاتقان ئاز بىر قىسىم ئەكسى ئېقىمنىڭ مەۋجۇت بولۇشىمۇ نورمال ئەھۋال).

ئۇنداقتا، ھەرقاچان مۇلايىم ۋە نازاكەتلىك كۆرۈنىدىغان ئۇ سىرلىق ئاياللارنى زادى قانداق چۈشىنىش مۇمكىن؟

## ياپونىيە ئاياللىرىدىكى ئەخلاق ۋە ھايا

ئىسلام ئەللىرى، مۇسۇلمان ئاياللارنى ئەڭ ھايالىق ھەم ئىپپەتلىك دەپ قارايدۇ. بۇ باھاغا قارشى ئەمەسمەن. ئەمما بۇنداق شەرەپ مۇسۇلمانچىلىقنى دوراپ ئەمەس، مەجبۇرىي ئەمەس، خۇراپىي ئەمەس ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشىنىپ، چىن نىيىتى بىلەن ئىخلاس قىلىپ، ئۇنى ئەخلاق ۋە ئېتىقادىنىڭ ئۆلچىمى دەپ بىلگەن ئاياللارغىلا مۇناسىپ دەپ قارايمەن. بىزدە ھازىر پۈركۈنۈۋېلىش چەكتىن ئېشىپ كېتىۋاتقىنىدەك، ئېچىۋېتىشمۇ ئۇقتىدىن چىقىپ كەتتى.

بۇ جەھەتتە مەن ياپون ئاياللىرىغا ھەقىقەتەن ھەيران ھەم قايىل. ئۇلار يېپىۋېلىش سەنئىتىنىڭ ئاياللارنىڭ سېھرىي كۈچىنى ئاشۇرۇشتىكى ئىنتايىن ئۈنۈملۈك كوزىر ئىكەنلىكىنى بىلگىنى ئۈچۈنمۇ ياكى جەمئىيەت ئەخلاقىنى تۇرمۇش ئادىتىگە سىڭدۈرۈش ھايات مەنتىقىسىگە ئايلىنىپ كەتكىنى ئۈچۈنمۇ بەدەننىڭ سىرلىق جايلىرىنى ھەرگىز ئېچىپ قويمايدۇ. كۆكرەك، قولتۇق، كاسا، يوتىلىرىنى يارىشىملىق ۋە ئەپچىللىك بىلەن يېپىپ، شۇنىڭغا ماسلاشقان كىيىملەر بىلەن جەلپكارلىقى ۋە نازاكىتىنى ساقلايدۇ. چىپپىدە كېلىدىغان، بەدەن سىزىقلىرى كۆرۈنۈپ قالىدىغان كىيىملەرنى كىيمەيدۇ. تار شىم كىيگەندە بولسا، پاسونلىرى ئۆزگىچە يارىشىملىق ئۇزۇن كوپتا ياكى قىسقا يوپكا بىلەن كاسىنى چىرايلىق يۆگەپ يەنە ئۆزگىچە بىر مودا يارىتىدۇ. ھەرقانداق خىزمەت ئورنىدىكى ئاياللار كىيىملىرىنىڭ ياقىسىز ياكى تۆۋەن ئويمىلىق، يەڭسىز بولۇشى مەنئى قىلىنىدۇ. مەكتەپ فورمىسىنىڭ يوپكىسىنى تۇرۇپ كىيىشكە ئامراق ئوتتۇرا مەكتەپ قىزلىرى، غەلىتىلىكتە يېڭىلىق يارىتىش كويىدا يۈرگەن ئازغۇن ياشلار ياكى ئايرىم چەت ئەللىكلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قولتۇق ياكى كۆكرىكىنى ئېچىپ كۆڭلەك كىيىدىغان ئاياللارنى مەن ئۇچراتمىدىم. بولۇپمۇ ئاياللار ئوتتۇز ياشتىن ئاشقاندا ئۆزى ۋە ئەتراپىدىكىلەرنىڭ كىيىنىش، ياسىنىشىغا ئىنتايىن سەزگۈر بولۇپ، ئوچۇق ۋە چېك كىيىملەرنى مەدەنىيەتسىزلىك، جەمئىيەت ئەخلاقىغا يات ئەيىب دەپ تونۇيدۇ. ياپونىيەدىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ھەممىمىزنىڭ دېگۈدەك ۋەتەندىن ئېلىپ بارغان قىممەت باھالىق يەڭسىز كۆڭلەكلىرىمىز بار. ئەمما بۇ كۆڭلەكلەرنىڭ ئۈستىگە يوپۇق ياكى يەڭلىك يېپىنچا ئورۇۋالماستىن كىيەلمەيمىز. بۇ ھەرگىزمۇ بىرەر ياپوننىڭ بىزنى ئەيىبلىشىدىن قورققىنىمىز ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى مۇھىت، ئەخلاق، ھايانىڭ بىزنى قىزارتقىنى، ئۆزگە كۆندۈرگىنى ئۈچۈن. ئەمەلىيەتتە ياپونلارنىڭ بۇ خىل كىيىنىش ئالاھىدىلىكىمۇ ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدىكى ئىنچىكىلىك، ئىلمىيلىكىنىڭ ناھايىتىمۇ زىل، سەزگۈرلۈك بىلەن ئىپادىلەنگەن ئەڭ جانلىق شەكلى. ئۇلار كىيىنىش سەنئىتىدىمۇ ناھايىتى يېتەرلىك ئىزدەنگەن ۋە ئاقىلانە يەكۈنلىگەن. ئېنىقكى، ئاياللارنىڭ بەدەن شەكلى ۋە تېرە سۈپىتى ياشنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ئىنتايىن تېز ئۆزگىرىدۇ. بولۇپمۇ 30 ياشتىن كېيىنكى باسقۇچى، بەدەن سەمرىپ، ئەت بوشاشقا باشلايدىغان، تېرىنىڭ ئېلاستىكىلىقى يوقاپ، داغ-سەپكۈنلەر ئاينىيدىغان، سىزىق بەلگىلەر روشەنلىشىپ، مەنفى ئالامەتلەر كۆپىيىدىغان مەزگىل، داۋاملىق ئېچىۋېلىپ نامايان قىلغۇدەك گۈزەللىك، نازاكەت قالمىغان بەدەننى ئەپچىللىك بىلەن يېپىۋېلىپ، سالاپەت ھەم جەلپكارلىقنى ساقلاپ قېلىش تېخىمۇ ئاقىلانىلىك ۋە ئۆزگىچە گۈزەللىك ئەمەسمۇ؟ بىز ئۆزىمىز گۈزەل دەپ قارىغان نۇرغۇن نەرسىلەر ئەمەلىيەتتە ئاڭسىز ئادەتلىنىشتىن، مودىغا سىڭىشىپ، ئۆزگىچىلىككە ئېتىبار بەرمەسلىكتىن كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە ھەرخىل كىشىلىك قاراشلارغا ئوخشاشلا گۈزەللىك قارىشىمۇ ئوخشىمىغان ئەل، ئوخشىمىغان ئادەملەردە پەرقلىق بولىدىغىنى ئېنىق. ئەمما مەيلى قانداق زامان، قانداق ماكاندا بولسۇن گۈزەللىك پەقەت گۈزەل نەرسىلەرنى نامايان قىلىش ياكى گۈزەللەشتۈرۈپ كۆرسىتىش خالاس.

## ياپون ئاياللىرىنىڭ كىيىنىش ئادەتلىرى

ئۇلارنىڭ توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم مۇراسىملىرى ئەڭ يېقىن ئادەملىرى ئارىسىدا، ناھايىتىمۇ خاس ئۆتكۈزۈلىدىغىنى ئۈچۈن، قات-قات مۇراسىم كىيىملىرىگە ئېھتىياجى چۈشمەيدۇ. ئادەتتىكى تۇرمۇشتا كىيىلىدىغان كىيىم، خىزمەت كىيىمى، ئۇچرىشىش ۋە كىچىك يىغىلىشلاردىكى كىيىم، مۇراسىم كىيىملىرى ناھايىتى ئېنىق پەرقلىنىدىغىنى ئۈچۈن كىيىنىش ۋە گىرىم ئۆلچىمىنىمۇ سورۇن ۋە مۇھىتقا

قاراپ ئىنتايىن ئىنچىكە تاللايدۇ. كىيىم-كېچەك ئادىتىدىكى بۇ پەۋقۇلئاددە پەرقنى مەن مەكتەپ ۋە يەسلىلەردىكى ھەرخىل مۇراسىم پائالىيەتلىرىدە يەنىمۇ روشەن ھېس قىلدىم. كۆكتات سومكىسىنى كۆتۈرۈپ ھەر كۈنى تاللا بازىرىدا ئۇچرىتىپ تۇرىدىغان قوشنىلىرىمنى بۇ كۈنلىرى تونۇماي قالىمەن. ئۈستىبېشىدىكى ماركىلىق كىيىملەر، قۇلاق-بويۇنلىرىدىكى مەخسۇس مۇراسىم زىبۇ-زىننەتلىرى (بۇنداق سورۇنلاردا ئالتۇن ئەمەس، مەرۋايىت بۇيۇملارنى تاقاش ئومۇملاشقان)، سائەت-سومكىلىرىنىڭ ماركا، قىممىتى مېنى ھەم ھەيران، ھەم ھەۋەستە قالدۇرىدۇ. بۇ كۈنلىرى ئۇلار مەخسۇس گىرىم قىلدۇرۇپ چاچ ياسىتىدۇ (ئەلۋەتتە مەكتەپ مۇراسىملىرىغا لايىق ئۆلمىلىك بىلەن)، ئۆزىنىلا ئەمەس، ئەرلىرى ۋە پەرزەنتلىرىنىمۇ كاستۇم، گالستۇكلار بىلەن ياساپ، مەيدىسىگە گۈللەر تاقاپ، ئەڭ ئىلغار ئاپپاراتلار بىلەن شۇ كۈنى ئۈچۈن خاتىرە قالدۇرىدۇ. ئادەتتە ھېچ ھەشەم-دەرەمسىز شۇنچە ئاددىي يۈرىدىغان بۇ ئاياللار پۈتۈن ھۈنىرىنى، ھەممە دەسمىسىنى، ئەڭ ئېسىل، ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلىرىنى توي كۈندەكلا ئەھمىيەت بېرىدىغان مۇشۇ خاتىرە كۈن ئۈچۈن ئاتايدۇ. ماددىيەت ھەقىقىي مەنىۋىلىككە ئايلانغان، كىيىنىشتىكى سۈپەت ۋە ساپانىڭ ماكان قىممىتى بۇ قەدەر يۈكسەكلىك ۋە ھەيۋەت پەيدا قىلالايدىغان ھاياجانلىق كۆرۈنۈشلەر مەن ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ يېڭىلىق.

**گۈزەللىك ۋە ساغلاملىق ئېڭى**

ياپونىيە ئاياللىرى ھېچ گۈزەل ئەمەس (ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەللىك ئۆلچىمى بىلەن) ئەمما گۈزەللىكنى ئاجايىپ چۈشىنىدۇ ھەم قەدىرلەيدۇ. چىرايى سىيدام، كىيىنىشلىرى سىيدام، ھەتتا گىرىملىرىمۇ سىيدام بۇ ئاياللار، شۇنچە پاكىز تۇرقىنى سۈس ھەم يەڭگىل قىياپەت بىلەن تېخىمۇ سۈزۈك، لاتاپەتلىك بېزەيدۇ. كىرسىز ھاۋا، پاكىز مۇھىت بىلەن شۇنداق چىرايلىق ماسلىشىدۇكى، ئادەم ئىختىيارسىز، قېنىق ۋە رەڭلىك كىيىملەرنى قاتۇرۇپ كىيىپ، تۆكۈلۈپ تۇرغان گىرىملەر بىلەن تولىمۇ ئېغىر كەيپىيات بېرىدىغان بىزگە تونۇش چىرايلارنى ئەسكە ئېلىپ قالىدۇ ھەم ھەقىقىي گۈزەللىكنىڭ قانداق بولىدىغىنى، بولۇشى كېرەكلىكىنى قايىللىق ئىچىدە ھېس قىلىدۇ. ياسىنىشنى بىلىدىغان، ياخشى تەربىيە ئالغان ئاياللار گىرىمنى چاندۇرماي قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ ئۇلار. سۈس رەڭ، كىيىم ماسلاشتۇرۇشقا ئەپلىك، يەڭگىل ھەم نەپىس كۆرۈنگەچكە، قېنىق رەڭلىك، گۈللۈك كىيىملەر كۆپ كىيىلمەيدۇ (ياش ھەم تېتىك كۆرۈنۈشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئايرىم ياشانغانلاردىن باشقا) ھەتتا ئاسانلىقچە تاپقىلىمۇ بولمايدۇ.

ئۇلار يەنە كىيىنىش، ياسىنىش گۈزەللىككە ئەھمىيەت بەرگەندىن باشقا، ساغلاملىقنى ئاسراش، بەدەن شەكلىنى ساقلاش، تېرە سۈپىتىگە كۆڭۈل بۆلۈش جەھەتلەردىمۇ ئىنتايىن ئىنچىكە ۋە ئەستايىدىل. ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ جەريانىدىكى تىرىشچانلىقلىرى قىممەت باھالىق ئالاھىدە گىرىم بۇيۇملىرى، ھۆسن تۈزەش ئورۇنلىرىنىڭ ياردىمى دېگەندەك ئائىلە ئىقتىسادىغا بېسىم كەلتۈرىدىغان ۋە ئۈنۈمگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدىغان بىر تەرەپلىمە زورۇقۇشلار بىلەن ئەمەس، ماتېرىياللار ياكى مەسلىھەت بېرىش ئورۇنلىرىنىڭ ئىلمىي يېتەكلىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. قانداق يېمەكلىكلەرنى يېيىش، قايسى خىل چېنىقىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش، قانداق تەركىبتىكى مايلارنى ئىشلىتىش دېگەندەك تېخىمۇ ئەمەلىي، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، ئۆزىگە ئەڭ باب ئۇسۇللارنى تاللايدۇ. گۈزەللىك مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال ئىچكى ئورگانىزملارنى تازىلاش، ھۈجەيرە ئالمىشىشىنى تېزلىتىش، قان ئايلىنىشنى راۋانلاشتۇرۇشنىڭ تېخىمۇ جىددىي زۆرۈرىيەت ئىكەنلىكىنى، يېمەك-ئىچمەك ۋە چېنىقىشنىڭ ھەممىدىن ئۈنۈملۈك، قولاي ۋە ئەرزان ئامال ئىكەنلىكىنى ئۇلار چۈشىنىدۇ ۋە ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىدۇ. ياپون ئاياللىرى تېرىسىنىڭ گۈزەللىكى، بەدەن شەكلىنىڭ ئەۋرىشىملىكى، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشتىكى چېمپىيونلۇقى بىلەن بۇنىڭ ئەڭ جانلىق ئىسپاتى بولالىسا كېرەك.

**ياپون ئاياللىرى ئىنتايىن پىلانلىق، ئىنچىكە ۋە ئىقتىسادچىل**

خىزمەت قىزغىنلىقى ۋە خىزمەت سىجىللىقىنىڭ يۇقىرىلىقى، مەسئۇلىيەت ئېڭىنىڭ كۈچلۈكلۈكى ياپون ئەرلىرىنىڭ ئائىلە بىلەن بولغان ئارىلىقىنى مەلۇم جەھەتتە چۈشەپ قويغان. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئىش ئورنىدا نەتىجە يارىتىش، كۈچلۈك رىقابەت مۇھىتىدىن ئۈزۈپ چىقىش، ئەركەكلىك ئورنى بىلەن ئائىلىنىڭ بارلىق ئىقتىسادىي يۈكىنى ھەل قىلىشنى ئاساسىي ياشاش مىزانى قىلغىنى ئۈچۈن، ئائىلە باشقۇرۇش، بالا تەربىيەسى ۋە ھەرخىل ئىجتىمائىي ئالاقىلەر ئاساسەن دېگۈدەك ئاياللارنىڭ خىزمەت تەقسىماتىغا ئايلانغان. شۇڭا تويدىن كېيىن كۆپلىگەن ئاياللار جەمئىيەتتىن ئائىلىگە خىزمەت يۆتكەيدۇ. ئاياللارنىڭ ئائىلە باشقۇرۇشتىكى ئەستايىدىللىقى، تېجەشلىكى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقى ئەرلەرنى تەبىئىي ھالدا پۈتۈن زېھنى ۋە ۋۇجۇدى بىلەن

خىزمەتكە ئۆزىنى ئاتىيالايدىغان خاتىرجەملىككە ئىگە قىلىدۇ. ئاياللار جەمئىيەت ئۈچۈن لاياقەتلىك ئەر، سۆيەتلىك ئەۋلاد يېتىشتۈرىدىغان تېخىمۇ غوللۇق كۈچ. ئۇلارنىڭ ئائىلىدىكى خىزمىتى ئاخىرقى ھېسابتا جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىسى، جەمئىيەتمۇ ئەلۋەتتە ئۇلارنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

ياپونىيەدە بىز ۋە باشقا نۇرغۇن ئەللەر قوللىنىدىغان «ئائىلە ئايالى» دېگەن ئاتالغۇ «كەسپىي غوجىدار ئايال» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «سېنگيوۋ شيۇفۇ» سۆزى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ياپونىيەدە ئائىلىدىكى ئاياللار خىزمەتچى ئەمەس، بەلكى غوجىدار ھەم كەسپىي خادىم. دەرۋەقە، ئائىلە باشقۇرۇشنىڭ ئۆزىمۇ بىر كەسىپ. ئۇلار شۇ خىزمىتى ئۈچۈن دۆلەتنىڭ بارلىق پاراۋانلىق تەمىناتلىرىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ. يەنى داۋالىنىش، كۈتۈنۈش، پېنسىيە سۇغۇرتىسىغا قاتنىشالايدۇ ۋە ياش چەكلىمىسىنىڭ تۆۋەنلىكى سەۋەبلىك خىزمەتتىكى ئېرىدىن بۇرۇن پېنسىيە مائاشى ئالالايدۇ. تىجارەت، مۇلازىمەت ئورۇنلىرى بولسا بۇ قىممەتلىك غوجىدار خېرىدارلىرىنى تېخىمۇ بەكرەك ئەتىۋارلايدۇ. ئائىلىدە بولسا ھەقىقىي غوجايىنلىق ئىمتىيازى بىلەن ياشايدۇ. چۈنكى مۇشۇ ئىشسىز ئاياللار ئائىلىنىڭ پۈتۈن ئىقتىسادىي كىرىم - چىقىمىلىرىنى، ئەرلىرىنىڭ مائاش - مۇكاپاتلىرىنى باشقۇرىدۇ. كۆپىنچە ئەرلەر ئىشقا پويىزدا قاتنىغىنى ئۈچۈن ئائىلە ماشىنىسىمۇ ئاياللارنىڭ ئىشلىتىشىگە قالىدۇ. ئۇلار باللارنى كۇرسلارغا يەتكۈزىدۇ، باغچە ۋە ئويۇن ئۆيىگە ئاپىرىدۇ، ئانا - باللار توپلىشىپ ھەر خىل پائالىيەتلەرگە قاتنىشىدۇ، چېنىقىش سورۇنلىرىغا، سۆھبەتلەرگە بارىدۇ. بازار باھاسىنى ئىگىلەپ، ئۇنۇملۇك سودا قىلالايدۇ. بىزدە ئەرلەرنىڭ قازان بېشىغا چېپىلىشى ئەيىب بولغىنىدەك ياپون ئەرلىرىدىمۇ ئىقتىسادقا ئارىلىشىش مەردلىك ۋە تەربىيە كۆرگەنلىكنىڭ ئالامىتى ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئاياللار بۇ خىزمەتنى مەجبۇرىيەت ياكى ئاماللىسىزلىقتىن ئەمەس، ئۆزلىرى خالاپ، ياخشى كۆرۈپ قىلىدۇ. غۇرۇر تۇيىدۇ. چۈنكى ئەرلىرىنىڭ كۆيۈنۈشى، ئېتىراپ قىلىشى ۋە يېتەرلىك ئىقتىسادىي كاپالىتى بولغان ئاياللارلا خىزمەت ۋە ئۆيىنىڭ قوش يۈكىدىن قۇتۇلۇپ، «ئائىلە ئايالى» بولۇش شەرىپىگە ئېرىشەلەيدۇ. ۋاقتى، زېھنى بىلەن ئەرلىرىنى كۈتەلەيدۇ، باللىرىنى تەربىيەلىيەلەيدۇ. باللىسى يوق ياكى باللىرى مۇستەقىل بولغان جەمئىيەتكە مايىل ئاياللار، ئەرلىرى ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى يالغۇز ئۈستىگە ئېلىش قىيىن بولغان ئاياللار ۋە ياكى ئايرىم ئائىلىۋى زىددىيەتلەر تۈپەيلى ئۆز خىراجىتىنى ئۆزى ھەل قىلىش ئېھتىياجى تۇغۇلغان ئاياللار توختاملىق ۋە قىسقا سائەتلىك خىزمەتلەر بىلەن ھەر خىل زۆرۈرىيەتلەرنى قامادايدۇ. ئەپسۇسكى بۇنىڭلىق بىلەن ئۇلارنىڭ ئائىلىدىكى يۈكى يەڭگىللەپ قالمايدۇ. ئۇلار پەقەت قوش يۈك، قوش مەجبۇرىيەت ئاستىدا چارچايدۇ، بېسىلىدۇ، شۇڭا ئائىلە ئاياللىرى مەلۇم مەنىدىن بەختلىك ئاياللار، قەدىر - قىممىتىنى تاپقان ئاياللار.

يەنە كېلىپ ئائىلە ئاياللىرىنىڭ ۋاقىت جەھەتتىكى پايدىلىق ئورنى ئۇلارنى پائالىيەت دائىرىسىنى كېڭەيتىش، يېڭى ئۇچۇرلارنى ئىگىلەش، ئۆزلۈكسىز ئۆگىنىش، تەربىيەلىنىش شارائىتى بىلەن تەمىنلىگەن. تاشقى قىياپەتكىلا ئەمەس، ئىچكى ساپاغىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان بۇ ئاياللار يېڭى ۋە پايدىلىق ئۇچۇرلىرى، مول بىلىملىرى بىلەن ئەرلىرىگە ھەرقاچان ئاقىل ۋە كۈچلۈك مەسلىھەتچى، ھەتتا يېتەكلىگۈچى بولالايدۇ. ئائىلىدە ئاياللارغا، خىزمەتتە ئەرلەرگە يول قويۇش ۋە ئەگىشىش ناھايىتىمۇ ئەقەللىي تۇرمۇش ئادىتىگە ئايلانغاچقا، بويسۇندۇرۇش ياكى ئۆز پىكرىنى قارارلاشتۇرۇش، قارشىلىق ياكى زىددىيەتلەرمۇ ئاز بولىدۇ.

دېمەك، بۈگۈنكى ياپون ئاياللىرىدىكى پىداكارلىق ۋە رايىشلىق ھەرگىزمۇ سۇرلۇك ۋە مۇستەبىت ئەرلىك ھەيۋىسىدىن ئەمەس، ئەرلەردىكى مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە يول قويۇش پەزىلىتىدىن كېلىپ چىققان. تويۇنغان ھوقۇق ۋە قەدىر - قىممەت ئېڭىدىن كېلىپ چىققان، ئائىللىق تەبىئىتىگە خاس مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىدىن كېلىپ چىققان.

يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى بىزدىمۇ، ئاياللار ئائىلىدە ئولتۇرۇپ بالا تەربىيەلىشى كېرەك، دېگەن تەلەپتىكى ئەرلەر ۋە بۇ پىكرگە ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇۋاتقان ئاياللار خېلىلا كۆپىيىپ قاپتۇ. بۇ ھەقتە مەنمۇ 2012 - يىلى «تەڭرىتاغ» ۋە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلغان «چەتئەلدىكى ئىشسىز ئانىلار» قاتارلىق ماقالىلىرىمدە ياپونىيە، مىسىر، تۈركىيەدىكى ئاياللار تۇرمۇشىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆي - پىكىرلىرىنى مىسال قىلىپ، يۇقىرىقى قاراشقا بايراقدار بولغانىمەن. بىراق، بىزدىكى ئائىلە ئاياللىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى زادى قانچىلىك، ئەرلىرىمىز بېرەلەيدىغان ھوقۇق ۋە ئۈستىگە ئالالايدىغان مەسئۇلىيەت قانچىلىك، ئاياللىرىمىزدىكى روھىي تەييارلىقچۇ... بۇ نۇقتىلار ماڭا نىسبەتەن يەنىلا بىر تۈگۈن. ئىجتىمائىي پسىخولوگىيە ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەسىدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ ياپونىيەدە تۇرۇۋاتقان ۋە يا-

پونىيەلىكلەرنى چۈشىنىدىغان چەت ئەللىكلەردىن ئېلىنغان تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە قارىغاندا ياپونىيە ئاياللىرىنىڭ ئورنى ۋە مىجەز ئالاھىدىلىكلىرى تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىلانغان: 1. ئەدەپ - قائىدىلىك، تەكەللۇپچان. كوللېكتىۋىزملىق روھقا باي، مۇھىتقا ماسلىشىشچان. مۇلايىم، چىداملىق؛ پىلان - تەرتىپلىك، ئىنچىكە ۋە ئەستايىدىل، تېجەشلىك، گۈزەللىكنى، پاكىزلىقنى ياخشى كۆرىدۇ؛ سۆز - ھەرىكىتىگە ئەمەل قىلىدۇ؛ ۋاقىت قارىشى يۇقىرى.

2. ئۆز پىكرى، كۆز قارىشىنى ئېنىق ئىپادىلىمەيدۇ. مۇستەقىللىق، تەشەببۇسكارلىق روھى كەم، ئۆز ئارزۇسىدىن بەكرەك ئەتراپتىكىلەرنىڭ رايى، باھاسىغا ئېتىبار بېرىدۇ. بويسۇنۇش، ئىتائەتمەنلىك خاھىشى ئېغىر؛ ئاياللار ھوقۇقى ۋە باراۋەرلىككە سەل قارايدۇ. تاشقى كۆرۈنۈشكە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. گىرىمسىز ئەسلى چىرايىنى كۆرگىلى بولمىغىنىدەك، ھەقىقىي ئىچكى دۇنياسىنى بىلگىلى بولمايدۇ؛ كۆرۈنۈشى سىپايە ئەمما ماھىيىتى قورقۇنچلۇق، مۇجمەل ۋە مۇرەككەپ.

يۇقىرىقى باھالارغا ياپونلارنىڭ بەرگەن جاۋاب - ئىنكاسلىرى مۇنداق بولغان.

1. ئاياللارنىڭ مائارىپ قۇرۇلمىسى ۋە تەربىيەلىنىشىدە، ئۆرپ - ئادەت ۋە ئەنئەنىۋى ئائىلە ئەخلاقى ئىنتايىن مۇھىم. كوللېكتىۋىزملىق ۋە ئەگىشىشچانلىق بىر مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ياكى پارچىلىنىشىدىكى ئەڭ ئاساسىي ھالقا. ياپونلار ئەزەلدىن ئۆزلۈك ۋە شەخسىيەتنى ئىنكار قىلىدىغان مىللەت. ئۇلار ئۆز خاھىشىنى ئەمەس، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى چىقىش قىلىپ ھەرىكەت قىلىشقا ئادەتلەنگەن. بۇ پەقەت ئاياللارغىلا ئەمەس، پۈتۈن ياپون خەلقىگە ئورتاق. ھەركىم ئۆز پىكرى، تەشەببۇسى بىلەن ماڭغاندا ئائىلىدىمۇ، جەمئىيەتتىمۇ بىرلىك بولمايدۇ. ماسلىشىش ۋە ئومۇملۇققا ئېتىبار بېرىش ئىتائەتمەنلىك، بويسۇنۇشتىن دېرەك بەرمەيدۇ.

2. ياپونىيە ئاياللىرىغا ھوقۇق ۋە باراۋەرلىك دەۋاسى قىلىش زۆرۈرىيىتى يوق. ئۇلار ئائىلىدە ئەرلەر بىلەن باراۋەر ھەتتا يۇقىرى ئىمتىيازغا، جەمئىيەتتە تولۇق كاپالەتكە ئىگە. ئاياللارغا ئائىلىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ قىممەتلىك ئىككى بايلىق يەنى پۇل ۋە پەرزەنت تاپشۇرۇلغان. ئەرلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى بارلىق شەرەپ - نەتىجىلىرى ئاياللارنىڭ تۆھپىسى بىلەن باغلانغان. جەمئىيەت ئۇلارنىڭ ئائىلىدىكى خىزمىتىنى كەسپىي خىزمەت دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە تېگىشلىك كاپالەتلەردىن بەھرىلەيدۇ. ھازىر دۇنيادا ئەر - ئايال باراۋەرلىك دەۋاسى تەلەپ قىلىۋاتقان كۆپلىگەن دۆلەت ۋە مىللەتلەردە ئەمەلىيەتتە ئائىلىدىكى ئاياللارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئورنى ئىنتايىن تۆۋەن. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىنى ئائىلە ۋە جەمئىيەتكە ئېتىراپ قىلدۇرۇشقا، ھازىرى ۋە كەلگۈسى ئۈچۈن بىخەتەرلىك كاپالىتى تېپىشقا موھتاج. قىسقىسى، ئۇلار ئەزەلدىن باراۋەرلىككە ئېرىشەلمىگىنى ئۈچۈن باراۋەرلىك تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، ئۆز قەدىر - قىممىتىنى جەمئىيەتتىن ئىزدەۋاتىدۇ.

بۇ پىكىر قاتناشتۇرغۇچىلار ئىچىدە ئاياللارنىڭ نىسبىتىمۇ كۆرۈنەرلىك بولۇپ، ياپونىيە دۇنيا بويىچە ئەر - ئاياللار باراۋەرلىكى ئەڭ ياخشى ئىشقا ئاشقان، ئاياللار ھوقۇقى ئەڭ ئەمەلىي كاپالەتلەنگەن دۆلەت، دېگەنلەرمۇ بولغان. ئەمما ھېچقانداق بىر ئىنچىكە ھالقىنى نەزەردىن ساقىت قىلمايدىغان بۇ ئەستايىدىل ياپونلار ئاياللارنىڭ ئىچكى دۇنياسى مۇرەككەپ، قورقۇنچلۇق، كۆرۈنۈشتىكىدەك ئەمەس، دېگەن باھالارنى جىمجىت ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتكەن ياكى ناھايىتى ئاز بىر قىسىم جاۋابلاردىلا بۇ ئومۇمىيلىق ئەمەس، ئىنكار قىلىش تەس دېگەندەك ئىنكاسلار چۈشكەن.

ھازىر ياپونلاردا كۆرۈلۈۋاتقان چوڭ ياشلىقلار ئاجرىشىش ھادىسىسىنىڭ مەنبە ئىستاتىستىكىسىدا، ئاۋۋال ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلىدىغانلارنىڭ ئاساسەن ئاياللار بولىدىغىنى. ئاجرىشىش سەۋەبى: ئەرلەردىكى جاھىللىق، مۇستەبىتلىك ۋە يۆلىنىۋېلىش ئىدىيەسى ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان. پەرزەنتلىرىنىڭ ياشاش ئېھتىياجى ۋە ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي كاپالىتى ئۈچۈن ئۇزاق يىل سۈكۈت قىلغان بۇ ئاياللار، كېيىنكى ھاياتىغا يېتەرلىك ئېشىنچا توپلاپ، پېنسىيە مائاشىدىن بەھرىلىنىش يېشىغا يەتكەن ۋە باللىرى مۇستەقىل بولغاندا بولسا ئۇزاق يىللىق ئۆچ ۋە قارشىلىقنى بىراقلا چىقىرىپ، ئەرلىرىنى يالغۇزلۇققا مەھكۇم قىلىدىكەن. بىر ئۆمۈر ئەرلىك ھاكىمىيىتى بىلەن ياشاپ، ئۆزىنى كۆتۈش ئىقتىدارى ئاجىز بۇنداق ئەرلەرگە بۇنىڭ ئەڭ ئېغىر جازا بولىدىغىنى پىلانلايدىكەن. روھىي بېسىمدىن كونتروللۇقنى يوقىتىپ، ئەر - ئايال بىر - بىرىنىڭ قاتىلى بولۇپ قالىدىغان ئۈچۈرلارنىمۇ كۆرۈپ تۇرىمىز. ئۇنىڭدىن باشقا زىيادە ئىتائەتمەن ئاياللاردىن ئاسان بىزار بولىدىغان، مۇستەقىللىقى ۋە ھاياتىي كۈچى يوق دەپ، زېرىكىش ھېس قىلىدىغان ئەرلەرمۇ چىقىدىكەن.

ياپونىيە ئاياللىرىنى چۈشىنىش ھەقىقەتەن ناھايىتىمۇ

قىين، ئۇزاق ھەم چوڭقۇر ئارىلاشماي، ئىنچىكە كۆزەتمەي تۇرۇپ ئۇلار ھەققىدە بىرەر چۈشەنچىگە ئېرىشتىم دېيىش ھەقىقەتەن يۈزەكىلىك. چۈنكى، ئۇلار بوش سۆزلەيدۇ، چىلىق تۇرىدۇ، سىرتى يۇمشاق، ئىچى قاتتىق. ھېسسىياتىنى، كۆڭلىدىكىنى ئىپادىلىمەيدۇ. ئاچچىقىنى كۈلكە بىلەن، ئۇچمەنلىكنى سۈكۈت بىلەن چىقىرىدۇ. جاھىل ھەم چىداملىق. ھەرقانداق ئىشنى ئىچىگە سالالايدۇ. ناۋادا ئۇلاردا بويسۇنۇش ۋە ئەگىشىش خاھىشى بار دېيىلسە، بۇ كۆپىنچە ھاللاردا ھەققىي قايىللىق ۋە رازىمەنلىكتىن بولماستىن، جەمئىيەت ئەخلاقى، ئوبراز ۋە تەسىر ئېھتىياجىدىن بولىدۇ. چۈنكى، ئىنسان تەبىئىتى ئەسلىدىن ئېتىراپ قىلىنىش، ھۆرمەتلىنىش ۋە رىغبەتكە موھتاج. ئۇ مەيلى ئەر ياكى ئايال، باي ياكى نامرات بولسۇن شەخسىيىتى زەربىگە ئۇچرىسا تەبىئىيكى نارازىلىق، قارشىلىق كەيپىياتىدا بولىدۇ. مەسىلە پەقەت ئۇنى ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ئىپادىلەشتە خالاس. ياپونلاردىكى تۆۋەنلىرىنى يوشۇرۇش، ئۆزىنى مۇھىتقا ماسلاشتۇرۇش، دادىل ۋە ئوچۇق- يورۇق بولالماسلىقتەك ئەنئەنىۋى ئادەت كۈچلىرى ئاخىرقى ھېسابتا ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدىكى سوغۇققانلىق، مۇجمەللىك، روھىيىتىدىكى تەنھالىق، زېرىكىشلىكتەك پسىخىك ھالەتلىرىنى كۈچەيتىپ، قىزغىنلىق، مېھىر- مۇھەببەت، سەممىيلىك ۋە نورمال غەزەپ- نەپرەتتىنمۇ ياتلاشقان، بۇرۇقتۇم روھىي ھالەتنى يېتىلدۈرىدىكەن. ئەرگە ئۇزاق يىل ئۇن- تىنسىز ۋە قارشىلىقسىز ئەگەشكەن، مۇكەممەل ئايال ۋە ئۈلگىلىك ئانا بولۇش تەلىپى بىلەن بارلىق روھىي ئىسيانلىرىغا قارشى، سۈكۈت ۋە سالاپەت ئەچىدە ياشىغان ئاياللاردا يۇقىرىقى پسىخىك بىنورماللىق تېخىمۇ ئېغىر بولىدىكەن. دەرۋەقە مۇكەممەللىك قىيامى ئەزەلدىن ئىنسانغا باب بولغان ئەمەس. بىلىم سەۋىيەنىڭ، ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ، جىسمانىي كۈچ ھەم روھىي قۇۋۋەتنىڭ ھامان چېكى بولىدۇ. ئۆز ئىقتىدار دائىرىسىدىن ھالقىغان ئېھتىياج ۋە زىيادە زورۇقۇش تەن ھەم روھنىڭ مۇۋازىنىتىنى بۇزىدۇ، ھەتتا سەلبىي ھەم پايدىسىز ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئۇيغۇر ئاياللىرىدىمۇ مۇكەممەللىك، ئېسىل سۈپەتلىك، نازاكەتلىك ئۈلگىمى بىلەن ئۆزىنى ھەر جەھەتتىن تەربىيەلەشكە كۆڭۈل بۆلىدىغان؛ ئەرلەرنى ھەر خىل خىرىسلاردىن ساقلىيالايدىغان گۈزەل، قابىلىيەتلىك، قۇسۇرسىز ئايال بولۇش؛ بالىلارنى چەت ئەلدە ئوقۇتۇپ ياكى ئەڭ يۇقىرى ماددىي ئېھتىياج بىلەن تويۇندۇرۇپ، لاياقەتلىك ئانا بولۇش شەرىپىنى ئۈستەيدىغان غايىۋى نىشان تىكلىنىپتۇ. ياپون ۋە ئەرەب ئاياللىرىدىن ئۈلگە تىكلەپ بەرگەن تەلەپچان ئەرلەرنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئەتراپتىكى قۇسۇرچى ئاياللارنىڭ بېسىمى بىلەن ئۆزىنى ئۇنتۇپ ۋە يوقىتىپ يېتىلىنىشقا باشلاپتۇ. بالىلىقتىكى دوستلىرىمغا، ئالىي مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرىمغا، سىرداش يېقىنلىرىمغا قارىسام ئۇلار ھېچ ئۆزى ئەمەستەك، ئارىلىقىمىز بارا- بارا يېراقلاپ كېتىۋاتقاندەك... مەن شۇنچە يىل چەت ئەلدە ياشاپ چەت ئەللىكتەك بولسام دەپ ھېچ ئويلاپ باققىنىمنى بىلمەيمەن. ھەرقاچان لەڭگەردىكى چېقىلىپ ئەسەرمۇ قالمىغان ئۇجمىلىك مەھەللىمنى، ھەر سەھەر سۇ سېپىپ سۈپۈرىدىغان تال باراڭلىق ھويلىلىرىمنى، بىر باش پىياز سوراپ كىرىپ، سائەتلەپ مۇڭدىشىپ چىقىدىغان، تاۋاق سۇنۇشۇپ، ھەر قاچان قول تەممىزنى تېتىشىپ تۇرىدىغان دۇنيادا يوق قوشنىدارچىلىقىمىزنى، قىسقىسى، شۇ سادىدا، شۇ تەبىئىي، شۇ كىرسىز، شۇ نىقابسىز ئاياللىقىمىزنى سېغىنىمەن. بىراق، سەممىيلىك، ئاق كۆڭۈللۈك، تەبىئىيلىكنى ئېسىل خىسلەت، گۈزەللىك دەپ بىلىدىغان ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ قاچاندىن بېرى «ئېسىل سۈپەت» چەت ئەللىكلەرگە، ساختا تەكەللۇپ، سۈنئىي نازاكەتلەرگە ھەۋەس قىلىپ ياندىغان بولۇپ قالغىنىنى چۈشىنەلمەيمەن. سەن سەن بولالمىساڭ، ئۇ چاغدا ھېچكىم بولالمايسەن. سەممىي دوستلۇق يوق، ۋەدىگە ۋاپا يوق، ئىشەنچ، چىنلىق يوق. يا مۇھەببەت ياكى نەپرەت يوق. ئىنسان ئىنسانلىقىدىن ياتاپ كېتىۋاتقاندەك. ئەرلەر تەلەپ قىلىش، ئاياللار تەقدىم قىلىش بىلەنلا يېنىۋاتقاندەك.

چەت ئەللىكلەر يىللار بۇرۇن يوقىتىپ قويۇپ ئەمدى قەدرىنى بىلىۋاتقان، زارىقىپ ئىزدەۋاتقان گۈزەللىك، بىزنىڭ ئاياغ ئاستىمىزدا. ئۇلارنى ھالسىراتقان، تەنھا قويغان سۇنئىيلىكلەر قەلب تۆرىمىزدە. بىز ياپون ياكى ئەرەب بولالمايمىز ھەم بۇنداق زۆرۈرىيەتمۇ يوق. ئەگەر ئەرلىرىمىز راستتىنلا شۇ خىل ئاياللارنى ئىستىسە، ئۇنداقتا ئاۋۋال ئۆزلىرى شۇلارنىڭ ئەرلىرىدەك بولۇپ باقسۇن. ئۆگىنىپ باقسۇن! بەلكىم شۇ چاغدا بىلىدۇ. دۇنيادىكى ئەڭ شەخسىيەتچى، ئەڭ ھۇرۇن، ئەڭ مۇستەبىت، ئەڭ مەسئۇلىيەتسىز ئەرلەرنىڭ كەملىكىنى. ئېرىنى ئۇيغۇر ئاياللىرىدەك بېشىدا كۆتۈرىدىغان، پىداكار، ئىشچان، قەيسەر تېپىلىك يەنە بىر قوۋم، مىللەتتە يوقلۇقىنى!!!

---

ئاپتور: ئاقسۇ شەھىرى نەنچاڭ غەربىي يولى 3- نومۇر 6- بىنا 302- ئۆيدە ئولتۇرۇشلۇق




## ئادەملەر قانداق بۇزۇلىدۇ؟

بىر قېرى ئالۋاستى ئادەملەرنىڭ ناھايىتى بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كىچىك ئالۋاستىلارغا: «بىز بىرىپ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى قالايمىقان قىلىۋېتەيلى، بولمىسا باشقىلار بىزنى مەۋجۇت ئەمەسكەن دەپ قالىدۇ» دەپتۇ.

ئۇ ئالۋاستى بىر كىچىك ئالۋاستىنى بىر دېھقاننىڭ تۇرمۇشىنى قالايمىقان قىلىشقا ئەۋەتىپتۇ. چۈنكى ئۇ دېھقاننىڭ ھەر كۈنى شۇنچە جاپالىق ئىشلىسىمۇ، بىراق، قىلچە روھى چۈشمەي، شۇنچە خۇشال - خۇرام، شۇنچە شۈكۈر - قانائەت بىلەن ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىكەن.

كىچىك ئالۋاستى: «قانداق قىلسام بۇ دېھقاننىڭ تۇرمۇشىنى بۇزالايمەن؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ باش قاتۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دېھقاننىڭ ئېتىزىنىڭ تۇپىسىنى قېتىپ، قىيىنچىلىق كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئىرادىسىنى بوشاشتۇرماقچى بوپتۇ. دېھقان يېرىم كۈن ئېتىزلىقتا كەتمەن چېپىپ ناھايىتى جاپا تارتىپتۇ، بىراق، بىردەم ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن يەنە داۋاملىق چېپىشقا باشلاپتۇ، ھالبۇكى چىرايىدا بىزارلىقتىن قىلچىمۇ ئەسەر يوق تۇرغۇدەك.

كىچىك ئالۋاستى ئويلاپ تاپقان ئامالنىڭ كارغا كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، بۇرۇتىنى سىيلىغىنىچە قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بوپتۇ.

قېرى ئالۋاستى يەنە بىر كىچىك ئالۋاستىنى ئەۋەتىپتۇ. ئۇ ئالۋاستى: «شۇنچە جاپا تارتىشمۇ ئۇنىڭغا كار قىلمىغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى ئېلىپ قاچاي!» دېگەنلەرنى ئويلاپتۇ - دە، دېھقاننىڭ بولكا ۋە سۈيىنى ئوغرىلاپ قېچىپتۇ. ئالۋاستى كۆڭلىدە: «دېھقان شۇنچە جاپالىق ئىشلەپ، ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەندە بولكا ۋە سۈيىنىڭ يوقالغانلىقىنى كۆرسە، چوقۇم ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ قاتتىق تىرىكىدۇ» دېگەنلەرنى ئويلاپتۇ.

دېھقان ھېرىپ - ئېچىپ، ئارام ئالاي دەپ، دەرەخنىڭ ئاستىغا كېلىپ، قارىغۇدەك بولسا ئويلىمىغان يەردىن بولكا بىلەن سۈيى يوق تۇرغۇدەك. دېھقان: «قايسىبىر بىچارە بۇ بولكا بىلەن سۇغا مەندىنمۇ بەكرەك ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغاندۇ؟ ئەگەر بۇ نەرسىلەر بىلەن شۇ بىچارە تويۇنالىغانلا بولسا، بۇمۇ ياخشى بوپتۇ» دېگەنلەرنى ئويلاپ، كۆڭلى تەسەللى تېپىپتۇ. مەقسىتىگە يېتەلمىگەن ئىككىنچى كىچىك ئالۋاستىمۇ نىيىتىدىن يېنىپ قېچىپ كېتىپتۇ.

قېرى ئالۋاستى ھەيران بولۇپ:

«تىلماچلار چايخانىسى» دىكى پاراڭلار

— ئەجەبا، ھېچقانداق چارە بۇ دېھقاننىڭ تۇرمۇشىنى قالايمىقان قىلالماسمۇ؟ — دەپتۇ. دەل شۇ پەيتتە ئۈچىنچى كىچىك ئالۋاستى ئوتتۇرىغا چىقىپ، قېرى ئالۋاستىغا:

— مېنىڭ بىر ئامالىم بار، بۇ ئامال چوقۇم ئۇنىڭ تۇرمۇش تەرتىپىنى بۇزالايدۇ، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۈچىنچى كىچىك ئالۋاستى ئاۋۋال ھېلىقى دېھقان بىلەن دوست بولۇشقا بېرىپتۇ، دېھقان ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن ئۇنىڭ دوستلۇقىنى قوبۇل قىپتۇ. چۈنكى ئالۋاستىنىڭ ئىشلارنى ئالدىن بىلىش ئىقتىدارى بار بولۇپ، ئۇ دېھقانغا كېلەر يىلى قۇرغاقچىلىق بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭغا شال مايسىلىرىنى نەم تۇپراققا تېرىشنى ئۆگىتىپتۇ. دېھقان ئۇنىڭ دېگىنىنى بويىچە قىپتۇ. نەتىجىدە، 2 - يىلى باشقىلار مول ھوسۇل ئالالماي، پەقەت ھېلىقى دېھقانلا مول ھوسۇل ئالالاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بېيىپ كېتىپتۇ.

كىچىك ئالۋاستى يەنە ھەر يىلى دېھقانغا بۇ يىل نېمە تېرىسا مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى دەپ بېرىپتۇ. ئۈچ يىلدىن كېيىن دېھقان قاتتىق بېيىپ كېتىپتۇ. ئۇ يەنە دېھقانغا گۈرۈچتىن ھاراق ئىشلەشنى ئۆگىتىپ بازارغا سېلىپ، نۇرغۇن پۇل تېپىپتۇ. ئاستا - ئاستا دېھقان ئىشلىمەيدىغان بوپتۇ، سودىغا تايىنىپ، نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈشكە ئېرىشىپتۇ.

بىر كۈنى قېرى ئالۋاستى كەپتۇ. كىچىك ئالۋاستى قېرى ئالۋاستىغا:

— قاراڭ، مەن ھازىر ئۆزۈمنىڭ ئەجىر مېۋىسىنى نامايان قىلىۋاتىمەن. بۇ دېھقاننىڭ تومۇرىدا ھازىر چوشقىنىڭ قېنى ئېقىۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

قېرى ئالۋاستى قارىغۇدەك بولسا، دېھقان كەچلىك زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇۋاتقان بولۇپ، زىياپەتكە بايلارنىڭ ھەممىسى كەلگەن، ئەڭ ئېسىل شارابلارنى ئىچىشىپ، ئەڭ ئېسىل تائاملارنى يېيىشىۋاتقان، يەنە نۇرغۇن مالايلار قول باغلاپ ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىشىۋاتقانكەن. ئۇلار ئىنتايىن ئىسراپچىلىق بىلەن يەپ - ئىچىپ، بۇزۇپ - چېچىپ، مەستلىكتىن خۇدىنى يوقىتىشقان بولۇپ، بەئەينى چوشقىغا ئوخشاش سەمرىپ دۆتلىشىپ كەتكەنىدى.

— سىز ئۇنىڭ تومۇرىدا يەنە بۆرىنىڭ قېنىنىڭمۇ ئېقىۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيسىز، — دەپتۇ يەنە كىچىك ئالۋاستى. بۇ چاغدا قىزىل ھاراق توشۇۋاتقان بىر چاكار ئېھتىياتسىزلىقتىن يىقىلىپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن دېھقان شۇ ھامان ئۇنىڭغا تىل سايتۇ:

— نېمشقا ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلىشمايسەن؟!

— ۋاي، غوجايىن! بىز تېخى ھازىرغىچە تاماق يېمىدۇق، قورسىقىمىز ئېچىپ، پۇت - قولىمىزدا جان قالمىدى.

— ئىشنى تۈگەتمەي تۇرۇپ، يەنە نېمە تاماقنىڭ گېپىنى قىلىشىسەن؟!

قېرى ئالۋاستى بۇلارنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن كىچىك ئالۋاستىغا دەپتۇ:

— ۋاھ! سەن ھەقىقەتەن قالتىس ئىكەنسەن! سەن قانداق قىلىپ ئۇنى مۇشۇ ھالغا كەلتۈرەلىدىڭ؟

— مەن پەقەت ئۇنى ئۆزى ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىلەردىن تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرگە ئىگە قىلدىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئىنسان تەبىئىتىدىكى نەپسانىيەتچىلىكنى قوزغاشقىلى بولىدۇ، — دەپتۇ كىچىك ئالۋاستى.

تولستوي ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «مىكرو ھېكايىلەردىن تاللانما» (微型小说选刊) ژۇرنىلىنىڭ 2014 - يىللىق 4 - سانىدىن **ئەھەت داۋۇت** تەرجىمىسى

تىلماچ: كۇچا ناھىيەلىك «قوش تىل» ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيەلەش مەركىزىدە.

## غەم يېيىش

دادىسى تۈگەپ كەتكەندىن كېيىن، ئوغۇل ئانىسىنى ياشانغانلار ساناتورىيەسىگە ئاپىرىپ قويىدى، شۇندىلا ئۇ پۈتۈن زېھنى ۋە ۋاقتىنى شىركىتىنىڭ سودىسىغا قارىتالايتتى. دەسلەپتە ئۇ ھەر ھەپتىدە بىر دېگۈدەك ساناتورىيەگە بېرىپ ئانىسىنى يوقلاپ تۇردى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئايدا بىر يوقلايدىغان، كېيىنچە يىلدا بىرەر قېتىم يوقلايدىغان بولدى.

بىر كۈنى ساناتورىيەدىن تېلېفون كەلدى، خىزمەتچى خادىم تېلېفوندا ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغىنىنى، كېسەلنىڭ ئېغىرلىقىنى، ئۆزىنىڭ دەرھال كېلىشىنى ئېيتتى. ئوغۇل دەرھال ساناتورىيەگە يېتىپ كەلدى، كۆردىكى، ئانىسى بىر تىنىقتىلا قالغان-

دى. ئوغلىنى كۆرۈپ ئانىنىڭ تاتارغان چىرايىدا سۇسقىنە تەبەسسۇم پەيدا بولدى.

«ئانا، سىزگە نېمە قىلىپ بېرەي؟» ئوغۇل ئانىسىدىن جىددىيلا سورىدى.

«مۇمكىن بولسا ساناتورىيەنىڭ ياتاقلىرىغا شامالدۇرغۇچ ئورنىتىپ بەرسەڭ...» ئانا ئارانلا جاۋاب بەردى. ئوغۇل ئەجەبلەندى:

— ئانا، بۇ يەردە شۇنچە ئۇزاق تۇرۇقلۇق بۇ ھەقتە ھېچنېمە دېمىگەنتىڭ، ئەمدىلىكتە شامالدۇرغۇچنىڭ گېپىنى دەۋاتىسەن، بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟»

— ئوغلۇم، دېگىنىڭ ئورۇنلۇق، مەن بۇ يەردە ئۇزاق تۇردۇم، بۇ ئۆيلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا شامالدۇرغۇچ ئورنىتىلمىغان، ھەممەيلەن پىژغىرىم تومۇز - دىمىق ئىسسىقلارغا چىداپ ياشىدۇق، ئەڭ ئەنسىرەيدىغىنىم سەن بالام، كىچىكىڭدىن ئىسسىققا پەقەت چىدىمايسەن، كەلگۈسىدە بالاڭ سېنى بۇ يەرگە ئەكىلىپ قويسا، شامالدۇرغۇچ يوق قىينىلىپ كەتسەڭ مەن قانداق چىدايمەن ئوغلۇم؟...

«ئالاھىدە تەرمىلەر» (特别文摘) ژۇرنىلى2015 - يىلى 5 - ئايلىق ئالدىنقى سانىدىن **شەمسنۇر تۇرغۇن زىلتار** تەرجىمىسى

تىلماچ: يەكەن ناھىيەلىك 5 - ئوتتۇرا مەكتەپتە.

## ئەڭ مۇھىمى ئەر-خوتۇن ئارىسىدا

نىكاھنىڭ ماھىيىتى بىر مەيدان ھەمكارلىق، ھەمكارلىشىشلا بولسا، بايلىقتا ماسلىشىش مەۋجۇت، سەن بەك تېز ئۈچۈۋەتسەڭ، قارشى تەرەپنى تاشلىۋېتىسەن؛ سەن بەك ئاستا ئۈچساڭ، قارشى تەرەپتىن تاشلىۋېتىلىسەن.

ئەر-خوتۇن ئارىسىدىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق مۇناسىۋەت بىر تەرەپ ئىلگىرىلىسە، بىر تەرەپ ئۆز ئورنىدا دەسسەپ تۇرۇش، ئېرىڭىز بەك تېز ئۈچۈۋەتكەن چاغدا، ئىچىڭىزدە خۇشال بولماسلىقىڭىز، بەلكى كىرىزىس تۇيغۇسىغا ئىگە بولۇشىڭىز كېرەك.

ئايال كىشىنىڭ ئەڭ چوڭ خاتالىقى ھەممىدىن ياخشى كۆرىدىغان ئەر كىشى ئۈچۈن كەسپىدىن ۋاز كېچەلىكى، كەسپىڭىز بولمىسا ئىككىنچىلەپ سېھرىي كۈچىڭىز بولمايدۇ. ئەر كىشى ئۆزى-ئۆزىنىڭ كويىدا بولىدىغان ئايال كىشىگە مەڭگۈ مەپتۇن بولىدۇ.

ئايال كىشىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىم. مەن نەچچە مىڭ يۈەنلىك پەلتو كىيەلەيدىغان، نەچچە ئون يۈەنلىك قىسقا يەڭ مايكىنىمۇ يامان كۆرمەيدىغان؛ ئالىي دەرىجىلىك قەھۋەخانىدىن بەھرىمەن بولالايدىغان، يول بويىدىكى ئاچچىق-چۈچۈك شورپىنىمۇ يۇتالايدىغان، ھەشەمەتلىك پىكاپقا ئولتۇرالايدىغان، يۈگۈرگىنىچە بېرىپ ئاپتوبۇسقىمۇ ئولتۇرىدىغان؛ سەلتەنەتلىك زىياپەتكە قاتنىشالايدىغان، ئاچا-سىڭىللار ئولتۇرۇشىدىمۇ «ھەي»لىشەلەيدىغان؛ تۇمۇچۇقتەك بالىمۇ بولالايدىغان، ئۆز كۈچىگىمۇ تايىنالايدىغان ئايال كىشىنى ياخشى كۆرىمەن.

سىز بولسىڭىز، مەن پۈتۈن دۇنياغا ئىگە بولىمەن؛ سىز بولمىسىڭىزمۇ، مېنىڭ دۇنيارىم بۇرۇنقىدەكلا ئۇلۇغ بولۇۋېرىدۇ.

يى مىڭ ئىمزالىقىدىكى بۇيازما «فېلىيەتونلاردىن تاللانمىلار» ژۇرنىلىنىڭ 2016-يىللىق 1-سانىدىن **غوپۇر قادىر** تەرجىمىسى

## خارۋاد مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئەيىبلىنىشى

لاۋرېنس سۇمېرس نۇرغۇن رىقابەت رەقىبى (جۈملىدىن ئامېرىكىنىڭ سابىق زۇڭتۇڭى كىلىنتون)نى مەغلۇپ قىلىپ، خارۋاردنىڭ 27-نۆۋەتلىك مەكتەپ مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇ دەرس ئورۇنلاشتۇرۇش، نومۇر قويۇش تۈزۈمى، دەرس بېرىش مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمى قاتارلىقلارغا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىۋاتقان مۇھىم پەيتتە، 2006-يىلى 2-ئايدا ئېچىلغان مەملىكەتلىك ئىقتىساد مۇھاكىمە ئىلمىي يىغىنىدىكى سۆزىدە «ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى تۇغما پەرق ئاياللارنىڭ ماتېماتىكىلىق ساھەدە ئاز تۆھپە قوشۇشىدىكى سەۋەب بولۇشى مۇمكىن» دەپ جار سالغانلىقى سەۋەبىدىن، بۇ «كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان سۆز» قىيا-چىيا پەيدا قىلىپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ قاتتىق زەربە بېرىشىگە ئۇچرىدى.

بۇ ئىشتىن كېيىن، سۇمېرس كۆپ قېتىم تارتقۇلارغا، ئۆزىنىڭ بۇ پىكرىنىڭ ئىلمىي ئىزدىنىشلا ئىكەنلىكىنى، ھەرگىز ھېچقانداق ئاياللارنى كەمسىتىش مۇددىئاسى يوقلۇقنى چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما مەكتەپ مۇدىرىيىتى يەنىلا شۇ يىلى 3-ئاينىڭ 15-كۈنى سۇمېرسقا ئىشەنمەسلىككە ئاۋاز بېرىش تەرتىپىنى قوزغىدى ھەم 218 ئاۋازغا قارشى 185 ئاۋازلىق ئاخىرقى ئاۋاز بېرىش نەتىجىسى بىلەن ماقۇللىدى. بۇمۇ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 370 يىللىق تارىخىدىكى بىرىنچى قېتىملىق ئىش ئىدى.

سۇمېرس ئىنتايىن ئۈمىدسىزلىنىپ، بىرقانچە كۈنلەرگىچە ئۆيدىن تالاغا چىقمىدى. بىر كۈنى مەقسەتسىزلا دېرىزىنىڭ ئەينىكىدىن خارۋاردنىڭ مەخسۇس «بەخت دەرسى» بېرىدىغان پسىخولوگىيە، پەلسەپە ۋە توقۇلما ئىلمىي پروفېسسورى تايلور شاھارنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئەدەپ تۇپەيلىدىن، ئۇنى ئۆيىگە كىرىپ ئولتۇرۇپ چىقىشقا تەكلىپ قىلىۋېدى، تايلور تەكلىپنى قوبۇل قىلدى.

پاراڭلىشىش ئارىلىقىدا، سۇمېرس ئىچ پۇشۇقىنى تايلورغا بىراقلا تۆكۈۋەتتى. تايلور سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلاپ بولۇپ ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

— سەندىكى ئەلەم، چۈشكۈنلۈك ۋە ئىچى تىتىلداشنىڭ ھەممىسى نورمال، چۈنكى سەنمۇ ئادەم، ھازىر باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ھەرقانداق ئىشنى دادىللىق بىلەن تەبىئىي ھالدا قوبۇل قىلىشىڭ كېرەك. سېنىڭ دۇنيادىكى ئالىي دەرىجىلىك ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ مەكتەپ مۇدىرلىق ئورنۇڭنى يىتتۈرۈپ قويغانلىقىڭ پاكىت بولغاندىن كېيىن، خارۋارد مەكتەپ مۇدىرى بولغان كەچۈرمىشىڭ ئۈستىدە ئويلىنىپ، ئۆگەنگەنلىرىڭ ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىڭ بىلەن يېڭى پۇرسەت ۋە تالانتىڭنى جارى قىلدۇرىدىغان جاي ئىزدىگىنىڭنىڭ زەرەرى يوق.

تايلور ئۇنىڭغا داۋاملىق نەسىھەت قىلدى:

— سېنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىڭ ھەرگىز ئەجەللىك ئەمەس، ئۇنىڭ ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بەزى چاغدا كۆلپەتلىك تەقدىر دېگەن بىر خىل بەخت-تەلەي، ئەگەر ئۇستىلىق بىلەن ئۆزگەرتسەڭ، بىر خىل تېپىلغۇسىز پۇرسەت. ئۇ سېنى باشقا بىر يولنى تاللاپ مېڭىشقا مەجبۇر قىلىدىغان مەنزىلگە قىستاپ ئاپىرىدۇ. ئەمما، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە بۇ يېڭى يولغا مېڭىپ قالساڭ، مۇۋەپپەقىيەت ئۆز-ئۆزىدىنلا سېنى قول پۇلاڭلىتىپ چاقىرىشى مۇمكىن.

بۇ گەپلەر سۇمېرسنىڭ دىلىنى يورۇتۇۋەتكەندەك بولدى:

— توغرا، خارۋارد مۇدىرىنىڭ ئورنىدا ئولتۇرالىغىنىم كىشىلىك ھاياتىمنىڭ ئۇزۇن ئېقىندىكى كىچىككىنە بۇژغۇندىنلا ئىبارەت، بۇ بۇژغۇن شىددەتلىك زور دولقۇن تەرىپىدىن بېسىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى تۈگەتكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭغا يەنە تارتىشىشنىڭ لازىمى قالمىغانلىقىنى، بەلكى كۈچ-قۇۋۋىتىم ۋە ئەقىل-پاراستىمنى يىغىپ، باشقا بىر نۆۋەتلىك يېڭى خىرىسنى قارشى ئېلىشىم كېرەكلىكىنى چۈشەندۈردۇ.

ئۇ تايلوردىن سىناق تەرىقىسىدە:

— بۇ ۋاقىتتا سېنىڭ دەرسىڭنى ئاڭلاپ تۇرسام قانداق؟ — دەپ سورىۋېدى، ئۇ خۇشاللىق بىلەن:

— سەن رازى بولساڭلا، مەن ھەر ۋاقىت دەرسخانامدا ساڭا بىر ئورۇن ئېلىپ قويىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

سۇمېرس تايلورنىڭ دەرسىنى بىر نەچچە قېتىم ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇنىڭدىن ئىلگىرى يۈز بەرگەن ئىشلارغىمۇ خاتىرجەم بولدى:

— مەن جۈرئىتىمنى تېپىۋالدىم ھەم ئۆزۈمنى ئۆزۈل-كېسىل ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدىم، مەن باھاردەك قەدەم تاشلىغىنىمچە خارۋاردتىن ئايرىلىشىم، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزۈمگە ماس كېلىدىغان باشقا بىر يېڭى ئورۇن ئىزدىشىم مۇمكىن.

2008-يىلدىكى ئامېرىكا زۇڭتۇڭ سايلىمىدا، ئوباما سۇمېرسنىڭ بەختسىزلىكنىڭ زەربىسىگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى ياقتۇرۇپ قېلىپ، ئۇنى سايلام كوللېكتىپىنىڭ ئىقتىساد مەسلىھەتچىلىكىگە كۈچىنىڭ بارىچە تەكلىپ قىلغان، ئوباما سايلامدا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، دەرھال سۇمېرسنى ئاقسارايىنىڭ دۆلەتلىك ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلىگەن.

تۇرمۇشتا ئەگەر سىز بەختسىزلىكنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمىسىڭىز، بەخت-تەلەيمۇ سىز بىلەن سۈركىلىپ ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن. تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، بەختسىزلىك بىلەن بەخت-تەلەي بىر جۈپ قوشكېزەك بولۇپ، ھەم بىر-بىرىنى چەتكە قاقىدۇ، ھەم بىر-بىرىگە ياردەم بېرىدۇ ۋە يۆلەيدۇ.

كوجۇڭخۇا ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «فېلىيەتونلاردىن تاللانمىلار» ژۇرنىلىنىڭ 2016-يىللىق 1-سانىدىن **غوپۇر قادىر** تەرجىمىسى

# قۇلىقىنى ئېتىۋېلىپ قوڭغۇراق ئوغرىلىغۇچىلار

قۇلىقىنى ئېتىۋېلىپ قوڭغۇراق ئوغرىلاش ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ ئالدىغانلىق بولىدۇ، قۇلىقىنى ئېتىۋېلىپ چوڭ قوڭغۇراق ئوغرىلاش، يوشۇرىمەن دەپ تېخىمۇ ئاشكارىلاپ قويغانلىق بولىدۇ. تۇراقلىق ئىبارىلەردە بۇ قىلمىشلارنىڭ ھەممىسى مەسخىرە قىلىنىش ئوبيېكتى بولىدۇ؛ ئەمما تارىخ ۋە رېئاللىقتا شۇنداق ئادەملەر بىلەن ئىشلار دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ.

چېنلۇڭ خان ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە، ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئاختۇرۇپ كۆرۈپ، «ئون ھەربىي جاسارىتى»نى يىغىپ، «ئوندا تولۇق بوۋاق» دەپ ماختانغان، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ «قاغا قاق ئېتىدۇ، ئۆز كۆڭلىنى خۇش ئېتىدۇ» دېگەندەك كۆڭلى مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. دەل شۇنىڭغا ئوخشاش كۆرەڭلەش تۇيغۇسى ئۇنى ئاستا-ئاستا «قۇلىقىنى ئېتىۋېلىپ، چوڭ قوڭغۇراق ئوغرىلاش»قا ئادەتلەندۈرۈپ قويغان. بىر قېتىم، ئۇ خې شېننىڭ «جىنايەتنى مۇھاكىمە قىلىش كومىشى» تۈزۈمى تەسىس قىلىش — ئەمەلدارلارنىڭ جىنايىتىنى پۇل بىلەن بېكىتىش تەكلىپىگە قوشۇلغان. بۇ جاھاندىكى پارىخور ئەمەلدارلارنى ئىنتايىن خۇشال قىلىۋەتكەن. كاتتا ئالىم يىن جۇاڭتۇ بۇ قانۇننىڭ زىيىنىنى: «ئەمەلدارلار ئىستىلىنىڭ كۈندىن-كۈنگە يامانلىشىشى، ئۆلكىلەر مالىيەسىنىڭ زىيان تارتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ»، «سودىگەرلەرنىڭ يېرىمى قاپقىنى تۇرۇپ ئاھ ئۇرىدۇ، ھالبۇكى ئۆلكىلەرنىڭ كەيپىياتى ئومۇمەن دۇرۇس بولمايدۇ» دەپ بىۋاستە بايان قىلغان. چېنلۇڭ خان قاتتىق غەزەپلىنىپ، دەرھال ئىشەنمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئالىم: ئىشەنمىسىلە تەكشۈرسىلە بولىدۇ دېگەندە، خان سېنى پادىشاھنىڭ ئەلچىسى قىلىپ ئەۋەتەي، بېرىپ تەكشۈرگىن، سەن بىلەن قول باغلىشىمەن، ھەرگىز سەن دېگەندەك ئەمەس دېگەن. شۇنداق قىلىپ پادىشاھ بىلەن ئەمەلدار تاۋكاغا چۈشكەن. يىن جۇاڭتۇ ھەر بىر جايغا بارغىچە، چېنلۇڭ خان سۈرئەتنى تېزلىتىشكە ئادەم ئەۋەتىپ، مۇددەتتىن بۇرۇن بەش يۈز چاقىرىملىق جايدا يەرلىك ئەمەلدارلارغا ئاشلىق ئامبىرىنى لىق تولدۇرۇۋېتىشنى ئۇقتۇرۇۋەتكەن، نەتىجىدە يىن جۇاڭتۇ گۇناھى ئۈچۈن ئەيىپ سورىغان.

ئىككى يىلدىن كېيىن، ئەنگلىيە پادىشاھى خانىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەش نامى بىلەن ماكار تېنىينى ئەلچىلەر ئۆمىكىنى باشلاپ زىيارەتكە كېلىشكە ئەۋەتكەن، چېنلۇڭ خان بۇ «ياۋايى ئادەملەر»نى رېخىدا قوبۇل قىلغان، قارشى تەرەپنىڭ قېرىنداش دەپ ئاتىشمىز دەپ تۇرۇۋېلىپ، تىزلىنىپ باش ئۇرۇش مۇراسىمىنى رەت قىلىشنى ئويلاپ باقمىغان. قارشى تەرەپ يەنە شۇ چاغدىكى ئەڭ يۇقىرى ئىلىم-پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر قاتار يېڭى شەيئىلەرنى ئالغاچ كەلگەن، پادىشاھ ۋە ئەمەلدارلار ئۇلارنى بىر قاراپ قويۇشقىمۇ ئەرزىمەيدۇ، غەلىتە قابىلىيەت، شەھۋانىي ماھارەت دەپ قارىغان، تېخى ئەلچىلەر ئۆمىكى مۇھاپىزەتچىلەر قىسمىنىڭ مەشىقى ۋە زامانىۋى قوراللىرىنى كۆرۈشنى رەت قىلغان. ئەنگلىيەلىكلەرمۇ شۇنىڭغا ئاساسەن كۆزنى يۇمۇۋېلىپ قۇشقاچ تۇتىدىغان، قۇلىقىنى ئېتىۋېلىپ چوڭ قوڭغۇراق ئوغرىلايدىغان جۇڭگو پادىشاھى ۋە ئەمەلدارلىرىنىڭ كۆزىنى، قۇلىقىنى ئېچىپ قويۇشقا ئۇرۇشتىن باشقا ئۇسۇل يوق ئىكەن، دېگەن يەكۈنگە كەلگەن. دېگەندەك، ئاخىر توپ ئاۋازى چىڭ خاندانلىقىدىكىلەرنىڭ قۇلاق ئەتكۈچلىرىنى تىترىتىپ چىقىرىۋېتىپ، بىر مەھەلگىچە ئۇلۇغ-سولىنى تاپالمايدىغان قىلىپ قويغان.

بەزىلەر چېنلۇڭ خانىنى بەك ئەخمەق ئىكەن، دەپ زاڭلىق قىلغان، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس، ھەرقانداق ئادەم ئاسانلا قۇلىقىنى ئېتىۋېلىپ چوڭ قوڭغۇراق ئوغرىلىغۇچى بولۇپ قالىدۇ. بولۇپمۇ ئەمەلدارلار جامائەتنى ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيەت سورۇنىدا تېخىمۇ ئاسان پالاك بولۇپ قالىدۇ. كۆرمەيۋاتامسىز، بەزىلەر بىخۇدلۇق قىلىپ ھادىسە چىقسىلا يوشۇرۇپ مەلۇم قىلماي، مەنسىپىنى ساقلاپ قالماقچى بولىدۇ، ئەمما مەھبۇس بولۇپ قالىدۇ، بەزىلەر ئاشخانىغا مېھمان چاقىرىپ، مىنېرال سۇ بوتۇلكىسىغا ماۋتەي ھارىقى قاچىلاپ قويىدۇ، شۇنداق قىلىپ ئۇنى ھامان بىر كۈنى «پالاكەت باسىدۇ»، بەزىلەر ئۇتۇقنىلا مەلۇم قىلىپ، كەمچىلىكنى مەلۇم قىلمايدۇ، پىكىرگە تاللاپ تۇرۇپ قۇلاق سالىدۇ، كىچىك خاتالىقلارنى يىغىۋېلىپ، چوڭ بالا-قازالارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ... قۇلىقىنى ئېتىۋېلىپ چوڭ قوڭغۇراق ئوغرىلاپ، ئۆزىگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ زىيان يەتكۈزىدۇ.

ئۆزىنى «تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق-چۈچۈكلىرىدىن

قورقمايدىغان» دەۋالغان ۋەن چېكىلىاڭ گۇاڭجۇ شەھەرلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى بولغان چاغدا، كارخانا كوماندىسىنى باشلىغىنىچە كەسپىي كوماندىلارنىڭ ئەجدىھاسمان كېمە مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، ئۇدا ئۈچ قېتىم چېمپىيونلۇقنى ئالغان، تۆتىنچى قېتىمدا چەت ئەللىكلەر مۇسابىقىگە قاتناشقانلىقى سەۋەبى بىلەن چېمپىيونلۇقنى قاراپ تۇرۇپ كەتكۈزۈپ قويغان. روشەنكى ئۇ بۇ چېمپىيونلۇققا باشقىلار ئۆز ئىززىتىنى بىلىپ «ئۆتۈنۈپ بەرگەن»لىكتىن ئاندىن ئېرىشكەن، ئۇششۇمتۇت «ئۆتۈنۈپ بېرىش»نى بىلمەيدىغانلارغا ئۇچراشقاندا «پاتقاققا پېتىپ قالغان». سالاپەتلىك شەھەرلىك پارتكوم شۇجىسى ئەخمەقلىقتە مۇشۇنچىلىك ھىيلە- نەيرەڭنىمۇ بىلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغاندىمۇ؟ خۇشامەتچىلەر كۆپىيىپ كەتتى، «شاھماتچىغا قاراڭغۇ، كۆرگۈچىگە ئايان» دېگەن شۇ، بۇنى سېزىۋېلىش ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەس، پادىشاھ ئۆزىنىڭ «يېڭى كىيىمى»دىن رازى بولغان يەردە، قۇلىقىنى ئېتىۋېلىپ چوڭ قوڭغۇراق ئوغرىلاش ۋاقتى ئۆزىراپ كەتسىمۇ، ئوخشاشلا چوڭ قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالماسلىققا راست دەپ ئىشىنىپ قالىدىغان ئىش. تەنقىدتە «تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق- چۈچۈكلىرىدىن قورقماسلىق» كېرەكلىكىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي سۆزلەش قانچىلىك جاراڭلىق تۇۋلىسا، چىركىلىشىش ھەرىكىتىنى شۇنچىلىك يوشۇرغىلى بولىدىغاندەك، ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ ئالدىغاندەكلا تۇيۇلىدىكەن. يېقىندا تاراتقۇلاردا يەنە مەلۇم شەھەردىكى شەھەر باشلىقىنىڭ توپ ئويناش ماھارىتىنى جورداننىڭكىگە سېلىشتۇرغىلى بولىدىغانلىقى ئاشكارىلاندى. ئۇنىڭ بۇ بىر مەيدان توپ مۇسابىقىسىدىن ھوشيار بولۇش ئارقىلىق، قۇلىقىنى ئېتىۋېلىپ چوڭ قوڭغۇراق ئوغرىلىغۇچى بولماسلىقنى ئۈمىد قىلىمەن! بۇنداق «ھەرىكەت سەنئىتى»نى سېلىشتۇرىدىغىنى جوردان ئەمەس، بەلكى ۋەن چېكىلىاڭ- دە!

پۈتۈن ھىيلە- مىكىرىڭىزنى ئىشقا سېلىپ بەك ئەقىللىق بولۇپ كەتسىڭىز قۇلىقىڭىزنى ئېتىۋېلىپ چوڭ قوڭغۇراق ئوغرىلىسىڭىز تۇيۇق يولغا كىرىپ قالىسىز. كىشىلەر بۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىشى كېرەك.

جاۋ ۋېي ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «فېلىيەتونلاردىن تاللانمىلار» ژۇرنىلىنىڭ 2016- يىللىق 1- سانىدىن **غوپۇر قادىر** تەرجىمىسى

## ئۆلۈم ھەققىدە پاراڭ

ئۆلكىلىك ئۆسمە كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسىغا ئەمدىلا 60 ياشقا كىرگەن بىر تۇغقىنىمنى يوقلاپ باردىم. ئۇ ئوپېراتسىيەدىن ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققاندى، ئەمما كۆرۈشكىنىمىزدە ھەسرەت چېكىپ: «بۇ يەرگە نېمىشقا كەلگەنسىز؟» دېدى. بىز ئۇنىڭ تاماكا ئىستاژى، ھاۋا رايى، روھىي ھالىتى، ئىممۇنىتېت كۈچى ھەققىدە پاراڭلاشتۇق، مەن يەنە ئۇنىڭ بىلەن ما يۈەن — ئۆپكىسىدە چوڭ چاتاق ئېنىقلانغان، كېيىن ئوقۇتقۇچىلىقتىن ئىستىپا بەرگەن، ئۆيىنى سېتىۋەتكەن، شىشۇاڭبەننادىكى ئېگىز تاغقا چىقىپ ئۆي سالغان ھېلىقى پىروزىچى ما يۈەن توغرىسىدىمۇ پاراڭلاشتىم.

ئەمەلىيەتتە مەن ھېلىقى تۇغقىنىمغا، ياق، بارلىق كىشىلەرگە ئوخشاش دېگۈدەكلا ئۆلۈمدىن قورقاتتىم. لاروشفوك: «ئۆلۈم قۇياشقا ئوخشاشلا، كىشىلەرنى دىققەت- ئېتىبار بىلەن قارىغىلى قويمايدۇ» دەپتىكەن.

بىز مال- دۇنيانى ئىگىلىۋېلىش ئېلىپ كېلىدىغان يۈزەكى تەسىراتىمىزغا ھاماقەتلەرچە مەپتۇن بولىمىز، تېببىي ئىلىمنىڭ ئىلغارلىقىنى ئۆزلۈكسىز ماختايمىز، ھەر خىل شەكىلدىكى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنى ئۆزلۈكسىز مەدھىيەلەيمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىز يەنە ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرالايدىغان ئەۋلىيا- ئەنبىيالارنىڭ رىۋايەتلىرىنى تىرىشىپ ئىزدەيمىز. پېرىخون- راھىبلارنىڭ مەڭگۈ قېرىماسلىق توغرىسىدىكى ۋەدىلىرى ھەممىشە ئۆتكەن سۇلالىلەردىكى پادىشاھلارنى مەپتۇن قىلغان ھەم بۇنىڭغا پۈتۈن كۈچىنى ئايىمايدىغان قىلغان، ئەمما پەيلاسوپلار ناھايىتى ھوشيار بولغان.

مونتېينى ئوچۇق- ئاشكارىلا: پەلسەپىنى تەكشۈرۈش ۋە مۇھاكىمە قىلىش ئۆلۈمنى ئۆگەنگەنلىكتۇر دېگەن، شۇڭا ئاشۇ پەيلاسوپلارنىڭ ئاجايىپ- غارايىپ ئۆلۈشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. پەيلاسوپلارنىڭ ئۆلۈمىمۇ پەلسەپىۋى بولغان.

سوقرات ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغاندىن كېيىن، ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان: «ھازىر ئايرىلىدىغان چاغ يېتىپ كەلدى، مەن ئۆلۈپ كېتىمەن، سىلەر ياشاي-

سىلەر، كىمنىڭ تېخىمۇ بەختلىك ئۆتىدىغانلىقىنى تەڭرىلا بىلىدۇ» دېگەن گەپنى قىلغان.

بەزىلەر ئۆلۈم بىر خىل ھەقىقىي ئۆزگىرىشتۇر، روھ بۇ ئورۇندىن ئۇ ئورۇنغا كۆچىدۇ، ئىككىسىدىن چوقۇم بىرى قالىدۇ، دەيدۇ.

پەيلاسوپلارنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكىگە قاراپ باقايلى: ھېراكلىت ئۆزىنى كالا تېزىكىدە دۇملەپ ئۆلتۈرۈۋالغان، ئېمپېدوكل ئىلاھقا ئايلانماقچى بولۇپ، ئېتنا يانار تېغى ئېغىزىغا سەكرىگەن؛ پىلاتون گەپ ـ سۆزلەرگە قارىغاندا، زەھەرلىك ئوت بۇۋانە بىلەن ئۆزىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈۋالغان؛ دىئوگېن ئۆزى دەم ئالماي تۇنجۇقۇپ ئۆلگەن؛ بېكون توڭلىتىپ ساقلاشنىڭ ئۈنۈمىنى باھالاش ئۈچۈن بىر توخۇنىڭ ئىچىگە لىققىدە قار تىققاندىن كېيىن، زۇكام بولۇپ ئۆلگەن؛ دىدېرو ئۆرۈك يېگەن چېغىدا گېلىغا تۇرۇپ قېلىپ ئۆلگەن؛ بىنتام كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ جەسىتىگە لىققىدە شال ياخلىق تىقتۇرۇپ، لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئەينەك قۇتىدا ئولتۇرۇپ كىشىلەرگە ئۆزىنى كۆرسەتكۈزگەن، بۇنىڭدا ئۆزىنىڭ تەسىرىنى ئەڭ چوڭايتىشنى مەقسەت قىلغان، توربىئاۋ بىر يامغۇرلۇق كېچىدە ئۈچ توپ دەرەخ كۆتەكىدىكى يىل ھالقىسىنى ساناشقا بېرىپ كانايچە ياللۇغىنى يۇقتۇرۇۋالغانلىقتىن ئۆلگەن.

ئۆلۈم ئىنسانلار ھاياتىنىڭ تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا ئىنسانلار ئۇسۇپ يېتىلىشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچى. بۇنىڭغا چوقۇم نۇرغۇن كىشىلەر: ئۆلۈم شۇنچە گۈزەل بولسا، سەن نېمىشقا بېرىپ ئۆلمەيسەن؟ دەپ رەددىيە بېرىشى مۇمكىن، مەن جاۋاب بەرمەي، تۆۋەندىكى ھېكايە بىلەنلا ئىستىئارە قىلماقچىمەن:

تېلېس ئادەتتە ئىنسانلارنىڭ تۇنجى پەيلاسوپى دەپ قارالغان، ئۇ ھايات بىلەن ئۆلۈمنىڭ پەرقى يوق دېگەن ئىدىيەسىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغاندا، بەزىلەر ئۇنىڭدىن: «ئەمىسە سەن نېمىشقا بېرىپ ئۆلمەيسەن؟» دەپ قايتۇرۇپ سورىغان. ئۇ: «پەرقى بولمىغانلىقتىن!» دەپ جاۋاب بەرگەن. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ھاياتنىڭ قىسقىلىقى ياكى ئۇزۇنلۇقىنى ئۆلۈمنىڭ ئەبەدىلىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ھەممىسى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدۇ.

7853 ـ نومۇرلۇق سەييارە «كۇڭزى»، 7854 ـ سەييارە «مېڭزى» ئاتالدى، «كۇڭزى»، «مېڭزى»لار ئاسمان جىسملىرىغا ئۆزگىرىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئەبەدىي بولۇپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس! شۇڭا ۋولتېر تەرىپىدىن «ئەڭ ئۇلۇغ ئادەم» دەپ ئاتالغان مارك ئاۋرېلىئۇس ۋە ئۇنىڭ «چوڭقۇر ئويلىنىش خاتىرىسى» دېگەن ئەسىرىنى ھەر بىر ياشاۋاتقانلىرىمىز دەستۇر قىلساق بولىدۇ: ھەر بىر كۈنۈڭنى ئەڭ ئاخىرقى بىر كۈنۈم دەپ ئۆتكۈز، مەڭگۈ ئالاقزادە بولما، ئۇنىڭغا ئەسلا ئېتىبارسىز قارىما، شۇنداقلا مەڭگۈ سىپاھگەرچىلىك قىلما ــ مانا بۇ ئىنسان تەبىئىيتىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك مەنزىلى.

بىزنىڭ ئۆلۈم ھەققىدە پاراڭ قىلىشىمىز دەرھال ئېرىشىش ئۈچۈن بولدى.

لۇچۈنشيالڭ ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «فېلىيەتونلاردىن تاللانمىلار ژۇرنىلى»نىڭ 2016 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىن **غوپۇر قادىر** تەرجىمىسى

---

تىلماچ: ئەدەبىي تەرجىمان، «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ پېنسىيونېرى

# پارتىيەمىز تارىخىدىكى چىرىكلىككە قارشى كۈرەشلەر

ئابلەت مۇھەممەد

ئەگەر بىز پارتىيە تارىخىغا ئائىت ھۆججەتلەر، ماتېرىياللارنى ۋاراقلاپ كۆرىدىغان بولساق، بۇ قېتىملىق چىرىكلىككە قارشى ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشنىڭ ئىلگىرىكى بىر قانچە قېتىملىق كۈرەشنىڭ داۋامى ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز، پارتىيەمىز دۇنياغا كېلىشى بىلەن تەڭلا بۇ كۈرەشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇنىڭدىن ساقلىنىش يوللىرى ئۈستىدە ئىزدەنگەن.

1921 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئېچىلغان بىرىنچى قۇرۇلتايدىلا تەشكىلىي ئىنتىزامغا قاتتىق رىئايە قىلىش، نازارەتنى قوبۇل قىلىش مەسىلىسى قۇرۇلتايدا ماقۇللانغان قارار لايىھەگە كىرگۈزۈلگەن.

1922 ـ يىلدىكى 2 ـ قۇرۇلتايدىمۇ تەشكىلىي ـ ئىن

تىزىم مەسلىسى، نازارەت مەسلىسى ئالاھىدە تەكىتلىنىپ ئۇنىڭ مەزمۇنلىرى قوبۇل قىلىنغان قارارنىڭ 1 - بابى قىلىنغان.

1927 - يىلىدىكى 5 - قۇرۇلتايدا پارتىيە ئىنتىزامىنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى تەسىس قىلىنغان، ئۇنىڭغا خىزمەت دائىرىسى، ھوقۇق - مەجبۇرىيەتلىرى، مەسئۇلىيەتلىرى ئالاھىدە كۆرسىتىلگەن.

1928 - يىلى ئېچىلغان 6 - قۇرۇلتايدا مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ نامى مەركىزىي تەكشۈرۈش كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن، ئۇنىڭ ھوقۇق، مەجبۇرىيەتلىرى، مەسئۇلىيەتلىرى قايتىدىن تولۇقلىنىپ بېكىتىلگەن، ئۇنىڭغا كۈچلۈك كادىرلار سەپلىنىپ خىزمەتنىڭ ئۈنۈملۈك، ساغلام ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىنغان. پارتىيە تەشكىلاتلىرى، پارتىيە ئەزالىرىغا بولغان نازارەتچىلىك كۈچەيتىلگەن ھەم بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەر خۇلاسە قىلىنغان، تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلىگەن. شۇ قۇرۇلتاينىڭ ئۆزىدىلا چىرىكلەشكەن بىر ئۇنسۇر بىر تەرەپ قىلىنغان.

قىسقىسى، پارتىيەمىز قۇرۇلغان 1 - كۈنىدىن باشلاپ پارتىيە ئىنتىزامىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ ئۇنىڭ ئىناۋىتىگە، نوپۇزىغا، ھاياتىي كۈچىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان كىشىلەرگە، خىيانەتچىلىك، چىرىكلىك يولىغا ماڭغان ئۇنسۇرلارنى ئۆز ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ، ئۇلارغا قاتتىق زەربە بېرىپ، ئىستىلىنىڭ ساپلىقىغا، جەڭگىۋارلىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ كەلدى. چىرىكلىشىشنى، ئاينىپ ئۆزگىرىپ كېتىشنى پارتىيەنىڭ ھايات - ماماتى، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش - تۇرماسلىقى، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىستىقبالى تەقدىرى بىلەن باغلاپ ئاز ساندىكى چىرىكلەشكەن ئۇنسۇرلارنىڭ ستاژىنىڭ قانچە ئۇزۇن بولۇشى، تۆھپىسى، كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىنىڭ قانچە چوڭ بولۇشى، دەرىجىسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭغا قاتتىق زەربە بېرىپ، چىرىكلىك، ئاينىپ كېتىش قاتارلىق قىلمىشلارنىڭ كادىرلار، ئوفىتسېر - جەڭچىلەر ئارىسىغا يامراپ ئۇلارنى چىرىتىشنى توسۇپ كەلدى. بۇ مەسىلە پۈتۈن پارتىيەنىڭ دائىملىق كۆرەش نىشانىسى، ئىدىيەۋى سەپتىكى كۆرەشنىڭ يادروسىغا ئايلاندى. شۇ سەۋەبلىك مەيلى تېخى ھاكىمىيەتنى قولغا ئالمىغان مەزگىللەردە بولسۇن ياكى بىر قىسىم ئازاد رايونلاردا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىللەردە بولسۇن ۋە ياكى دۇمباقلىرى ياڭرىغان قانلىق كۆرەش يىللىرىدا بولسۇن، ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىپ سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلغان مەزگىللەردە بولسۇن خېلى ئۇزاق مەزگىللەرگىچە پارتىيە ئىستىلىدا ئېغىر مەسىلە، خاتالىقلار يۈز بەرمەي ھەرقايسى سەپلەردىكى ئىشلار بىر قەدەر ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى.

تۆۋەندە مەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى تونۇشىنى ئۆستۈرۈشكە، ياردەم بېرىشنى كۆزدە تۇتۇپ پارتىيە ئېچىدىكى تارىختا ئېلىپ بېرىلغان چىرىكلىككە قارشى كۆرەش ۋە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىلگەن بىر قىسىم ئۇنسۇرلار ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن:

**بىرىنچى، خىيانەت قىلىش، چىرىكلىشىش سەۋەبلىك پارتىيەدىن قوغلىنىش**

ۋاڭ خويۇەن چىرىكلىشىش، خىيانەت قىلىش سەۋەبلىك پارتىيەدىن قوغلاپ چىقىرىلغان تۇنجى كومپارتىيە ئەزاسى. ئۇ 1900 - يىلى شەندۇڭنىڭ لىچىڭ ناھىيە بازىرىدا تۇغۇلغان، 1922 - يىلى پارتىيەگە كىرگەن، 1926 - يىلى 10 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، شەندۇڭ ئۆلكىلىك ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، جىنەن شەھەرلىك پارتكومنىڭ مەسئۇلى بولغان. 1928 - يىلى ئۇ شاڭخەيگە بېرىپ ئۇ يەردىكى پارتىيە تەشكىلاتى بىلەن ئالاقىلىشىشنى باھانە قىلىپ، شەندۇڭ ئۆلكىلىك پارتكوم ئورگىنىغا قاراشلىق باسمىخانىنىڭ 2000 يۈەن پۇلىنى ئېلىپ كېتىپ باسمىخانىنىڭ ئىشتىن توختاپ قېلىشتەك ئېغىر ئاقىۋىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئەينى ۋاقىتتا بۇ باسمىخانا پارتىيەنىڭ مۇھىم ئىچكى ژۇرنىلى «قىزىل يۇلتۇز» نى پارتىيەنىڭ باشقا ھۆججەتلىرىنى، تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى، ئالاقىدار قارار قاتارلىقلارنى بېسىپ تارقىتىشقا مەسئۇل بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە 1927 - يىل 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى كومپارتىيەنىڭ ۋۇخەن شەھىرىدە ئېچىلغان 5 - قېتىملىق پۈتۈن مەملىكەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان مەزگىلدە مەركەز ئۇنىڭغا شەندۇڭدىكى پارتىيە تەشكىلاتىغا ئاجرىتىپ بېرىلگەن پائالىيەت راسخوتىدىن 2000 يۈەن ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇغاندا ئۇ: «پۇل يولدا يىتىپ كەتتى» دېگەننى باھانە قىلىپ بۇ پۇلنى يۇتۇۋالغان.

بۇ قىلمىش پارتىيەنىڭ تۇنجى قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇل-
تىيىنىڭ ۋەكىلى، شەندۇڭ ئۆلكىلىك پارتكومىنىڭ شۇجى-
سى دېڭ ئېنمىن تەرىپىدىن سېزىلگەن كېيىن، ئۆلكىلىك
كومىتېت ئۇنى پارتىيەدىن قوغلاپ چىقىرىشنى قارار
قىلغان ۋە مەركەزگە مەلۇم قىلغاندىن كېيىن پارتىيەدىن
قوغلاپ چىقىرىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ تۇنجى قېتىم پار-
تىيەدىن قوغلاپ چىقىرىلغان، چىرىكلەشكەن ئەمەلدار
بولۇپ قالغان، ئۇ پارتىيەدىن قوغلانغاندىن كېيىن، ماھ-
يىتىنى ئاشكارىلاپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قويىنغا
ئۆزىنى ئاتقان، بىر مەزگىلدىن كېيىن گومىنداڭ ئەكس-
يەتچىلىرى تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

**ئىككىنچى، قەتلى قىلىنغان چىرىك ئەمەلدارلار:**

خۇددى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغاندەك پارتىيە مەرك-
زىي كومىتېتى ۋە رەئىس ماۋزېدۇڭ پارتىيە ئىچىدىكى
ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىگە
دىققەت قىلىپ، ئۇنى ئۆز ۋاقتىدا سۈرۈشتە قىلىپ ئۇلار
سادىر قىلغان جىنايەت، خاتالىق، كەمچىلىكلەرگە ئىنتا-
يىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن، بولۇپمۇ پارتىيە، ھۆكۈ-
مەت، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھايات - ماماتى، تەقدى-
رى، ئىستىقبالى قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان
ھەرخىل، ھەر رەڭدىكى چىرىكلىك، خىيانەتچىلىك، پارى-
خورلۇق، بيۇروكراتلىق، ئاينىپ ئۆزگىرىپ كېتىش قا-
تارلىقلارغا ئۆز ۋاقتىدا قاتتىق زەربە بېرىپ كەلگەن،
پارتىيە ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى، تەرەققىي قىلى-
شىغا كاپالەتلىك قىلغان. تۆۋەندىكى ئەمەلدارلار ئەينى
ۋاقىتتىكى چىرىكلىشىش سەۋەبلىك ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىن-
غان ئەمەلدارلارنىڭ تىپىك ۋەكىللىرىدىن ئىبارەت.

1. شى بۇشىڭ

شى بۇشىڭ پارتىيەمىز تەرىپىدىن ھەممىدىن بۇرۇن
بىر تەرەپ قىلىنغان پارىخور ئەمەلدار.

1931 - يىلى جۇڭخۇا سوۋېت جۇمھۇرىيىتى ۋاقىت-
لىق مەركىزىي ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. ھۆكۈمەت قۇرۇ-
لۇپ پەقەت ئۈچ ئايلا ئۆتكەندىن كېيىن ئازات رايونلار-
دا ئىككى يىلغا سوزۇلغان چىرىكلىك - خىيانەتچىلىك، پا-
رىخورلۇق قاتارلىقلارغا قارشى كۆرەش قانات يايدۇرۇل-
دى. بۇ جۇڭگو كومپارتىيەسى تارىخىدىكى تۇنجى قېتىم-
لىق كۆلىمى بىر قەدەر زور بولغان ھەرىكەت ئىدى. شى
بۇشىڭ ئەنە شۇ ھەرىكەت جەريانىدا بىر تەرەپ قىلىنغان
خىيانەتچى ئۇنسۇر بولۇپ قالدى. ئۇ رۇيجىڭ ناھىيەسى-
گە قاراشلىق يە پىڭ يېزىسىدىكى بىر نامرات دېھقان ئا-
ئىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، 12 يېشىدىن باشلاپ پومېش-
چىكلارغا يالىنىپ ئىشلىگەن. 1929 - يىلى ئىشچى، دېھ-
قانلار قوراللىق قوزغىلىڭىغا قاتناشقان. 1930 - يىلى
جۇڭگو كومپارتىيەسىگە ئەزا بولغان، ئۇندىن كېيىن
يېپىڭ يېزىلىق سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى بولغان...
باشتا ئۇنىڭ ئەمەل مەنسىپى ئۇنچە چوڭ بولمىسىمۇ،
لېكىن ۋاقىتلىق مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەگە-
شىپ ئىدىيەۋى، ئىستىل، تۇرمۇش جەھەتتە چىرىكلە-
شىشكە باشلىغان. ئۇ قولىدىكى ھوقۇقىنى پايدىلىنىپ پو-
مېشچىك زورىمگەرلەردىن مۇسادىرە قىلىنغان مال - مۈ-
لۈكلەر تىزىملىكىگە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تامغىسىنى ئوغ-
رىلىقچە بېسىپ، ساختا يول خەتلىرىنى ياساپ چىقىپ
ئەنە شۇ مال - مۈلۈكلەرنى گومىنداڭ ئىشغالىيىتىدىكى
جايلارغا ئاپىرىپ سېتىپ ئۇنىڭدىن كەلگەن پۇللارنى ئە-
گىلەپ ئالغان، تۇرمۇش - ئىستىل جەھەتتىمۇ ئېغىر دە-
رىجىدە چىرىكلەشكەن، باشقىلارنىڭ ئاياللىرىنى تارتىۋې-
لىش ئۈچۈن كادىرلارنى ھەتتا قىزىل ئارمىيە ئاران تەر-
بىيەلەپ يېتىشتۈرگەن دوختۇرلارنى مەخپىي رەۋىشتە
ئۆلتۈرۈپ تاشلىغان. مەزكۇر دېلو ئەينى ۋاقىتتىكى
رۇيجىڭ ناھىيەلىك پارتكوم شۇجىسى دېڭ شياۋپىڭ تە-
رىپىدىن تەكشۈرۈلگەن، ۋەقە يۈز بېرىپ ئۇنچە ئۇزاق
ۋاقىت ئۆتمەيلا، دېلونى بېجىرىش خىزمىتى قىيىنچىلىق،
توسقۇنلۇقلارغا دۇچ كەلگەن، شى بۇشىڭنى پارتىيەگە
تونۇشتۇرغان ئادەم ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت رايونىدىكى
مەركىزىي ھۆكۈمەتتە خىزمەت قىلغان بولۇپ، ئۇ شى
بۇشىڭنى قانات ئاستىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ جىنايى قىلمىشلى-
رىنى يوشۇرۇپ، تەكشۈرگۈچىلەرگە قەستەن قىيىنچىلىق
تۇغدۇرغان. شۇڭا بۇ مەسىلىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشقا
مەسئۇل بولغانلار تەكشۈرۈشنى داۋاملاشتۇرالماي،
رۇيجىڭ ناھىيەلىك تەپتىش ئورنىغا مەسىلىنى مەلۇم
قىلغان، لېكىن ئەينى ۋاقىتتىكى مەركىزىي ھۆكۈمەتتىكى
بىر قىسىم ھوقۇقلارنى ئىگىلەپ ئالغان كىشىلەر ئۇنىڭ
مەسىلىسىنى يەنىلا ئېغىر ئەمەس، دەپ قاراپ ئۇنى قويۇ-
ۋەتمەكچى بولغان. بۇ ۋاقىتتا، دېڭ شياۋپىڭ ئىنتايىن
غەزەپلەنگەن ھالدا ئۇستەلنى مۇشتلاپ تۇرۇپ مۇنداق
دېگەن: «شى بۇشىڭ ۋە ئۇنىڭغا ئوخشىغان، ئېغىر دە-

رىجىدە چىرىكلەشكەن، خىيانەتچى، بۇزۇق ئۇنسۇرلار
بىر تەرەپ قىلىنمىسا، مەن ناھىيەلىك پارتكوم شۇجىسى
كەڭ خەلق ئاممىسىغا قانداق جاۋاب بېرىمەن؟، دېگەن.
شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزى بىۋاسىتە مەركىزىي بېيۇروغا
بېرىپ شەبۇشەڭنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى ئىنكاس قىلغان
ھەم ماۋزېدۇڭغا دوكلات قىلغان. ماۋجۇشى ئەھۋالدىن
خەۋەردار بولغاندىن كېيىن قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش
ھەققىدە يوليورۇق بېرىپ مۇنداق دېگەن: «چىرىكلىك
يوقالمىسا سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈپ
يۈرگىلى بولمايدۇ، كومپارتىيە ئىناۋىتىدىن، نوپۇزىدىن،
مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئاساسىدىن ئايرىلىدۇ، كەڭ
خەلق ئاممىسىنىڭ كۆڭۈل تۆرىدىنمۇ چۈشۈپ كېتىدۇ.
چىرىكلىككە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىش بىز كومپارتىيە
ئەزالىرىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى، باش تارتىپ بولمايدىغان
مەسئۇلىيىتى، بۇنى ھېچقانداق كۈچ توسيالمايدۇ».

1932 - يىل 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى رۇيجىڭ ناھىيە-
لىك سوت شى بۇشەڭغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلغان،
شى بۇشەڭ بۇ ھۆكۈمگە قايىل بولماي، ۋاقىتلىق مەرك-
زىي ھۆكۈمەت ئالىي سوتىغا نارازىلىق ئەرزىنى سۇنغان،
تۆت كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئالىي سوت ئىككىنچى قېتىم
سوت ئېچىپ، شى بۇشەڭنىڭ نارازىلىق ئەرزىنى رەت
قىلىپ، 1 - سوتنىڭ ھۆكۈمىنى ساقلاپ قالغان، شۇ كۈنى
چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە ئۇ ئېتىپ تاشلانغان.

2. زۇشياگيۇن

زۇشياگيۇن پارتىيەمىز تارىخىدىكى چىرىكلىشىش
سەۋەبلىك ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن يەنە بىر يۇقىرى دە-
رىجىلىك كادىر.

مەركىزىي سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇپ، ئۇزاق
ئۆتمەي پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مەركىزىي ھۆكۈمەت
زالىنى ياساش، ئىنقىلابىي قۇربانلار مۇنارىنى تۇرغۇ-
زۇش، قىزىل ئارمىيەنىڭ پارات سۇپىسى قاتارلىقلارنى
ياساپ چىقىش ئۈچۈن مەركىزىي ھۆكۈمەت قۇرۇلۇش
باشقارمىسىنى تەسىس قىلىپ، زۇشياگيۇننى ئۇنىڭغا
مەسئۇل قىلغان. بۇ قۇرۇلۇشلار ئەينى ۋاقىتتىكى ئەڭ
مۇھىم، كۆلىمى زور بولغان، چوڭ تىپتىكى قۇرۇلۇشلار
ئىدى. مەركىزىي سوۋېت ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇشلارغا كېتى-
دىغان مەبلەغ، ماتېرىيال قاتارلىقلارنى ھەل قىلىش
ئۈچۈن زايوم تارقىتىپ كەڭ خەلق ئاممىسىنى زايوم سې-
تېۋېلىشقا، قۇرۇلۇشنى قوللاپ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشكە
رىغبەتلەندۈردى. ئىئانە توپلىدى. ماتېرىيال مەبلەغ قا-
تارلىقلارنى تېجەپ ئىشلىتىشنى تەشەببۇس قىلدى، ئەنە
شۇنداق بىر قانچە چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقى-
لىق 100 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ ۋە باشقا ماتې-
رىيال، لازىمەتلىكلەرنى توپلاپ قۇرۇلۇشنىڭ تېز سۈر-
ئەتتە، نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. بۇ
قۇرۇلۇشلار 1933 - يىلى 8 - ئايدا پۈتۈنلەي پۈتۈپ تا-
ماملاندى. شۇ يىلى 11 - ئايدا زۇشياگيۇننىڭ قۇرۇلۇش
ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مەزگىلدە خورجىلىق نازارىتىنىڭ لاۋا-
زىمەتچىسى گۇەن يۇسەي بىلەن بىرلىشىپ قۇرۇلۇش
مەبلىغىگە خىيانەت قىلغانلىقى، دائىم چوڭ يەپ - چوڭ
ئىچىپ ئىسراپچىلىق قىلغانلىقى، ئاممىنىڭ ئۆيلىرىنى
مەجبۇرىي چاقتۇرغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئورمانلىرىنى خالى-
غانچە كەسكەنلىكى قاتارلىق جىنايى قىلمىشلىرى ئامما
تەرىپىدىن پاش قىلىندى. مەركىزىي ھۆكۈمەت بۇ ئەھ-
ۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن جىددىي بۇيرۇق چۈشۈ-
رۈپ ئىشچى، دېھقان تەپتىش مەھكىمىسى خورجىلىق نازا-
رىتى قاتارلىق ئالاقىدار ئورۇنلىرىدىن كۈچ ئۇيۇشتۇ-
رۇپ تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ چىقىشنى تەلەپ قىلدى. تەك-
شۈرۈش ئارقىلىق زۇشياگيۇننىڭ ۋەزىپە ئۆتىگەن مەز-
گىلدە ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ
ئومۇمنىڭ مەبلىغىدىن 246.7 يۈەنگە خىيانەت قىلغانلىقى،
ھۆكۈمەت تامغىسىنى ئوغرىلاپ قاچماقچى بولغانلىقى ۋە
باشقا جىنايى قىلمىشلىرى پاش بولدى. شۇنىڭدىن
كېيىن، مەركىزىي ھۆكۈمەت رەئىسى ماۋزېدۇڭ ئۆزى
بىۋاسىتە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، خورجىلىق نازارىتىدىن
زۇشياگيۇن مەسىلىسى بىر تەرەپ بولغىچە تۇتۇپ تۇ-
رۇشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن ئەينى ۋاقىتتىكى خورجىلىق
نازارىتى باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى شۇي يى
بۇيرۇقنى قەستەن ئۇقمىغان بولۇۋېلىپ، يوشۇرۇن تىل
بىرىكتۈرۈپ، باشقىلارغا ئېيتمايلا ئۇنى قويۇۋەتتى،
ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ تۇتۇپ كېلىندى. بۇ ۋەقە يۈز بەر-
گەندىن كېيىن ماۋزېدۇڭ ئىشچى، دېھقان تەپتىش مەھ-
كىمىسىگە يەنە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ خەلقنىڭ نارازىلىقى،
غەزەپ - نەپرىتى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان بۇ دېلونى
جىددىي بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلدى. 1934 - يىل
12 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ماۋزېدۇڭ ھۆكۈمەتنىڭ يىغىنىغا

رىياسەتچىلىك قىلىپ زۇشياگيۇن دىپلوسى ۋە خوجىلىق نازارىتىدە يۈز بەرگەن خىيانەتچىلىك مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. 1934 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئىشچى ـ دېھقان ئالىي سوتى مەركىزىي ھۆكۈمەت زالىدا زۇشياگيۇن ۋە باشقا بىر قىسىم جىنايەتچى ئۇنسۇرلارنى ئەيىبلەش يىغىنى ئاچتى. يىغىن ئۈنتايىن جىددىي كەيپىياتتا بەش سائەت داۋام قىلدى. يىغىندىن كېيىن زۇشياگيۇن ئېتىپ تاشلاندى. باشقا جىنايەتچىلەرگىمۇ لايىقىدا جازا ھۆكۈم قىلىندى.

3. تاڭ دېرېن

تاڭ دېرېن بىر پارچە پاش قىلىش خېتىگە ئاساسەن تەكشۈرۈلۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان يەنە بىر چىرىكلەشكەن ئۇنسۇر.

1933 ـ يىلى ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە جۇڭخۇا سوۋېت مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشچى ـ دېھقان تەپتىش مەھكىمىسى بىر پارچە نامسىز پاش قىلىش خېتىنى تاپشۇرۇۋالغان؛ مەھكىمە باشلىقى خاشۇفېڭ خەتنى ئالغاندىن كېيىن جىددىيلەشكەن، ئۇ خەتكە ئىمزا قويۇلمىغانغا قارىغاندا پاش قىلىنغان مەسىلە ئېغىر، مۇرەككەپ بولسا كېرەك، بۇنىڭغا يېتەرلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىلمەسە بولمايدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىغان، خەتنى ئېچىپ كۆرۈپ چۆچۈپ كەتكەن، دەرھال كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ خەتتە پاش قىلىنغان مەسىلىلەرنى، تەكشۈرۈپ ـ ئېنىقلاشقا كىرىشكەن. لېكىن، تەكشۈرۈش خېلى كۆپ ۋاقىت داۋاملاشقان بولسىمۇ، ئۇنىڭدا ئىلگىرىلەش بولمىغان. شۇنىڭدىن كېيىن تەپتىش مەھكىمىسى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ پىكرىگە ئاساسەن ئالاقىدار ئورۇنلار، دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئادەم ئەۋەتىپ مەسىلىنى مەخپىي ھالدا تەكشۈرۈشكە كىرىشكەن، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن رۇيجىڭ ناھىيەلىك ھۆكۈمەتتە ئىسراپچىلىق بۇزۇپ ـ چېچىش، يەپ ـ ئىچىش قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ بەك ئېغىر ئىكەنلىكى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈلۈپ ئېنىقلانغان، ئالاقىدار خادىملار بۇ مەسىلىلەرنىڭ ئارقىسىغا تېخىمۇ ئېغىر مەسىلىلەر يوشۇرۇنغان بولۇشى مۇمكىن، چوڭقۇر تەكشۈرۈش لازىم، دەپ قارىغان. 1933 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ماۋزېدۇڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلىپ ئىشچى ـ دېھقان تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ رۇيجىڭ ناھىيەلىك ھۆكۈمەتتىكى خىيانەتچىلىك مەسىلىسىنى تەكشۈرگەنلىكى ھەققىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئۆتكەن. يىغىن رۇيجىڭ ناھىيەلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لەن ۋېن شۈنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاشنى ۋە تۇتۇپ تۇرۇپ تەكشۈرۈشنى، بوغالتىر تاڭ دېرېننى سوتقا تاپشۇرۇپ بىرىشنى ناھىيەلىك ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى ياڭ شىجۇغا ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىشنى قارار قىلغان.

1934 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى «قىزىل جۇڭخۇا گېزىتى»نىڭ 140 ـ ساندا بۇ قارار ئېلان قىلىنغان.

تاڭ دېرېن قولاي شارائىتتىن پايدىلىنىپ ھەرقايسى ھەربىي، مەمۇرىي ئورۇنلار تاپشۇرغان ئېشىنچا پۇللار، مال ـ مۈلۈكلەر، ئامما تەرىپىدىن قايتۇرۇۋېتىلگەن زايوم، تاپشۇرۇلغان ئاشلىق، مال ـ مۈلۈك، يومبىشچىك، زومگەرلەردىن مۇسادىرە قىلىنغان مال ـ مۈلۈك، جەرىمانە قاتارلىقلارغا خىيانەت قىلغان، ئۇنىڭ خىيانەت قىلغان نەق پۇل سوممىسى 2000 يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن. سوت ئۇنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش، ئىگىلىۋالغان مال ـ مۈلۈك، پۇل قاتارلىقلارنى مۇسادىرە قىلىش، لەن ۋېنشۈننىڭ تاڭ دېرېننى يوشۇرغان جىنايى قىلمىشىنى تەكشۈرۈش، باشقا جىنايەت گۇمانلارلىرنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشنى قارار قىلغان. مەزكۇر خىيانەتچىلىك ئۆۋىسىنىڭ پاش قىلىنىشى، تەكشۈرۈلۈپ بىر تەرەپ قىلىنىشى، ئەينى ۋاقىتتىكى چىرىكلىككە قارشى كۆرەشنى بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈپ غايەت زور تەسىر پەيدا قىلغان.

4. شاۋيوبى

شاۋيوبى بەدىنىنىڭ 90 يېرىدە ئوق ئىزلىرى ساقلىنىپ قالغان، خىيانەت قىلىپ ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن، ئاينىغا ئۇنسۇر.

ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئېلىپ بېرىلغان بىر مەيدان چىرىكلىككە قارشى جىددىي كۆرەش قانۇننىڭ ئىناۋىتىنى ئۈستۈرۈپ، كەڭ ئاممىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى ھەم قانۇننىڭ كۈچ قۇدرىتىنى نامايان قىلدى. شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا چېگرا رايونلۇق ھۆكۈمەت 1938 ـ يىلى ئېلان قىلغان چىرىكلىكنى، پارىخورلۇقنى يوقىتىش ھەققىدىكى ۋاقىتلىق نىزام» (لايىھە) مۇ خېلى مۇكەممەل بولۇپ ئەينى ۋاقىتتا مۇھىم رول ئوينىدى.

بۇ نىزام ئەينى ۋاقىتتا چىرىكلىكنى، خىيانەتچىلىكنى

يوقىتىپ، ئۇستىلنى ئۆزگەرتىشتە زور رول ئوينىيالا قالماستىن، بەلكى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ نەزەرىيە ساھەسىدىكىلەر چىركىلىككە قارشى تۇرۇش ھەققىدىكى قانۇن، تۈزۈم، بەلگىلىمە، نىزاملارنى تەتقىق قىلىشتا ئەڭ كۆپ پايدىلىنىلغان ھۆججەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

1940 - يىلى شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا چېگرا رايونىنىڭ ئىقتىسادىي ئىنتايىن ئېغىر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى. كەڭ خەلق ئاممىسى ئېغىر كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى، ھەتتا رەئىس ماۋزېدۇڭمۇ ناچار تاماقلارنى يەپ، يىرتىلىپ كەتكەن، ياماق كىيىملەرنى كىيىپ يۈردى. بەكمۇ ئورۇقلاپ، ھالىدىن كەتتى. كەڭ جەڭچى - ئوفىتىسېرلارنىڭ تۇرمۇشى ئومۇميۈزلۈك ئېغىرلاشتى. باش كۆزىنىڭ بىر كۈنى، ماۋزېدۇڭ دوختۇرخانىغا بېرىپ يېتىپ داۋالىنىۋاتقان كادىر - جەڭچىلەرنى يوقلىغاندا تولىمۇ ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان شاۋيۈبىنى كۆرۈپ بەك بىئارام بولغىنىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالغان ھەم دوختۇرلاردىن ئۇنىڭ زادى قانداق كېسەللىككە دۇچار بولغانلىقىنى سورىغان. دوختۇرلار جاۋاب بېرىپ: «سىرتقى كۆرۈنۈشىدىن قارىغاندا، بەدىنىنىڭ ھېچبىرى ساق ئەمەستەك كۆرۈنىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدا ھېچقانداق كېسەل يوق، ئۇ بىر ئاي تويۇپ تاماق يېسىلا پۈتۈنلەي ئوڭلىنىپ كېتىدۇ» دېگەندە ماۋزېدۇڭنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشكەن ھەم نەق مەيداندىلا مەركەز ئالاھىدە تەستىقلاپ بەرگەن، ھەر كۈنى ئىچىدىغان ئۆزىنىڭ يېرىم جىڭ سۈت بېلىتىنى ئۇنىڭغا بېرىپ، ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى ئورگان باشقارمىسىغا بېرىپ ئېچىشنى تەۋسىيە قىلغان. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ سالامەتلىكى تېزلا ئەسلىگە كەلگەن.

شاۋيۈبى دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن، تەشكىل ئۇنى چىڭجەن ناھىيەسىگە جياڭجايەن باجخانىسىغا مۇدىر قىلىپ تەيىنلىگەن، ئۇزۇن ۋاقىت ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، ئوق تېگىپ بەدىنى ئۆتمۈتۆشۈك بولۇپ كەتكەن، بەدىنىنىڭ 90 يېرىدە ئوق ئىزلىرى قالغان، ئۇرۇشلاردا زور تۆھپە كۆرسەتكەن بۇ كونا جەڭچى باجخانىغا مۇدىرلىققا تەيىنلەنگەنلىكىگە نارازى بولۇپ مەن شۇنچە چوڭ تۆھپىلەرنى كۆرسەتكەن، شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت پارتىيەگە ئەگەشكەن، ھەممە يېرىم يارىلانغان بىر كونا جەڭچى تۇرۇقلۇق مۇشۇ كىچىككىنە باجخانىغا باشلىق بولالامدىمەن، دەپ ماۋزېدۇڭنىڭ كۆز ئالدىدا كىيىملىرىنى سېلىپ بەدىنىدىكى ئوق ئىزلىرىنى كۆرسىتىپ: «بەدىنىمدىكى بۇ تاتۇقلارنى ساناپ كۆرۈڭ» دېگەن. ماۋزېدۇڭ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خاپا بولغان ھالدا: «مەن ساناقنى بىلمەيمەن» دېگەن. ئۇ ئىلاجسىز خىزمەتكە چۈشكەندىن كېيىنمۇ تازا كىرىشىپ كېتەلمەگەن. دائىم ئۆزىنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى، تۆھپىلەرىنى پەش قىلىپ يۈرگەن، ئۇزاق ئۆتمەي خىيانەت قىلىشقا، پارىخورلۇق قىلىشقا باشلىغان ھەم خىزمەت قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللانغان، ھەتتا ئەينى ۋاقىتلاردا تاپانچ بازىلاردا ئىنتايىن كەمچىل بولغان ئۇزۇقلۇق مايلىرى، ئاشلىق قاتارلىقلارنى گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا سېتىپ بېرىپ ئىنتايىن يامان تەسىرلەرنى پەيدا قىلغان، دېلو پاش بولغاندىن كېيىن، چېگرا رايونلۇق ھۆكۈمەت ئۇنى قولغا ئېلىپ سوتقا تاپشۇرۇپ بەرگەن، سوت ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلغان. ئۇ، ھۆكۈمگە قايىل بولماي ماۋزېدۇڭغا خەت يېزىپ تۆھپىلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ كەچۈرۈم قىلىشنى ياكى ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلغان. ماۋزېدۇڭ ئەينى ۋاقىتتىكى دېلوغا مەسئۇل بولغان لىن بوچۈينى چاقىرىپ ئۇنىڭدىن شاۋيۈبى زادى قانچە پۇلغا خىيانەت قىلىپتۇ؟ دەپ سورىغاندا، ئۇ، 3000 يۈەنگە دەپ جاۋاب بەرگەن ۋە يېنىدىن بىر پارچە خەتنى چىقىرىپ ماۋزېدۇڭغا كۆرسىتىپ، ئۇ يەنە بىر پارچە خەت يېزىپ كەچۈرۈم قىلىشنى ياكى ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىپ جەڭدە ئۆلۈشكە ئىجازەت بېرىشنى تەلەپ قىلىپتۇ، دېگەن. بۇ ۋاقىتتا، سىز مېنىڭ خۇاڭ كاگۇڭغا قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقىمنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ دېگەن. لى بوچۈي جاۋاب بېرىپ ئۇنى ھەرگىز ئۇنتالمايمەن، دەپ جاۋاب بەرگەن. (خۇاڭ كاگۇڭ ئۆزى بىلەن توي قىلىشنى خالىمىغان بىر قىزنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈش سەۋەبلىك ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ ئىجرا قىلىنغان قىزىل ئارمىيە جەڭچىسى)، بۇ ۋاقىتتا ماۋزېدۇڭ لىن بوچۈيگە قاراپ «مەن ئىلگىرىكىدەكلا سوتنىڭ ھۆكۈمنى قوللايمەن» دېگەن. شۇنداق قىلىپ بۇ پارىخور خىيانەتچى ئۆلتۈرۈلگەن.

5. پۈتۈن مەملىكەتنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن لىۋ-

چېڭشەن، جاڭزىسەن ۋەقەسى

1951 - يىلى 10 - ئايدا كومپارتىيەنىڭ بىر قېتىملىق كېڭەيتىلگەن سىياسىي بيۇرو يىغىنىدا پۈتۈن مەملەكەتتىكى ھەرقايسى سەپلەردە «مەمۇرىي ئورۇنلارنى ئىخچاملاپ، قوشۇنلارنى سەرخىللاشتۇرۇش، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىسادىي تېجەش ھەرىكىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇش» ھەققىدە قارار چىقىرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ھەرىكەت ھەرقايسى سەپلەردە كەڭ - كۆلەمدە قانات يايدۇرۇلدى. «ھەرىكەت»نىڭ چوڭقۇرلىششىغا ئەگىشىپ ھەرقايسى ئورۇنلاردا كىشىلەرنى چۆچۈتىدىغان دەرىجىدىكى ئىسراپچىلىق، خىيانەتچىلىك، بيۇروكراتلىق قاتارلىق قىلمىشلارنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى.

شۇ يىلى 11 - ئايدا تيەنجىن ۋىلايەتلىك يەرلىك كومىتېتنىڭ شۇجىسى، شىجاجۇاڭ شەھەرلىك پارتكوم شۇجىسى ليۇچىڭشەن، تيەنجىن مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ سابىق ۋالىسى، تيەنجىن ۋىلايەتلىك پارتكوم شۇجىسى جاڭ چىڭنىڭ غايەت زور خىيانەتچىلىك مەسىلىسى پاش قىلىندى.ئۇلار ھە دېسىلا «چوڭ خىزمەت كۆرسەتتۇق. تۆھپىمىز چوڭ» دەپ ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ، ھاكاۋۇرلىشىپ خىيانەت قىلىپ، پارا ئېلىپ چىرىكلىشىش، چۈشكۈنلىشىش يولىغا ماڭغان ھەم ھەممە يەردە تۆھپىسىنى پەش قىلىپ، «جاھاننى ئاكاڭ قارىغاي قولغا كەلتۈردى. ئازراق يەپ - ئىچسەك، راھەت كۆرسەك بولمامدىكەن» دەپ بارغانسېرى كۆرەڭلەپ كەتكەن. 1950 - يىلى كۈز پەسلىدىن 1951 - يىلغىچە 11 - ئايغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە سودىگەرلەر بىلەن بىرلىشىپ قانۇنسىز تىجارەت، ئېلىپ سېتىش بىلەن شۇغۇللانغان، دۆلەتنىڭ قۇتقۇزۇش ئاشلىقى، مەبلىغى، يەرلىك ئورۇنلارنىڭ ئاشلىق، مايلىرى، كادىرلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا بېرىلىدىغان ئاشلىق، ئايرودۇرۇم ياساشقا ئاجرىتىلغان پۇل قاتارلىقلارغا خىيانەت قىلغان، ئالدامچىلىق قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ دۆلەت بانكىسىدىن كۆپلىگەن پۇللارنى قەرز ئالغان. ئۇلار قىلغان خىيانەت سوممىسى 117 مىليارد يۈەندىن (كونا پۇل) ئېشىپ كەتكەن، بۇ مەسىلىلەر پاش بولۇپ، ھۆكۈم قىلىش يىغىنى ئېچىلىشتىن بۇرۇن بىر قىسىم يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار، ئۇلارنىڭ ئۇرۇش ۋاقتىدا كۆرسەتكەن زور تۆھپىلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ ماۋزېدۇڭدىن يەڭگىل بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلغان، بۇ چاغدا ماۋزېدۇڭ مۇنداق دېگەن: «خۇددى سىلەر ئېيتقاندەك ئۇلارنىڭ ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقى، تۆھپىسىنىڭ چوڭلۇقى، ئىستاژىنىڭ ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتقىنىمىز ئۈچۈن ئۇلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى قارار قىلىۋاتىمىز. پەقەت ئۇلارغا ئۆلۈم جازاسى بەرگەندىلا ئونلىغان، يۈزلىگەن، مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان كادىرلارنىڭ ئوخشىمىغان جىنايەتلەرنى، ھەرخىل خاتالىقلارنى ئۆتكۈزۈشتىن ساقلاپ قالالايمىز». ليۇچىڭشەن، جاڭزىسەنگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن ئوق ئاۋازى پۈتۈن مەملىكەتنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن. كەڭ خەلق ئاممىسى: «كومپارتىيە، ماۋزېدۇڭ بۇ ئىككى چىرىكلەشكەن ئۇنسۇرغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش ئارقىلىق جۇڭگونىڭ ئەمەلدارلار سورۇنىدىكى پاكلىق، دىيانەتنىڭ 20 يىل داۋاملىششىغا كاپالەتلىك قىلدى» دېگەن...

پايدىلانغان ماتېرىياللار:
«يېڭى ھەپتىلىك گېزىتى» (新周报)، 2009 - يىل 1317 - سانى، «يېڭى رىۋايەت» (新传奇)، 2010 - يىل 13 - سانى، «يېڭى رىۋايەت» (新传奇)، 2013 - يىل 3 - سانى.

ئاپتور: شىنجاڭ رادىيو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىزچىلار» كىتابخانىسى تەرىپىدىن توپ تارقىتىلىدۇ. كىتاب-ژۇرنال تىجارەتچىلىرىنىڭ «ئىزچىلار» كىتابخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىشنى سورايمىز.
كىتابخانا ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى «غالىبىيەت» يولى 100 - نومۇر
ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 2850601 - 0991



# موچەل خۇراپاتلىقى



تۇرسۇنجان سدىق

نۆۋەتتە ئىنسانلار ئۆزلىرى بېكىتىۋالغان ۋاقىت بىرلە-
كىدە 21 ـ ئەسىرگە قەدەم قويدى. ھاياتلىقنىڭ يۇقىرى سە-
ۋىيەسىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى بۇ ئىنسانلار نۇرغۇن يىللىق
ياۋايىلىق، خۇراپىي ئېتىقاد ۋە نادانلىق دەۋرىنى باشتىن كە-
چۈرۈپ، بۈگۈنكىدەك ئاڭ سەۋىيە ۋە بىلىش ھاسىلاتىغا ئې-
رىشتى. تەپەككۇر ئىنقىلابى ئىنسانلارغا تەبىئەت ۋە ئىجتىما-
ئىي ھادىسىلەرنىڭ غايەت زور سىر ـ مۇئەمماللىرىنى يېشىپ
بەردى. كۆز يۇمۇشقا بولمايدىغان رېئال پاكىتلار شۇكى،
ئىنسانلار ئەقىل ـ پاراسەت، بىلىم، ئېتىقاد، دۇنيا قاراش قا-
تارلىق جەھەتلەردە توغرىلىق، ھەقىقەتلىك ۋە ئىلغارلىق تە-
رەپتىن كۆپ يۈكسىلىپ ھاياتلىق مول قەدىر ـ قىممەت ۋە
سائادەتلىك ئىستىقبالغا ئىگە بولدى. دېمەك، ئىنسان ئېڭى
ئۆزىنىڭ مەۋجۇدىيەتتىكى مەنىسىنى ئىزدەش جەريانىدا نۇر-
غۇنلىغان ئەگرى ـ توقايلىق، قاتمۇ قات قاراڭغۇلۇقلار
بىلەن كۈرەش قىلىپ، تەپەككۇرنىڭ يېڭى پارلاق تېڭىغا
ئۇلىشىپ، ئۆزىنىڭ ئالەمدىكى شەرەپلىك ئورنىنى تىكلەپ
چىقتى. ئەمما ئالاھىدە دىققەت قىلىپ ئويلىنىشقا تېگىشلىك
يەنە بىر مەسىلە شۇكى، ئەقلى تەپەككۇرنىڭ بۇ خىل ئا-
لەمشۇمۇل نەتىجىسى بىلەن بىللە بەزىلەر ھېلىھەم نادانلىق،

دانا ۋە ئاگاھ بولۇڭ

خۇراپاتلىق ۋە ئىدىيەۋى قايمۇقۇشنىڭ تەسىرىدە ياشاپ
كەلمەكتە، ھەتتا ئۇ خىل ناچار مەنىۋى تۇتەك جەمئىيەتنىڭ
ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىپ، قاش ـ كۆزلىرىنى ياساپ، يېڭى
ئىلغار ۋاسىتىلەر بىلەن قوراللانغان زاماننىڭ تەرەققىيات
قەدىمىگە قارا سايىدەك ئەگىشىپ بىللە ماڭماقتا، شۇنداقلا
يەنە تەرەققىيات ۋە زامانىۋىلىشىش بىلەن بىللە خۇراپات-
لىق، نادانلىق ۋە پۇچەك ياتلاشقان قىممەت قاراشلىرىنىڭ
يېڭى ـ يېڭى شەكىللىرى بىخلىنىپ چىقماقتا. دۇنيا ئەقلىيل-
ششقا قاراپ يۈزلەنگەن، ئىنسانىيەت ئىلمىي ۋە يۈكسەك
مەدەنىيلەشكەن بۈگۈنكى كۈندىمۇ بەزىبىر خۇراپاتلىق ھا-
دىسىلىرىنىڭ يەنىلا بەزىلەرنىڭ ئېڭىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇ-
رۇشى، ھەتتا زامان بىلەن تەڭ تەرەققىي قىلىپ تەقدىر ـ
قىسمەتلىرىنى شۇنىڭغا باغلىۋېلىپ، ھۆر ـ ئەركىن تەپەككۇ-
رىنى چۈشەپ مەنىۋى جەھەتتىن قايمۇقۇپ يۈرۈشى ئادەم-
نى ھەقىقەتەنمۇ چوڭقۇر ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. بۇ خىل ناداد-
لىق، خۇراپاتلىق ۋە ئىدىيەۋى قايمۇقۇش ھادىسىلىرىنىڭ
چېتىلىدىغان دائىرىسى ناھايىتى كەڭرى، ھاسىل بولۇش
سەۋەبى چوڭقۇر، ھەم ئىجتىمائىي جەمئىيەتكە كۆرسىتىدىغان
تەسىرى مۇرەككەپ بولۇپ ئۇنى تەپسىلىي سۆزلەش
نۇرغۇن ئىزدىنىشكە تېگىشلىك چوڭ تېما. مەزكۇر ماقالىنىڭ
ھەجىم ئېتىبارى بىلەن نۆۋەتتىكى ھەممەيلەن توغرا تونۇپ
ئىلمىي مۇئامىلە قىلىش زۆرۈر بولغان مۇھىم بىر مەسىلە توغ-

رىسىدا ئۆزۈمنىڭ قىسقىچە قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

### مۇچەل خۇراپاتلىقى

يىللارنى 12 مۇچەل نامى بويىچە ئاتاپ ھەر بىرىنى بىردىن ھايۋان نامىغا باغلاپ چۈشەندۈرۈش فولكلور ھادىسىسى سۈپىتىدە ئىلىم دەپ ئۆگىنىشكە بولىسمۇ، لېكىن ئۇنى ئەقلىي دۇنيا قاراش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ چوقۇنۇشقا بولمايدۇ. ئەمما بۇ خىل قاراشنىڭ خېلى كۆپ كىشىلەرنىڭ ئەدىيەسىدە ھېلھەم ئىشەنچ ۋە ئەقىدە تۈسىنى ئالغان ھالەتتە خېلى جانلىق رول ئويناۋاتقانلىقىنى ئەپسۇسلۇق بىلەن كۆرۈپ يېتىمىز. ئادەتتە ئۆزئارا ئالاقە جەريانىدا «سەن نېمە يىللىق؟» دېگەن گەپنى تولا ئاڭلاپ تۇرىمىز. ئەجابا شۇ پالانى يىللىقنىڭ نېمە ئالاھىدىلىكى بولماقچى؟ سوئال سورىغۇچى ۋە جاۋاب بەرگۈچى ئۇنىڭدىن نېمە مەننى ئىزدىمەكچى؟ شۇ مەنىدىن قانداق مەقسەتكە يەتمەكچى؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى يىللار ۋە ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ مەزمۇنىنى چۈشەنمىگەن سۇبيېكتىپ قايمۇقۇشنىڭ ئالامەتلىرىدۇر. سەۋەبى يىللارنىڭ بۇ خىل نامى خۇراپاتلىقتىن كېلىپ چىققان. ئۇ ھەممىگە قادىر ئىلاھىي قانۇن ئەمەس. ئۇنىڭ باشلىنىش مەنبەسىنى ھەرگىزمۇ ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن تەڭ دېگىلى بولمايدۇ. ئۇ پەقەت ئىنسانلار ۋاقىت ھېسابلاشنى بىلىپ كالېندار دەۋرىگە كىرگەندىن كېيىن پەيدا بولغان تارىخىي ھادىسە. ئالدى بىلەن 12 مۇچەلنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى گەپكە كەلسەك:

بۈيۈك تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان: «تۈركلەر 12 خىل ھايۋاننىڭ ئىسمىنى ئېلىپ، 12 يىلغا ئات قويغان. ئۇلار باللارنىڭ ياشلىرىنى، جەڭ تارىخلىرىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى مۇشۇ يىللارنىڭ ئايلىنىشى (دەۋر قىلىشى) بىلەن ھېسابلايدۇ. بۇنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇنداق:

تۈرك خانلىرىدىن بىرى ئۆزىدىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن بىر ئۇرۇشنى ئۆگەنمەكچى بولغان. بۇنىڭدا شۇ ئۇرۇش بولۇپ ئۆتكەن يىلنى ئېنىقلاشتا خاتالاشقان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇ خاقان ئۆز خەلقى بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزۈپ قۇرۇلتايدا مۇنداق دېگەن: «بىز بۇ تارىخنى ئېنىقلاشتا قانداق خاتالاشقان بولساق بىزنىڭ كېلەچەك ئەۋلادلىرىمىزمۇ شۇنداق خاتالىشىدۇ. شۇڭا بىز 12 ئاي ۋە ئاسماننىڭ 12 بۇرجىغا ئاساسلىنىپ، ھەر بىر يىلغا بىر ئات قويايلى، بىزدىن كېيىن يىل ھېسابى مۇشۇ يىللارنىڭ ئايلىنىشى بىلەن ھېسابلانسۇن. بۇ ئارىمىزدا مەڭگۈ بىر يادىكارلىق بولۇپ قالسۇن.» خەلق خاقاننىڭ بۇ پىكرىنى «شۇنداق بولسۇن» دەپ ماقۇللىغان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن خاقان ئوۋغا چىققان ۋە ياۋايى ھايۋانلارنى ئىلى دەرياسىغا قاراپ قوغلاشنى بۇيرۇغان. بۇ ناھايىتى چوڭ بىر دەريا، خەلق بۇ ھايۋانلارنى ئوۋلاپ يۈرۈپ، ئىلى دەرياسىغا قاراپ ھەيدىگەن. بىر نەچچە ھايۋانلار ئۆزىنى سۇغا ئاتقان. ئۇلاردىن 12 خىلى سۇدىن ئۈزۈپ ئۆتكەن. ئەنە شۇ 12 ھايۋاننىڭ ئىسمى 12 يىلغا ئات قىلىپ قويۇلغان. سۇدىن ئەڭ ئاۋۋال چاشقان ئۆتكەن. شۇنىڭ بىلەن يىل بېشى شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ «چاشقان يىلى» دېيىلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن سۇدىن ئۆتكەنلەر تۆۋەندىكى تەرتىپتە ھەر بىرى بىر يىل ئۈچۈن ئىسىم بولۇپ قالغان.

2)ئۇي (كالا) يىلى (3) بارس (يولۋاس)يىلى (4) توشقان يىلى (5) لەھەڭ (تىمساھ )يىلى (6) يىلان يىلى (7) ئات ( يىلى (8) قوي يىلى (9) مايمۇن يىلى (10) توخۇ يىلى (11) ئىت يىلى (12) توڭگۇز يىلى . توڭگۇز يىلىغا كەلگەندىن كېيىن، ھېساب يەنە چاشقان يىلىدىن باشلىنىدۇ.» [1]

ئۇنىڭدىن باشقىمۇ 12 مۇچەل قارىشى خەنزۇ، موڭغۇل ، پارس، ھىندى ۋە باشقا نۇرغۇن مىللەتلەردىمۇ قەدىمدىن تارتىپ مەۋجۇت.

گەرچە 12 مۇچەل ئاسماندىكى 12 بۇرجقا ئاساسەن پەيدا بولغان دېگەن ھالەتتىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ 12 خىل ھايۋاننىڭ نامىغا باغلىنىشى ھەرقايسى مىللەتلەردە ستىخىيلىك ئاڭ ۋە ھېسسىي تەسەۋۋۇرنىڭ مەھسۇلى بولغان. ئۇنىڭدا ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت ۋە ئىلمىيلىكتىن كۆرە ساددا تەپەككۇرنىڭ ئىپادىسى قويۇق. شۇڭا ئۇ خىل قاراشلار ھەرگىزمۇ ئورتاق ھالدا ئىنسانلارنىڭ تەقدىر - قىسمىتى ۋە خاراكتېر ئادىتىگە ھۆكۈم قىلىشنىڭ پاكىت ئاساسى بولالمايدۇ. بۇ دېگەنلىك ھەرگىزمۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىدائىي ئەپسانە - رىۋايەت، ئەنئەنىۋى كالېندار ۋە مۇچەل ھەققىدىكى قاراشلىرىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلغانلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئاغزاكى فولكلورغا ئائىت نۇرغۇن نەرسىلەر توقۇلما خاراكتېرى كۈچلۈك بولسىمۇ، لېكىن ئەينى دەۋر ۋە ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر تارىخىنى چۈشىنىشنىڭ ئاچقۇچى. ئۇ بىزنى مول تارىخىي بىلىملەر بىلەن تەمىنلەيدۇ. دەسلەپتە دېگەندەك يۇقىرىقىلار فولكلور ئىلمىي سۈپىتىدە ئۆگىنىپ پايدىلىنىشقا ئەرزىيدۇ. بۇرۇنقىلارنىڭ ئالەم قارىشى، ئۆرپ - ئادەت ۋە تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىدىن خەۋەردار بولۇشنىڭ مەنىۋى قامۇسى

بولالايدۇ. ئەمما ئوبيېكتىپ جەھەتتىن قارىغاندا فولكلورغا ئائىت بىرقىسىم مەزمۇنلارنى دۇنيا قاراشقا سىڭدۈرۈپ ھاياتلىق پائالىيىتىنىڭ يول كۆرسەتكۈچى نىشان بەلگىسى قىلىۋېلىش خۇراپىي ئېتىقاد ۋە نادانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىيمۇ ئۆزىنىڭ شاھانە كىتابىدا 12 مۇچەلنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدە قىممەتلىك مەلۇماتلارنى بەرگەن. ئەمما ھەرگىزمۇ ئۇنىڭغا ئەقىدە قىلىپ چوقۇنۇڭلار دېمەگەن.

ئىلمىي نۇقتىدىن ئېيتقاندا، دۇنيادا نەدىمۇ ئات يىلى، ئېشەك يىلى، پاقا يىلى، يولۋاس يىلى، قوي يىلى، توڭگۇز يىلى دەيدىغان گەپ بولسۇن. ئۇ خىل تىلسىز ھايۋانلار يىللارنىڭ نامىنى پەيدا قىلىش ۋە سانىنى ھېسابلاش ئەقىل-ئىدراكىغا ئىگە ئەمەس. ھەم ئۇنىڭغا ۋەكىللىك قىلىش سالاھىيىتىمۇ يوق. ھايۋانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىلەن زامانىنىڭ دەۋر قىلىپ ئايلىنىشىنىڭ بىۋاستە چوڭقۇر مۇناسىۋىتى بولسىمۇ، ئەمما، يىللارنىڭ ئۇ خىل مۇچەللىك نامى بىلەن ھېچقانداق ئىچكى باغلىنىشى يوق. ئۇنى پەقەت ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇق ھادىسىلىرىنىڭ سەۋەبىنى بىلىش ۋە ئۇنىڭغا مەنە ئاتا قىلىش جەريانىدىكى ھېسسىي تەسەۋۋۇر ۋە خام خىياللىرىنىڭ ئىپادىسى دېيىش مۇمكىن. ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، ئوبيېكتىپ قائىدە-قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن كەلگەن ئەقلىي تەسەۋۋۇر ۋە بىلىش ھادىسىسى توغرا ۋە ھەققىي بولسا، ئۇ خىل ئەپسانە-رىۋايەت تۈسىنى ئالغان ئەمەلىي ئىسپاتلاشتىن ئۆتمىگەن ئاساسسىز ھېسسىي تەسەۋۋۇر ۋە ساددا قاراشلارنىڭ خاتالىق نىسبىتى كۆپرەك بولىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا ئىشىنىپ چوقۇنۇش توغرا دىنىي ئەقىدە ۋە ئىلىم-پەن ھەققەتلىرىدىن يىراقلاپ كەتكەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئالەم زامان ۋە ماكان جەھەتتىن چەكسىزدۇر. پىلانېتلارنىڭ ھەرىكىتى ئىنساننىڭ سۇبيېكتىپ ئېڭىغا باغلىق بولمىغان ھالدا ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ۋاقىت بىرلىكى ئالەمدىكى پىلانېتلار ھەرىكىتىنىڭ ئىنسان ئېڭىدىكى سۇبيېكتىپ ئىپادىسىنىڭ مەھسۇلىدۇر. يەنى ئىنسانلار ئوبيېكتىپ ماددىي دۇنيادىكى شەيئىلەرنىڭ ھەرىكەت ۋە ئۆزگەرىشىگە ئاساسەن يىل، ئاي ۋە كۈنلەرنىڭ سانىنى بېكىتىپ چىققان. دەرۋەقە بۇ خىل ئوبيېكتىپ دۇنيانى چىن-ئەينەن ئەكس ئەتتۈرگەن. سۇبيېكتىپ ئىپادە ئىلمىي ئاساسلىق توغرا بولسىمۇ، ئەمما، يىللارنىڭ نامىغا قىلچە ئاساسسىز ھالدا خالىغانچە ھېسسىي چۈشەنچە ۋە ئۇقۇملارنى يۈكلەش ھادىسىسى ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىدائىي دەۋرگە ۋەكىللىك قىلغۇچى قويۇق توقۇلما تۈسنى ئالغان ئەپسانە-رىۋايەتلەرنىڭ بۈگۈنكى زامانىۋى ۋارىيانتى دېيىشىمىز مۇمكىن. يىللارنىڭ نامىنى ھازىر دېيىلىۋاتقان 12 خىل ھايۋانغا باغلاپ چۈشەندۈرىدىغان ئاتالمىنى بىز ساماۋى كىتابلار ۋە ھەدىسلەردىنمۇ ئۇچرىتالمايمىز. ئەگەر ئۇچراتقان ھالەتتىمۇ ئىنسانلارنىڭ ئۇنى ماددىي ۋە روھىي دۇنيادىكى ئىلمىي ئاساسنى بىلىپ چۈشىنىش ھوقۇقى بولىدۇ. دېمەك، 12 مۇچەل ھەققىدىكى قاراشلارنىڭ ساماۋى ئالەم ياكى تەبىئەت دۇنياسىدا مەنبەۋى يىلتىزى بولمىغان ئىكەن ئۇنىڭ راستلىقى شۈبھىلىكتۇر. ئەگەر بىز خالىساق يىللار ھەققىدىكى ھازىر ئاتىلىۋاتقان 12 خىل ھايۋاننىڭ نامىنى يەنە باشقا 12 خىل ھايۋانغا ئالماشتۇرۇپ قويالايمىز. مەسىلەن: ئاغمخان يىلى، ئۆچكە يىلى، قوڭغۇز يىلى... دېگەندەك. ئۇ پەقەت شۇنداقلا قويۇلغان بىر نام ۋە ئەنئەنىۋى ئادەتنىڭ نامايەندىسى خالاس. ئەمەلىيەتتىن قارىغاندىمۇ بەزى مىللەتلەردە مۇچەل نامىغا باغلانغان ھايۋانلار ئوخشمايدۇ. «مېكسىكىلىقلاردا 12 مۇچەلدىن ئالتىسى (يولۋاس، توشقان، ئەجدىھا، مايمۇن، ئىت، توڭگۇز) خەنزۇلاردىكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، قالغان ئالتىسى پەرقلىنىدۇ.

ھىندىلاردىمۇ ئاساسەن ئوخشاش، پەقەت يولۋاسنىڭ ئورنىدا شىر، توخۇنىڭ ئورنىدا زەرقۇش (ئالتۇن پەرقۇش) دەيدۇ.» [2]

بۇنىڭدىن نىمىنى چۈشىنەلەيمىز دېگەندە، مۇچەل نامlىرىنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئىلمىي ئاساسى يوق. توقۇلما رىۋايەت تۈسىنى ئالغانلىقى ھەم ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى قارىشىنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن ئىبارەت مۇشۇ ئىككى پاكىت ئارقىلىق مۇچەل بىلەن ئىنساننىڭ خاراكتېر-ئادەت ۋە بەخت-سائادىتىگە مۇناسىۋەتلىك ھالدا بايان قىلىنغان نۇرغۇن گەپلەرنىڭ ئۇتتۇرۇقسىز قۇرۇق پاراڭ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. بىر ئادەمنىڭ خاراكتېر-ئادىتىنى قايسى مۇچەلدە تۇغۇلغانلىقى ئەمەس، بەلكى، ئاتا-ئانىسىنىڭ ئىرسىيىتى، تەربىيە، تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت ھەم شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك سۇبيېكتىپ ئامىللار بەلگىلەيدۇ. شۇنداقلا شۇنىڭغا ئاساسەن ھاياتلىق ھادىسىلىرىنىڭ تۈرلۈك سوئاللىرىغا جاۋاب ئىزدەيمىز. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، جەمئىيەتكە قارايدىغان بولساق، كىچىكلەردىن-چوڭلارغىچە، چالا ساۋاتلىقلاردىن ئالىي مەلۇماتلىقلارغىچە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئەنە شۇ 12 مۇچەل ھەققىدىكى بايانلارنى ئوقۇپ ئۆزلىرىنىڭ تەقدىر-قىسمەت ۋە خاراكتېر ئادەتلىرىنى شۇنىڭدىن

ئىزدەپ ۋە باغلاپ ئىشەنچ ـ ئەقىدە قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. ھەتتا ئۇنىڭ تەسىر ـ ئىزنالىرى كىشىلەر ئارا مۇناسىۋەت، دوستلىشىش، لايىق تاللاش دېگەندەك تەرەپلەرگە بېرىپ چېتىلىدۇ. شۇ مەزمۇندىكى كىتابلاردا دېيىلىشىچە:

بېلىق يىللىقلارنىڭ ئالاھىدىلىكى: «كۆچلۈك، قىزغىن، مۇۋەپپەقىيەتلىك، جىگەرلىك، ساغلام، ھېسسىياتچان...» [3]

كەمچىلىكى: «قاتمال، ئازغۇن، ماختانچاق، قانائەتسىز، گېپى تولا، ئىشەنچسىز...»

«بېلىق يىللىقلار كەڭ قورساق، قولى ئوچۇق كېلىدۇ. جاسارەت ھەم كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغان بولىدۇ. [4]

«بېلىق يىللىق قىزلار كەمدىن كەم ياسىنىدۇ. ھېچقانداق پەرداز قىلماي پۈتۈنلەي تەبىئىي چىراي بىلەن يۈرىدۇ. [5]

يولۋاس يىللىقلارنىڭ ئالاھىدىلىكى: «قىزغىن ۋە سەمىمى، پائالىيەتچان، باتۇر، مېھرىبان، جەلپكار، ئابرۇيلۇق...»

كەمچىلىكى: «قىزىققان، پوچى، تېرىككەك، بەڭباش، تەرتىپسىز، يەڭگىلتەك...»

«يولۋاس شەرقتە ھوقۇق، قىزغىنلىق ۋە باتۇرلۇقنىڭ سىمۋولى. يولۋاس يىللىقلار ئىسيانكار، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىپ تۇرىدىغان مىجەز ـ خۇلقىنى ئوڭايلىقچە بىلگىلى بولمايدىغان كىشىلەردۇر.» [5]

«يولۋاس يىللىقلار بىلەن يىلان يىللىقلار ئوبدان ھەمكارلىشالمايدۇ. ئىككى تەرەپ مەڭگۈ بىر پىكىرگە كېلەلمەيدۇ. يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ ماسلىشىشىمۇ تەس، بەزىدە توقۇنۇشۇپمۇ قالىدۇ. [6]

ئەجابا بۇ قانداق مەنتىقە؟ كۆزنى يۇمۇپلا ھايۋاناتلارنىڭ تەبىئىتىگە ئاساسلىنىپ، قوي يىللىقلار ياۋاش، مۇلايىم كېلىدۇ، يولۋاس يىللىقلار پائالىيەتچان ، باتۇر بولىدۇ. مايمۇن يىللىقلار ھەييارلىق قىلىدۇ. ئىت يىللىقلار پالان ـ پىستان، ئات يىللىقلار ئۇنداق ـ مۇنداق... دەپلا قويسا بولىدىغان گەپما؟ بىز پەقەت مىسال ئۈچۈن بىرنەچچە جۈملە گەپنىلا ئالدۇق. « 12 مۇچەل ھەققىدە قىزىقارلىق پاراڭ» دېگەن كىتابتا بۇنداق تۇترۇقسىز باياندىن بىر تالاي ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدا ھېچقانداق گەپنى چالا قويمىغان. تۇغۇلغان ھەرقانداق كىشىنىڭ مۇچىلى بىلەن خاراكتېر، ئادىتىنى بىر قېلىپقا سېلىپ شۇنىڭغا ئاساسەن تەقدىر ـ قىسمەت تونى پىچىلغان. ئۇنىڭدىن باشقىمۇ جەمئىيەتتە ئېقىپ يۈرگەن: «يىلان يىلىدا لەغمەن ئوخشاپ كېتىدۇ»، «كالا يىلىدا ئۇرۇش، جېدەل كۆپىيىدۇ»، «توڭگۇز يىلىدا ئاچارچىلىق بولىدۇ»، «چاشقان يىلىدا بەرىكەت بولمايدۇ»، «بېلىق يىللىق ئاياللار بىلەن ئىت يىللىق ئەرلەر ئوبدان جورا بولالمايدۇ.» «يولۋاس يىللىق ئاياللار بىلەن كالا يىللىق ئەرلەر ئەبەدىي چىقىشالمايدۇ.» «يولۋاس يىللىقلار بىلەن توخو يىللىقلار مەڭگۈ ئەپلىشىپ ئۆتەلەيدىغان تەقدىرداشلاردىن بولالايدۇ»... بۇنداق مەسىلىلەرنى يەنە تالايلاپ كەلتۈرۈش مۇمكىن. ئادەملەرنىڭ خاراكتېر ـ ئادەت ۋە نىكاھ مۇناسىۋەتلىرىگە ئائىت «قالتىس دانالىق» بىلەن ئېيتىلغان ھۆكۈملەرگە نېمە دېگۈلۈك ئەمدى؟... مۇچەل ناملىرىنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئىلمىي ئاساسى بولمىغانىكەن ئۇنىڭ ئۈستىگە توقۇلغان ئىنساننىڭ بەخت ـ تەلەي ۋە خاراكتېر، ئادىتىگە ئائىت گەپلەرمۇ خۇددى ئۇلى يوق تامغا ئوخشايدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە ئۇنىڭغا ئىشىنىشكە ئەرزىمدۇ؟ بۇلارنىڭ راستلىق دەرىجىسى زادى قانچىلىك؟

توغرا، قىسمەن ئەھۋالدا بەزى گەپلەر ماس كېلىپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ خۇددى ياخشى بىر ئېغىز راست گەپ تېپىۋالسا ئۇنىڭغا قوشۇپ قالغىنىنى خىيالىغا كەلگەنچە سۆزلەۋەرگەندەكلا بىر ئىش ئەمەسمۇ. شۇنىڭغا قاراپلا جىمى گەپنى راست دېگىلى بولامدۇ؟! ئۇنىڭ ھەممىسىگە بىر قىسىم گول ئەخمەقلەر ئىشەنسىمۇ ئەمما ھاياتلىق ھادىسىلىرىگە سەگەك ئەقلىي ئاڭ بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان ئىلمىي دۇنيا قاراشقا ئىگە ئادەملەر ھەرگىزمۇ ئۇنداق تۇترۇقسىز قۇرۇق پاراڭلارغا كاللا قاتۇرۇپ قايمۇقۇپ يۈرمەيدۇ.

غەلىتە ھال، كىتابخانىلاردا مەۋجۇتلۇق ھەقىقەتلىرى بايان قىلىنغان توغرا بىلىش ئاتا قىلغۇچى ئېسىل مەزمۇنلۇق پەلسەپۋى كىتابلار سېتىلماي توپا بېسىپ تۇرىدۇ. بۇنداق خۇراپاتلىقنى تەشۋىق قىلىدىغان سەپسەتە كىتابلارنىڭ بازىرى ئىتتىك بولۇپ، ئېھتىياجنى قاندۇرالماي قالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقىمۇ «چۈش تەبىرى»، پالچىلىق، رەممالىق ۋە قان تىپى بىلەن بەخت ـ تەلەينىڭ مۇناسىۋىتىگە ئائىت بىر قىسىم كىتابلارمۇ ھەم شۇنداق. ئۇنىڭمۇ راستىدىن يالغىنى جىق. دەلىل ـ ئىسپاتلىق ئىلمىي ئەسەرلەرنى ئوقۇيدىغانلارغا قارىغاندا ئۇنىڭدەك يالغان پاراڭلارغا قىزىقىدىغانلار كۆپرەك. كىتاب ئوقۇسىلا ھېساب ئەمەس، مۇھىمى ياخشى كىتابلارنى تاللاپ ئوقۇپ مېغىزلىق مەنى-

سىنى ھەزىم قىلالىسا ئاندىن ھېساب. شۇڭا دەيمەنكى: ھەممىلا كىتابنى ئوقۇشقا ئەرزىپ كەتمەيدۇ. مەزمۇنى ساغلام، ئىلغار ئىدىيەلىك كىتابلارنى تاللاپ ئوقۇشنى بىلمىگەندە، ئەنە شۇنداق سەپسەتە پاراڭلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ قايمۇقۇپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدىغان ئىش چىقىدۇ. كىتاب يازغان ۋە چىقارغانلارنىڭمۇ ھەر خىل مەقسىتى بولىدۇ. نام - ئاتاق ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى دەپلا كىشىلەرنىڭ ئىدىيە ۋە بىلىش پائالىيىتىنى مۇجمەللەشتۈرىدىغان تۇترۇقسىز، سەپسەتە پاراڭلارنى بازارغا سالماسلىق كېرەك. بۇ ھال ئۇيغۇرلاردەك ھېسسىي تونۇشتىن، ئەمدىلەتىن ئەقلىي تەپەككۇرغا يۈزلىنىۋاتقان بىر قوۋمنىڭ بىلىش پائالىيىتىگە خاتا سىگنال بەرسە بېرىدۇكى ھەرگىزمۇ ياخشى ئاقىۋەت ئېلىپ كەلمەيدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان كىتاب ۋە «رىسالە»لەرنىڭ نەچچە ئون مىڭ تىراژدا بېسىلىپمۇ يەنە ئېھتىياجنى قاندۇرالمىغانلىقى، بولۇپمۇ مەرىپەت قويندا ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان ياشلار - ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا بۇ ھەقتىكى پاراڭلارنىڭ بارغانسېرى ئۇلغىيىشى ھەقىقەتلىك بىلىشنىڭ يۈزلىنىشىگە قارشى خۇراپىي - نادانلىقنىڭ جەمئىيەتلىشىپ بېرىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت ئېچىنارلىق ئاچچىق بىر رېئاللىقنى ئىپادىلەپ تۇرىدۇ.

ئېيتىپ يۈرگەن گەپلەرگە كۆرە — قان تىپى بىلەن مىجەز - خاراكتېرنىڭ مۇناسىۋىتى بار دېيىش بىرقەدەر ئاساسى بار گەپ بولۇشى مۇمكىن. (لېكىن ئۇمۇ بىئولوگىيە، فىزىئولوگىيە، پسىخولوگىيە قاتارلىق پەنلەرگە چېتىلىدىغان ناھايىتى مۇرەككەپ ۋە چوڭقۇر ئىسپاتلىنىش جەريانىنى تەلەپ قىلىدۇ.)

ئەمما مۇچەل بىلەن مىجەز خاراكتېر، مۇچەل بىلەن قان تىپى، مۇچەل بىلەن تەقدىر - قىسمەتنىڭ مۇناسىۋىتى بار دەپ يەككىلىك بىلەن گەپ ئېچىش ئىشەنچلىك نىسبىتى تۆۋەن، نادانلارچە بىلەرمەنلىكنىڭ ئىپادىسى بولۇشى مۇمكىن. تەبىئەتنىڭ چىن مەنىسى بىلەن دەۋر، مەنپەئەت ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ تەسىرىدىن خالىي ساپ تەۋھىد ئىلىمدىن باشقا ئاتالمىش ئىلىم - پەن، ساختا سەنئەت ۋە ساختا دىن نامىدىكى تەلىماتلارنىڭ تولىسى قىممىتى يوق قۇرۇق پاراڭ ياكى خۇراپىي سەپسەتىدۇر.

يۇلتۇزلار تۇركۈمىگە ئاساسەن، كىشىلەرنىڭ كۆرمىش - ئاقىۋەتلىرىگە پال ئاچىدىغان، خاراكتېر، ئادەت ۋە بەخت - تەلىيى ھەققىدە جۆرىيدىغان بىر قىسىم بىلەرمەنلەرمۇ بار. بۇمۇ خۇددى 12 مۇچەل بايانلىرىغا ئوخشاشلا نۇرغۇن كىشىلەرنى جەلپ قىلىپ، ئىدىيەسىنى غىدىقلاۋاتقان يەنە بىر قىزىق پاراڭ تېمىسى. راستىنى ئېيتقاندا، يۇلتۇزلار ئالىمى ئىنسانىيەت ئۈچۈن مەۋھۇم بىر دۇنيا. گەرچە ئاسترونومىيە ئىلمىنىڭ يۈكسەك تەرەققىياتى بۇ ھەقتە بىز ئۈچۈن ئاز - تولا توغرا بىلىش ئۇچۇرلىرىنى تەمىنلەش ئىمكانى بولسىمۇ، ئەمما ئۇمۇ يەنىلا يۇلتۇزلارنىڭ ئوربىتىلىق ئايلىنىش ھەم ئوبيېكتىپ ئۆزگىرىش مەزمۇنلىرىنى يۈزەكى ۋە قىسمەن ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەشى مۇمكىن. ھەركىمنىڭ ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك ئىلاھىي بېشارەت بولۇپ قالسا بىر گەپ. بولمىسا ھەرقانچە ياۋروپا - ئامېرىكىنىڭ ئىلمىي نۇجۇمى ۋە ياپونىيە خاراكتېرشۇناسلىرىنىڭ ئاسمان جىسىملىرى بىلەن ئىنساننىڭ قان تىپى ۋە مۇچىلىنى بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بارغان تەتقىقات رىسالىسى بولۇشتىن قەتئىينەزەر، يۇلتۇزلارنىڭ مەۋجۇتلۇق سىرى بىلەن ئىنساننىڭ تەقدىر - قىسمەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بىلىش ئۇنداق ئاددىي ئوڭاي ئىش ئەمەس. ئالەمدە ئىنساننىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى يېتىدىغان ئىشلار بولىدۇ. رېئاللىق ۋە مەلۇم زامان بىلەن چەكلىنىپ قالغۇچى ئەقلىي ئىقتىدار يەتمەيدىغان ئىشلار بولىدۇ. ئېتىقاد مەسىلىلىرىدە قەلب دەرۋازىسى ئېچىلمىغان ئالىم، پەيلاسوپلارنىڭ ھەرقانچە ئەقلىي قۇۋۋىتى ئوتتۇر بولسىمۇ، ئۇنىڭ مەۋھۇم دۇنياغا ئائىت سىر ۋە ھېكمەتلىرىنى مۇكەممەل بېلەلىشى ناتايىن. شۇنى بىلىش كېرەككى، نادان، خۇراپاتلىق بىزدىلا ئەمەس، باشقا مىللەتلەردىمۇ مەۋجۇت. تەرەققىي تاپقان مىللەتلەر نېمىلا دېسە ھەقىقەت بولۇۋەرمەيدۇ. توغرا، ئاسمان جىسىملىرى بىلەن ئىنساننىڭ تەقدىر - قىسمەتلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ئۇنىڭ ئىنساننىڭ قان تىپى ۋە مۇچىلى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ بايان قىلىشنىڭ ماھىيەتلىك باغلىنىشى نەدە؟ ئۇنىڭ قانچىلىك ئىلمىي ئاساسى بار؟ قېنى بۇنى كىم ئىسپاتلاپ پۈتۈن ئىنسانىيەتنى قايىل قىلغۇدەك ئەمەلىي پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويالىدى؟ ھەممىگە چۈشىنىشلىك ئاددىي بىر گەپ، ھازىر دۇنيادا كۆپىنچە قوۋملار مىلادىيە كالېندارىنى قوللىنىۋاتىدۇ. يېقىنقى زاماندىن قارىغاندا، يۇلتۇز تۈركۈمى ۋە مۇچەل بىلەن ئىنساننىڭ خاراكتېر - ئادەتلىرى ھەققىدىكى گەپلەر دەل مىلادىيە كالېندارىدىكى يىل، ئاي، كۈنلەرنىڭ نامى ۋە ھېسابىغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا پەيدا بولغان. ئۇنداقتا مىلادىدىن بۇرۇنقى كىشىلەرنىڭ مۇچىلى ۋە خاراكتېر ئادىتىنى قانداق چۈشەندۈرىمىز؟ يىل، ئايلارنىڭ ھېسابى

مىلادىيە كالېندارىغا توغرىلاشمايدىغان باشقا كالېندارنى قوللانغۇچى مىللەتلەرنىچۇ؟! ئەجىبا ھاياتلىق دۇنياسى تەرەققىي قىلىپ دەل شۇ مىلادىيە يىل نامىغا كېلىپلا ئاسمان جىسىملىرى، يىل، ئاي، كۈن، مۇچەل، ئىنساننىڭ قان تىپى ۋە خاراكتېر ئادىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۆزئارا زىچ باغلىنىپ ئەنە شۇنداق ئىشەنچلىك ھۆكۈم قىلغۇدەك قانۇنىيەتلىك بىر قېلىپنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالغانمۇ؟! بۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ شۇنى بىلىش كېرەككى، ئىنساننىڭ خاراكتېر، ئادەت، قىياپەت ۋە باشقا ماددىي ۋە مەنىۋى سۈپەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئەجدادلىرىدىن كەلگەن. ئۇ يەنە داۋاملىشىپ كەلگۈسى ئەۋلادلارغا ئۇلىنىدۇ. ئەگەر ئىنسانىيەت دۇنياسىدا بىر ئاقىل باشلامچى چىقىپ مىلادىيە كالېندارىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭدىنمۇ توغرا ۋە ئىلغار بولغان كالېنداردىن بىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كىشىلەر ئۇنى ۋاقىت ھېسابى قىلسا؛ ئۇ چاغدا ئاسمان جىسىملىرى بىلەن يىل، ئاي، كۈنلەرنىڭ نامىغا باغلانغان ئىنساننىڭ خاراكتېر - ئادىتى ۋە مۇچەلى ھەققىدىكى گەپلەرنىڭمۇ ھەممىسى ئاغدۇرۇلۇپ قۇرۇق سەپسەتە پاراڭغا ئايلىنىپ قالامدۇ! ... تارىخنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىدىن قارىغاندا ئۇ خىل ئېھتىماللىقنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئىنسانلار جەمئىيىتى ھامان توغرا بىلىش ۋە مۇكەممەللىككە قاراپ ئىلگىرلەيدۇ. شۇڭا، «مانچىنچى ئاينىڭ مۇنچىنچى كۈنى تۇغۇلغانلار پالانى يۇلتۇز تۈركۈمىگە تەۋە بولىدۇ»، «مانچىنچى ئاينىڭ مۇنچىنچى كۈنى تۇغۇلغانلار پۈستانى يۇلتۇز تۈركۈمىگە تەۋە بولىدۇ.» ، «چاشقان يىلىلىقلار ۋە A قان تىپى»، «يىلان يىلىلىقلار ۋە AB قان تىپى»، «ئات يىلىلىقلار ۋە O قان تىپى»، «ياچاق يۇلتۇز تۈركۈمىدىكىلەر ئۇنداق بولىدۇ»، «چايان يۇلتۇزلۇقلار مۇنداق بولىدۇ»، «تارازا يۇلتۇزلۇقلار بىلەن بېلىق يىلىلىقلار ئۇندىقەي»، «ئەسەد يۇلتۇز تۈركۈمىدىكىلەر بىلەن يولۋاس يىلىلىقلار مۇندىقەي»... دەيدىغان ئاساسسىز جۆراشلارغا ئىشىنىپ كېتىش مېنىڭچە تازا ئىشەنچلىك ۋە توغرا ئەقىدە ئەمەستۇر. بىر ئادەمنىڭ تەقدىر - قىسمەتلىرىنى ئاسماندىكى مەۋھۇم يۇلتۇز، قان تىپى، مۇچىلى ۋە تۇغۇلغان كۈنىگە قاراپ ئەمەس، بەلكى، ئۆزىمىزنىڭ بىلىش دائىرىسى بويىچە ئۇنىڭ روھى ماھىيىتى، ئىدىيەسى، نىيىتى ۋە ئەمەلىي ئىش - ھەرىكىتىگە بېقىپ چۈشىنىمىز ۋە باھا بېرىمىز. ھەم شۇ بويىچە كۆرمىش ئاقىۋەتلىرىنىڭ سەۋەب ھالقىلىرىنى ئىزلەيمىز. «مەن»دىن ئىبارەت پۈتكۈل ئالەمنىڭ سىر - ئەسرارىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلىپ تۇرغان تىرىك جاننىڭ تۆپكى تەلەپ - خاھىشلىرىنى ئۇنتۇپ، كاللىمىزنى خىيالىي دۇنياغا غەرق قىلىۋېتىپ، ئاسمانغا قاراپ ۋە بىر قىسىم بىلەرمەن كاززاپلارنىڭ مۇغەمبىرانە پاراڭلىرىغا قۇلاق سالساق ئۆزىمىزنى تاپالماي سەپسەتە تۇمانلىرى ئارىسىدا ئېزىپ قالىمىز.

**ئىزاھات**


[1] «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، 1 - توم، 449 - ، 452 - بەتلەر.

[2] ئىمىن تۇرسۇن «نورۇزنامە» شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2001 - يىلى 1 - ئاي نەشرى.

[3] «مۇچەل ھەققىدە قىزىقارلىق پاراڭ».
«بېلىق يىلى» شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2003 - يىلى 2 - ئاي 2 - نەشرى، 1 - بەت.

[4] يۇقىرىقى كىتاب 6 - بەت.

[5] « 12 مۇچەل ھەققىدە قىزىقارلىق پاراڭ».
«يولۋاس يىلى» شىنجاڭ ياشلار ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2003 - يىلى 2 - ئاي 2 - نەشرى 1 - بەت.

[6] يۇقىرىقى كىتاب 54 - بەت.


ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە قىزىلبويى يېزا تۆۋەنكى ئاپپاغوجا كەنتىدىن.

بۇ سانىنىڭ ئەسەرلىرى «شىنجاڭ گېزىتى» باسما ئىشلىرى مەركىزى ئۇيغۇرچە كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى؛ بۇ سانىنىڭ تەكلىپلىك تەھرىرى: ئايگۈل ئەمەت؛ كوررېكتورى: رەنا ئەمەت؛ مۇقاۋا ۋە قىستۇرما سۈرەتلەرنى ئىشلىگۈچى: مەريەمگۈل ئىددىرىس (تەكلىپلىك)، بەتچىك: ئىسھاقجان ئىبراھىم قاراتېكىن (تەكلىپلىك).



ئەھمەتنۇر قارى

# مۇئەللىم خاتا قىلىشىڭىز

(1)

بىيولوگىيە دەرسى ئۆتۈلۈۋاتاتتى، ئاخىرقى رەتتە ئىككى ئوقۇغۇچى بېشىنى ئۈستەلگە قويۇۋېلىپ كۇسۇرلىشىپ، دەرسكە زادى دىققەت قىلمايۋاتاتتى، ئەتراپتىكى بىر نەچچە ئوقۇغۇچىمۇ بۇ ئىككىيلەنگە قاراپ كۈلۈشەتتى. مۇئەللىم دەرسنى توختىتىپ ئىككىيلەنگە دېدى:

— بېشىڭنى كۆتۈر! ئۇخلايدىغان ۋاقىت ئەمەس، ھازىر... نېمە دەپ پاراڭ سېلىشىۋاتىسەن؟

ئىككىسى بۇ گەپ بىلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ بىر - بىرىگە مەنىلىك قاراپ قويۇشتى، مۇئەللىم دەرسنى داۋاملاشتۇردى. بىر چاغدا چۈشەنمىگەن جايلارنى سوراشقا ئىجازەت بېرىلدى.

— مۇئەللىم، مېنىڭ سوئالىم بار! — بايىقى ئىككى بالىدىن بىرى قول كۆتۈردى.

— ھە... قېنى، سورا، — دېدى مۇئەللىم سەل تەمتىرىگەندەك بولۇپ.

— توخۇ ئاۋۋال پەيدا بولغانمۇ، تۇخۇم ئاۋۋال پەيدا بولغانمۇ؟ — بالىلاردىن بىرىنچىسى سورىدى.

مۇئەللىم نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى تېخى ئويلاپ بولغۇچە، مۇئەللىمنىڭ جاۋابىنى كۈتمەستىن، ئىككىنچىسى سۆز باشلىدى:

— ئەلۋەتتە توخۇ ئاۋۋال پەيدا بولغان، كالۋا! دەرس سۆزلىسە ئۇخلاپ ئولتۇرىسەن، شۇنىمۇ بىلمەيسەن مانا...

— ئەمىسە ئۇ توخۇ قايسى تۇخۇمدىن چىققان؟ سەنمۇ دۆتكەنسەن...

— ئۇ تۇخۇمنى توخۇ تۇغمىسا نەدىن كەپقالغان؟...

ئىككى بالا ئوچۇقتىن - ئوچۇق چاقچىلە قويۇۋاتاتتى. مۇئەللىم بۇنداق سوئاللارنىڭ چىقىشىنى زادىلا كۈتمىگەن بولغاچقا تەمتىرەپ قالدى. سىنىپتا كۈلكە كۆتۈرۈلدى. مۇئەللىم مىڭ جاپادا ئوقۇغۇچىلارنى تىنچلاندۇرۇپ، گۇرۇپپىلار بويىچە مۇزاكىرىگە تەشكىللەپ قويۇپ، ئاستا بۇ ئىككى بالىنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە پەس

ئاۋازدا دېدى:

— ئۇكام، زادى دېيىشمىسەڭلار بولمايدىغان گەپ- پىڭلار بولسا پەس ئاۋازدا دېيىشسەڭلار بولىدۇ، بېشىڭ- لارنى قويۇۋېلىپ ئۇخلىساڭلارمۇ سىلەرنىڭ كۆزۈڭلارغا كىرىۋالمىدىمغۇ؟ مەنمۇ سىلەرنى ئايىغاندىن كېيىن، سە- لەرمۇ مېنى ئاياڭلار.

مۇئەللىمنىڭ بۇ مۇئامىلىسىدىن ھوزۇرلانغان ئىك- كىيلەن كېرىلىپ قاراپ قويۇپ، يەنە ئۇستەلگە بېشىنى قويۇپ ئۆز پارىڭىغا چۈشۈشتى...

(2)

— بۇگۈن ئەجەب كۆپ نەرسە سېتىۋاپسەنغۇ، داداڭ كۆپ پۇل بەردىما؟ تېپىۋالدىڭمۇ يە! مېنىمۇ شېرىك قىلارسەن؟!

— ياقەي، xx مۇئەللىم ئەكىرىپ بېرىشكە بۇيرۇغا- نىدى.

— ئاچقىنا قېنى، نېمىلەر باركىن؟

— تاماكا، قىزىل چاي، يەنە سوپۇنمۇ بار.

— «شۆلىيەن» ماركىلىق تاماكىكەن ـ ھە!

— نېمە بولدى؟

— بىزنىڭ مۇئەللىم «خوڭخې» ماركىلىق تاماكا چېكىدۇ.

...

(3)

ماتېماتىكا دەرسى ئۆتۈۋاتاتتىم، بىر ئوقۇغۇچىنىڭ (شۇ سىنىپنىڭ ئۆگىنىش ھەيئىتى) باش كۆتۈرمەي بىر نەرسە يېزىۋاتقىنىنى بايقاپ قالدىم. چاندۇرماي بېرىپ قارىسام، يېزىۋاتقىنى سىياسەت كونسپېكت ئىكەن، ھوي! بۇ ئوقۇغۇچىلار كونسپېكى ئەمەس، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرس تەييارلىق كونسپېكىغۇ!... قولۇمغا ئېلىپ كۆرۈپ تېخىمۇ ھەيران بولدۇم. چۈنكى يېرىم مەۋسۇم- لۇق دەرس تەييارلىقىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مۇشۇ ئو- قۇغۇچىنىڭ پوچېركىسى ئىدى.

(4)

خىمىيە دەرسى، ئوقۇتقۇچى مەلۇم تەجرىبە قورۇل- مىسى ئۈچۈن كېتەرلىك ماتېرىياللارنى چۈشەندۈرۈۋاتات- تى. تەجرىبە ئۈچۈن 12 ۋولتلۇق تۇراقلىق توك مەنبەسى كېرەك بولاتتى. ئوقۇغۇچىلاردىن بىرى سوراپ قالدى:

— مۇئەللىم، تۇراقلىق توك مەنبەسىنىڭ ئورنىغا ئۆزگىرىشچان توك ئىشلەتسەك نېمىشقا بولمايدۇ؟

— ھە... تۇراقلىق توك بىلەن ئۆزگىرىشچان توكنىڭ پەرقىنى فىزىكا دەرسىدە ئۆگەنمىگەنمىدى؟ فىزىكا دەرسىدە نېمە ئىش قىلغان؟ مۇشۇنچىلىك نەرسىنى ئۆ- گەنمەي... ھەرقايسىڭ ئاتا ـ ئاناڭ تېپىپ بەرگەن تەييار نانني يەپ، مەكتەپكە نېمە دەپ كېلىشسەن ئۆگىنىش قىلماي؟... — مۇئەللىم بىر ھازا قايىنىغاندىن كېيىن پەس- كويىغا چۈشۈپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى. جۈرئەتلىكرەك ئوقۇغۇچىدىن بىرى يەنە سورىدى:

— مۇئەللىم، بىز بىلىۋالايلى دەپ سوراۋاتىمىز، سىلى بىلگەندىن كېيىن چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈپ كەتسىلە، ئۆگەنگىنىمىز تەكرار بولۇپ قالسا ياخشى ئەمەسمۇ؟

مۇئەللىمنىڭ چىرايى تېخىمۇ سەت تۇرۇلدى، چۈنكى، بايا ئوقۇغۇچىلارنى تىللاۋاتقاندىلا، ئۆزىنىڭمۇ بۇ سوئالغا ئېنىق بىر نېمە دېيەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۈلگۈرگەن، شۇڭا ئاچچىقلاپ ئۆتۈپ كېتىپ سو- ئالدىن قۇتۇلماقچى بولغانىدى:

— كۆتۈرۈلۈشە بۇنداق تۈكى يوق گەپلىرىڭنى! ئاناڭ بىلەن داداڭغا بېرىپ دەپ بەر! مېنى بوزەك تاپ- مەنمىكىن دەپ خام خىيال قىلىشما، چوڭ شەھەردە ئۇنى- ۋېرسىتېتتا ئوقۇپ، سېنىڭدەكتىن نەچچىنى كۆرۈپ ما مۇنبەرگە چىققانمەن! قاندىقىڭنىڭ گېپى بولسا ئېتىۋې- مەن!...

بۇ گەپ بىلەن دەرسخانىنىڭ ئىچى شۇنداق جىمىپ كەتتىكى، كارىدوردا چۈشۈپ ئۇچىسىمۇ ئاڭلىناتتى...

مۇئەللىم مەغرۇرانە قىياپەتتە دەرسنى داۋاملاشتۇر- دى.

(5)

بىر ئوقۇغۇچىنىڭ مۇئەللىمگە يازغان خېتى:

سالام مۇئەللىم، ئالدى بىلەن تېنىڭىزگە سالامەت- لىك، ئائىلىڭىزگە خاتىرجەملىك تىلەيمەن.

بىز بىر قانچە ساۋاقداش ئويلىنىپ، ئاخىر سىزگە بۇ خەتنى يېزىشقا جۈرئەت قىلدۇق. سىزنىڭ بىز ئۈچۈن دەرسنى بەكمۇ ياخشى ئۆتۈپ بەرگىنىڭىزگە رەھمەت ئېيتىمىز. بەزى مەزمۇنلارنى تەكرار سۆزلىسىڭىزمۇ يەنىلا چۈشىنەلمىسەك، سىز يەنە تېرىكمىدىڭىز، دەرسكە

دىققەت قىلمىساق چىرايلىق گەپ بىلەن دىققىتىمىزنى يىغىشقا تىرىشتىڭىز، ھەتتا قەستەن چىشىڭىزغا تەگمەكچى بولساقمۇ ئاچچىقلانمىدىڭىز، بىزگە نەقەدەر كۆيۈندىغىنىڭىزنى بىلدۇق ۋە ئىنتايىن تەسىرلەندۇق. سىزنىڭ كۈتكەن يېرىڭىزدىن چىقالمىغىنىمىز ئۈچۈن بەكمۇ ئەپسۇسلىنىمىز. بىز ھەممە دەرس ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئۆز دەرسىنى سىزگە ئوخشاش ئەستايىدىل ئۆتۈپ بېرىشىنى خالايتتۇق. لېكىن، بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار دەرسكە كېچىكىپ كىرىشكە، ھەتتا دەرس قالدۇرۇشقا باھانە ئىزدەپلا تۇرىدۇ، دەرسكە ئۆزى ياخشى تەييارلىق قىلمىغاننى ئاز دەپ، يەنە بىزنى تىللايدۇ، دەرس ۋاقتىدا نېمە ئىش بولسا بىزدىنلا كۆرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىزمۇ ئوقۇتقۇچى بىلەن قارشىلىشىپ، ئېغىز غېرىچلاپ كۆنۈپ قاپتىمىز. دەسلەپ سىزنىڭ ياخشى كۆڭلىڭىزنى چۈشەنمەي رەنجىتىپ قويغان بولساق كەچۈرۈڭ. بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى سىزمۇ كۆردىڭىز، ئولتۇرۇشىمىز مۇشۇ، مەكتەپكە ئۆگىنىش ئۈچۈن ئەمەس، كۈن ئۆتكۈزۈش، مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ يىل چېكىنى توشقۇزۇش ئۈچۈن كېلىۋاتقاندەكلا!... باشقىلار بىزنى شۇنداق كۆندۈرۈپ قويىدى. ئەمدى سىزگە دېمەكچى بولغىنىمىز، مەكتەپنى 18 پايچاقلىق چوڭ يۈك ماشىنىسىغا ئوخشاتساق، ھەر بىر چاقتا ئاز بولسىمۇ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولسا ماشىنا كاتاڭدىن چىقىدۇ. سىز بىر پاي چاق قانچە كۈچىسىڭىزمۇ، باشقا چاقلار خۇددى تورمۇزدەك ئېسىلىۋالغان ئەھۋال ئاستىدا، سىز قانچە تىرىشسىڭىزمۇ، بۇ زايە كېتىدۇ. شۇڭا يەنە دەيدىغىنىمىز، ئۆزىڭىزنى چارچىتىۋالماڭ. سىزنىڭ داۋاملىق بىزنىڭ سىنىپقا دەرس ئۆتۈپ بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز، بىر قانچە كەپسىز بالىنىڭ ئەسكىلىكىنى كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ. ھۆرمەت بىلەن: ...

---

ئاپتور: شىنجاڭ يېڭىسار ناھىيە سۆگەت يېزا ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى

## جىددىي ئاگاھلاندۇرۇش

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ھەرقانداق ئەسەرنىڭ قايتا نەشر قىلىش ھوقۇقى پەقەت ژۇرنال تەھرىراتىغىلا خاس. ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ھەرقانداق شەكىلدە (ئاۋازلىق ئەسەر ئىشلەش، تورغا چىقىرىش، توپلام تۈزۈش ۋە باشقىلار) تەھرىراتىمىزنىڭ رۇخسىتىسىز قايتا نەشر قىلىشىغا بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق ئەھۋال بايقالسا قانۇنىي جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. ژۇرنال تەھرىراتىمىز «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»دە ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلۇق ھوقۇقى ۋە قايتا نەشر قىلىنىش ھوقۇقىنى قانۇنغا تايىنىپ قوغدايدۇ. بۇ جەھەتتىكى قانۇنسىز قىلمىشلارنى پاش قىلغۇچىلارغا تەھرىراتىمىز ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن رەھمەت ئېيتىدۇ.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى




شەنبە ـ يەكشەنبە كۈنلىرى شەھىرىمىزنىڭ دېھقانلار بازىرى باشقىچە قىزىپ كېتىدۇ. بەزىلەر بۇ بازارنى «ئەسكى ـ تۈسكى»لەر بازىرى ياكى «پىت بازىرى» دەپمۇ ئاتايدۇ. بازار شەھەر ئايلانما چوڭ يولىنى نۇقتا قىلىپ قۇرۇلغان بولۇپ، شەھەر پۇقرالىرىنىڭ نەرسە ـ كېرەك سېتىۋېلىشىغىمۇ، دېھقانلارنىڭ ئۆزى ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرىنى سېتىپ چىقىرىشىغىمۇ قولايلىق ئىدى. بازاردىن توخۇ سۈتىدىن باشقا ھەممە نەرسىنى تاپقىلى بولىدۇ، دېسەك ئارتۇق كەتمەيتتى. دەرۋەقە بازار بولغان كۈنلىرى دېھقانىنىڭ بۇغداي ـ قوناق، ئوتياشلىرى، باغۋەنىنىڭ مېۋە ـ چېۋىلىرى، گەزمالچىنىڭ ئەرزان باھالىق رەختلىرى، يەنە توخۇ ـ توشقان، ئىت ـ مۈشۈك، كونا ـ كىيىم ـ كېچەك، ئىككىنچى قول ئائىلە جابدۇقلىرى... بازار بولىدىغان كەڭرى يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە تولۇپ كېتەتتى. بازار بولىدىغان يولنىڭ 50 قەدەمچە نېرىسىغا جايلاشقان كىچىك دۇكانلاردا سامسىچى، مانتىچى، لەڭمەنچى، لەڭپۇڭچىلارنىڭ خېرىدارلىرى ئۈزۈلمەيتتى.

ئەدەبىيات گۈلزارى

شۇڭا، كادىردىن تارتىپ ئاۋام پۇقراغىچە، بايۋەتچىدىن تارتىپ گادايغىچە بۇ بازارغا كېلىپ نەرسە ـ كېرەك سېتىۋالمايدىغىنى، بازارنى تاماشا قىلمايدىغىنى يوق ئىدى. بازار سەھەردىن تارتىپ قاش قارايغىچە قاينام ـ تاشقىنلىق كەيپىيات ئىچىدە قىزغىن داۋام قىلاتتى.

بۈگۈن يەكشەنبە، بازار بولىدىغان كۈن ئىدى.

ئۇششاق سېتىقچىلار كۈن بىلەن تەڭ بازار بولىدىغان چوڭ يولغا كېلىشىپ، يولنىڭ ئىككى يېقىدىن ئورۇن ئىگىلەشتى. كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە، توپ ـ توپ كىشىلەر بازارغا ئېقىپ كىرىپ، مال تۈرلىرى ئاۋۇپ، بازار بىردىنلا قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمدى. قارىغاندا بۈگۈنكى بازار ئىلگىرىكى بازار كۈنلىرىدىنمۇ بەكرەك قىزىيدىغاندەك قىلاتتى. چوڭ يولغا سېمونت ياتقۇزۇلغان بولسىمۇ، بازاردىن سۈس توپا ـ تۇمان ئۆرلەيتتى، تىقما ـ تىقما ئادەملەر ئارىسىدىن ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆتۈشمۇ تەسكە توختايتتى. ساتقۇچىلار بىلەن ئالارمەنلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە يول قويماي باھا تالىشىپ سۆزلىشىۋاتقان ئاۋازلىرى مىڭلىغان قۇشقاچلارنىڭ ۋىچىرلاشقىنىغا ئوخشاش، كىشىنىڭ قۇلاق ـ مېڭىسىنى يەيتتى.

كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيىشىپ، ئاياغلىرىنى مايلاپ پار-

قىرتىشۋېتىشكەن بىر نەچچە ئادەم بازارغا كىچىكىپرەك كىلىشتى - دە، بازارنىڭ بىر بۇرجىكىدە بىردەم پاراڭلاشقاچ تۇرۇپ قېلىشتى. ئۇلارنىڭ تەمكىن ۋە مەغرۇر قىياپىتىدىن بازارغا نەرسە - كېرەك سېتىۋالغىلى ئەمەس، بەلكى بازارنى تاماشا قىلغىلى، بازاردىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرگىلى كەلگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئۇلار ئۇياق - بۇياققا بويۇنداپ قارىشىۋەتكەندىن كېيىن، كىشىلەر ئارىسىدىن قىستىلىشىپ ئۆتۈپ، بازارنىڭ بىر بۇرجىكىدىكى بەسەي سېتىۋاتقان چوڭ ياشلىق بىر دېھقان هارۋىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ توختاشتى. بۇ يەر سەل دۆڭرەك بولغاچقا بازارنى كۆزدىتىشكە، تاماشا قىلىشقا ئەڭ مۇۋاپىق جاي هېسابلىناتتى. يېسسىۋېلەك سېتىۋاتقان دېھقان ئۇلارغا قاراپ سالام بەردى، ھېلقى كىشىلەرمۇ دېھقانغا باشلىرىنى بىلىنەر - بىلىنمەس لىڭشىتىپ قويۇشتى. دېھقان ئۆز ئىشىغا چۈشۈپ كەتتى. يېسسىۋېلەك سېتىۋاتقان دېھقاننىڭ ساقال - بۇرۇتى كىرپىنىڭ تىكەنلىرىدەك ئۆسۈپ كەتكەنىدى، دوپپىسىنىڭ گىرۋىكىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان چاچلىرىغا ئاق سانجىغان بولۇپ، چىرايىدىن ئاق كۆڭۈللۈكى ۋە سەممىيلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ بىرەر خېرىدارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ هېلىدىن - هېلىغا ئەتراپىغا تەلمۈرۈپ قارايتتى. ھېلقى بىر نەچچە ئادەم تاماكا چېكىشكەچ ئۆزئارا قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ سالاپەتلىك، زىيالىي سۈپەت تەقى - تۇرقىدىن، گەپ - سۆزلىرىدىكى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشلىرىدىن كاتتا ئىدارە - ئورگانلاردا خىزمەت قىلىدىغان، ھەتتا كىچىكرەك بولسىمۇ بىرەر ئەمەل - مەنسەپ تۇتۇشقان خىزمەتچىلەر ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. يېسسىۋېلەك سېتىۋاتقان دېھقان خېرىدار كۈتكەچ بۇ كىشىلەرنىڭ گېپىنى تىڭشاپ تۇراتتى. گاھ - گاھ ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىغا گەپ قىستۇرۇپمۇ قويياتتى. ھېلقى كىشىلەر بازاردىكى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي خېرىدار چاقىرىۋاتقان، ماللىرىنى ماختىشىۋاتقان ئۇششاق سېتىقچىلارغا، ئۇياق - بۇياققا ئالدىراش ۋە جىددىي ئۆتۈشۈپ تۇرۇشقان ھەر بىر كىشىگە قىزىقسىنىپ قاراپ قويۇشاتتى. بەزى كىشىلەرنىڭ قوللىرىغا كۆتۈرۈۋېلىشقان، ئۈشنىسگە ئارتىۋېلىشقان نەرسىلىرىنىڭ جىقلىقىدىن، بۇ نەرسىلەرنى ساتىدىغانلىقىنى ياكى سېتىۋالغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى، دەرۋەقە بازار قىزىپ كەتكەنىدە، كىمنىڭ ساتقۇچى كىمنىڭ سېتىۋالغۇچى ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتىش ھەقىقەتەن تەسكە توختايتتى.

— ئادەمنىڭ ھاياتى پۇل، پۇل دەپلا ئۆتۈپ كېتىدىغان گەپكەن، — دېدى ئۇچىسىغا تۈركىيە كاستۇم - بۇرۇلكىسىنى قاتۇرۇپ كىيىۋالغان، كىرپىنىڭ تىكىنىدەك يىرىك بۇرۇتلۇق بىرەيلەن، — بازاردىكى مۇنۇ ئادەملەرگە قاراڭلار، ئالارمەندىن ساتارمەن جىق، پۇل تېپىشنىڭ تەسلىكى، ھەي...

— ئۇنى بىر دېمە، دېھقان بولۇپ قالغان بولساق، بىزمۇ بىكار تۇرمايتتۇق، — دېدى سېمىز بىرەيلەن بېشىنى چايقاپ، — مۇشۇ بازاردا توپا سومۇرۇپ، ئاپتاپقا قاقلىنىپ بىر نەرسە سېتىپ ئولتۇراتتۇق تېخى، خۇدا ساقلىسۇن شۇ كۈنلەرنى...

— توغرا دەيسەن، راست دەيسەن، — دېدى بويىنى غازنىكىدەك ئۇزۇن، ئورۇق بىرەيلەن دەرھال گەپ قېتىپ، — مائاشلىق بولۇپ قالغىنىمىز بىزنىڭ بەختىمىز. خۇداغا شۈكۈر، دېھقان بولۇپ قالماپتىمىز.

— مەيلى دېھقان بولايلى، مەيلى كادىر بولايلى، ھالال نان يېگەنگە يەتمەيدۇ، — يېسسىۋېلەك سېتىۋاتقان دېھقان ئۇلارنىڭ سۆزىگە نارازى بولغان كەيپىياتتا سۆز قاتتى، — مانا مەن دېھقان بولۇپ قالغىنىمغا قىلچىمۇ ئۆكۈنمەيمەن. دېھقاندەك ئۇلۇغ، دېھقاندەك ئاق كۆڭۈل ئادەم يوق جاھاندا، دېھقاندەك...

— ۋاي - ۋۇي ئاكا، — دېدى يەنە بىرەيلەن دېھقاننىڭ گېپىنى تارتىۋېلىپ، — ئۇلۇغ، ئاق كۆڭۈل دېگەن گەپلەر ھازىر قالمىدى. نەپ ئۈچۈن نېمىنى قىلمايدۇ بۇ كىشىلەر...

باشقىلارمۇ گەپكە قېتىلىشتى.

— ئاق كۆڭۈل ئادەم زىيان تارتىدىغان زامان بۇ!

— دېھقاننى ئۇلۇغ دەيمىز، لېكىن، كىمنىڭ دېھقان بولغۇسى كېلىدۇ؟

— راست دەيسەن، دېھقاندەك بىچارە يوق.

دېھقان ئۇلارنىڭ گېپىگە مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. شۇ ئارىدا ئاددىي كىيىنگەن، بوغداي ئۆڭلۈك بىر ئايال خېرىدار كېلىپ دېھقاندىن يېسسىۋېلەك سېتىۋالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ھەممەيلەن ئايالغا قاراشتى. ئايال بىر نەچچە جۈپ كۆزنىڭ قارىشىدىن بىردىنلا خۇدۇكسىرەپ، تەمترەپ قالغاندەك بولدى. ئايالنىڭ ئەپتىدىن جاپا تارتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. دېھقان بىر نەچچە تۈپ يېسسىۋېلەكنى سولياۋ خالتىغا سېلىپ تارازىلىمايلا ئايالنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

— ئالسىلا، سىزدىن پۇل ئالمايمەن، — دېدى

دېھقان.

— ئۇنداق قىلمىسىلا، پۇل بېرەي، — ئايال كونىراپ كەتكەن سېرىق قول سومكىسىدىن پارچە پۇللارنى چىقاردى.

— ياق، ياق، كېتىۋەرسىلە، — دېھقان كەسكىن ئېيتتى، ئايالدىن پۇل ئېلىشقا قەتئىي ئۇنىمىدى. ئايال دېھقانغا رەھمەت ئېيتىپ كېتىپ قالدى.

— ساتقىلى ئەچىققان بەسىيگىزنى بىكىرىنغلا بېرىۋەتتىڭىزا؟ — دېدى بۇرۇتلۇق ئادەم دېھقانغا چاقچاق قىلغۇسى كېلىپ، — قىز - چوكانلارغا بىكارغا بېرىدىغان بەسەيمۇ يە بۇ، ھا... ھا... ھى... ھى...

قاراپ تۇرغانلار كۈلۈشتى، ئەمما دېھقاننىڭ چىرايىدا نارازىلىق ئەكس ئەتتى. ئۇ بۇرۇتلۇق كىشىگە لەيىدە قاراپ قويدى.

— ئورۇنسىز گەپ قىلماڭلار، — دېدى ئۇ دوپپىسىنى باشقىدىن ئوڭشاپ، — مەن بۇ ئايالنى تونۇيمەن، ئېرىنىمۇ ئوبدان بىلىمەن. ئېرى نەدە ئويۇن - تاماشا بولسا شۇ يەردە يۈرىدىغان بىر نېمە، ئائىلىسى بىلەن پەقەت كارى يوق. تېخى ھە دېسىلا ئايالنى ناھەق ئۇرىدۇ. باشقىلارنىڭ ئالدىدا بولسا مۆشۈكتەك شۈمشىيىپ يۈرىدۇ. ئۆينىڭ بارلىق ئېغىرچىلىقى مۇشۇ ئايالغا قالدى، ئايالغا ئىچىم ئاغرىيدۇ.

دېھقاننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، باشقىلارمۇ بىر - ئىككى ئېغىزدىن گەپ قېتىشتى.

— ئەردىن تەلىي كەلمەپتۇ - دە، بۇ بىچارە چوكاننىڭ.

— نوچى ئەر دېگەن نوچى بىلەن ئېلىشىدۇ، ئايالغا قول تەڭلىگىنى زادى بولماپتۇ.

— ۋىجدانسىز، غۇرۇرسىز ئەر شۇنداق بولىدۇ. ئۇنداق ئادەم ئىنساب - دىيانەتنى، باشقىلارغا ئىچ ئاغرىتىشنى بىلمەيدۇ.

— بۇ جاھان نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدىكىن تاڭ؟! ياۋاشنى بوزەك قىلىپ يامانىدىن قورققان ئەرنىمۇ ئەر دېگىلى بولامدۇ؟

— ئاجىزنى ناھەق بوزەك قىلغاننى كۆرسەم زادى چىدىمايمەن.

— مەسئۇلىيەتسىز، قورقۇنچاق، توخۇ يۈرەك ئەرلەر ئاۋۇپ كېتىۋاتىدۇ دېسە...

— توغرا، بىزدەك غۇرۇرنى، ۋىجداننى ئۈستۈن كۆرىدىغان كىشىلەر ئاز ساندا...

ئۇلار يەنە ھازىرقى كىشىلەرنىڭ خۇي - پەيلىنىڭ ئوساللىشىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن، جەمئىيەتنىڭ كۈندىن - كۈنگە بۇزۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىدىن قاقشىشىپ، بىر مۇنچە پاراڭلارنى دېيىشتى. دېھقان بولۇنغان گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئەمدى ئۇلارغا ھۆرمەت نەزىرى بىلەن باقتى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن كۆيۈمچانلىق، مېھرىبانلىق، مەردانىلىك چىقىپ تۇراتتى.

— زىيالىي كىشىلەرنىڭ گېپى يەنىلا باشقىچە بولىدىكەن، — دېدى دېھقان دوپپىسىنى باشقىدىن ئوڭشاپ، — بىز دېھقانلار سىلەردەك گەپ قىلالمايدىكەنمىز.

شۇ ئارىدا ئۆشنىسىگە يوغان بىر خالتا ئاقلانغان چامغۇرنى يۈدۈۋالغان ئوتتۇرا بويلۇق، كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان، توم بىلەكلىرىدىن كۈچ - قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدىغان بىر ئادەم دېھقاننىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى - دە، ئۆشنىسىدىكى خالتىنى يەرگە قويدى. چامغۇرغا لىق توشقۇزۇلغان خالتىنىڭ باغلانمىغان ئاغزىدىن ئوخشىغان چامغۇر باشلىرى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. پاراڭلىشىپ تۇرغانلار بىردىنلا پاراڭنى توختىتىپ ئۇنىڭغا قىزىقسىنىپ قاراشتى. ئۇ بازارنى تاماشا قىلىپ، ئۆزئارا پاراڭلىشىپ تۇرغان بۇ كىشىلەر بىلەن قىلچىمۇ تونۇشلۇقى ۋە ئالاقىسى يوقتەك ئۇلارغا قاراپمۇ قويمىدى. لېكىن، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئىشەنچ ۋە جاسارەتنىڭ نۇرى چاقنايتتى. يېسسىۋېلەك سېتىۋاتقان دېھقان ئۇنى تونۇسا كېرەك، ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىدى:

— بۈگۈن سودا قانداقراق، قاسىمجان؟

— يامان ئەمەس، — دېدى ئۇ دېھقانغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ، — بازارغا ئۈچ خالتا چامغۇر ئېلىپ چىقىۋېدىم، ھەممىسى سېتىلىپ تۈگىدى، بۈگۈن بازار ياخشى، ئۆيدىن يەنە بىر خالتا ئېلىپ كەلدىم. سىزنىڭ سودىڭىز قانداقراق ئاكا؟

— خۇداغا شۈكۈر، كەچ كىرگۈچە سېتىلىپ تۈگەيدۇ.

— سودىڭىزغا بەرىكەت بەرسۇن، ئاكا، — دېدى ئۇ، — بۈگۈنكى بازار خېلى قىزىدى - ھە.

— راست، يامان ئەمەس بازار بولدى.

ئىككىيلەننىڭ پارىڭى شۇ يەردە ئۈزۈلدى. چامغۇر قاچىلانغان خالتىنى يۈدۈۋالغان ئادەم بازارنىڭ نېرىقى تەرىپىگە بويۇنداپ قاردى. قاراشلىرىدىن بىرەرسىنى ئىز-

دەۋاتقانلىقىنى ياكى بارىدىغان مەنزىلىنى مۆلچەرلەۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ بازار قىلىشقا ئالدىرىغان بولسا كېرەك، خالتىسىنى ئۈشنىسىگە يەنە ئارتتى.

— خوش، مەن ماڭاي ئاكا، — دېدى ئۇ.

— خوش، — دېدى دېھقانمۇ كۈلۈمسىرەپ.

ئۇ پاراڭلىشىپ تۇرغان ھېلىقى ئادەملەرگە يەنە بىر قېتىم لەپپىدە بىر قارىۋېتىپ، ئالامانىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى، ئۇنىڭ قارىسى بىردەمنىڭ ئىچىدىلا كۆزدىن يوقاتتى.

— قاسىم سارالڭ دېگەن شوغۇ بۇ، ئەينى يىللىرى تىرىسىگە پاتماي يۈرگەن ئاداشتى، — دېدى بايا ئۇنىڭغا ھەم قىزىقسىنىپ، ھەم ئەيمىنىپ قاراپ كەتكەن سېمىز ئادەم سەت ھېجىيىپ، — قارىماسەن ئەمدى، بۇرۇنقى ئەلپازى يوق، مانا شۇ چامغۇر سېتىپ يۈرۈيدۇ.

— ئۇنىڭ دەۋرى كەتتى، ھازىر قايسى زامان؟ — دېدى بۇرۇتلۇق كىشى چېكىپ بولغان تاماكىسىنى يەرگە تاشلاپ، ئاندىن پۇتى بىلەن تاماكا قالدۇقىدىكى ئوتنى دەسسەپ ئۆچۈرۈپ بولۇپ، — مۇشت - پەشۋا بىلەن جاھان سورايدىغان چاغلار بولمىسا بۇ؟ كىم - كىمدىن قورقىدۇ ھازىر... سورىقى بار جاھان بۇ...

— توغرا دەيسەن، راست دەيسەن، ئاداش، — ئىككىلەنىنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ گەپ قاتتى غاز بويۇن ئادەم. ئۇنىڭ كىيىۋالغان كۆك رەڭلىك كاستۇم چاپىنى يېشىغا پەقەت ماس كەلمىگەنىدى، شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنى ئەدەپلىك، سالاپەتلىك، بىلىملىك ئادەملەر قاتارىدا سانىسا كېرەك، گەپ - سۆزلىرىدىن كىتابىي گەپلەرنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى، — جاھان ساڭا باقمىسا، سەن جاھانغا باق دەپتىكەن بوۋىلىرىمىز، ھەرقانداق ئادەم سەكرەپ - سەكرەپ يەنە ئىزىغا چۈشىدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— سېپى ئۆزىدىن لۈكچەك ئىدى ئۇ، نوچىلىقىنى ھازىر قېپىاقسۇنا قېنى، دەككىسىنى يېمەي قالمايدۇ.

— قۇرۇپ كەتسۇن ئۇ نوچىلىقى، بىزگە ئوخشاش ھۆكۈمەتنىڭ نېنىنى يەپ، خەجلەيدىغان پۇلدىن غەم قىلمايدىغان ئادەملەرنى نوچى دەيمىز ھازىر...

يېسىسۋېلەك سېتىۋاتقان دېھقان ئۇلارنىڭ قاسىمنىڭ كەينىدىن بولمىغۇر گەپلەرنى دەپ، ئۇنى مازاق قىلىۋاتقانلىقىغا، كۆزگە ئىلمايۋاتقانلىقىغا چىداپ تۇرالمىدى.

— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمەڭلار ئۇكىلىرىم، سىلەر ئۇنى بىلمەيدىكەنسىلەر، — دېدى دېھقان نارازى بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ، — قاسىم ياش ۋاقتىدا كىشىلەرنى ئانچە - مۇنچە رەنجىتكەن بولسىمۇ، مانا ئەمدى ئۆز نېنى ھالاللاپ يەپ كېلىۋاتىدۇ. ئادەم دېگەن ئۆزگىرىدىكەن. ئۇنىڭ ئوغۇلبالىچىلىقى، ئەركەكچىلىكى كۈچلۈك، نۇرغۇن كىشىلەرگە قارىغاندا بەك ۋىجدانلىق ئۇ. مۇشۇ بازاردا كىم ياردەمگە ئېھتىياجلىق بولسا، ئىككىلەنمەي ئوتتۇرىغا چۈشىدۇ، كىشىلەرمۇ ئۇنىڭغا ئامراق.

— ئۇنىڭ ۋىجدانى نېمىگە ئەسقاتاتتى؟ — دېدى بۇرۇتلۇق ئادەم دېھقاننىڭ ئۇنى ئاقلاۋاتقانلىقىغا خاپا بولۇپ، — چامغۇر سېتىپ جان باقىدىغان ئادەمدە ۋىجدان نېمىش قىلسۇن، قىزىق گەپتە بۇ.

— شۇ ئەمەسمۇ، جېدەل - ماجرانىڭ ئىچىدە يۈرگەن ئادەمنىمۇ ياخشى ئادەم دېگىلى بولاتتىمۇ؟ سېپى ئۆزىدىن ئۇشۇق نېمىتى ئۇ، — دېدى سېمىز ئادەم.

سېمىز ئادەم بىلەن بۇرۇتلۇق ئادەمنىڭ گېپىنى قاراپ تۇرغانلار بىردەك باش لىڭشىتىپ تەستىقلاشتى.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن.

— توغرا ئېيتتىڭ. كۆردۇققۇ، ياش ۋاقتىدا جېدەل - ماجرانى سېتىۋالغان نوچىنىڭ بۈگۈنكى ھالى شۇكەن، لىققىدە بىر خالتا ۋىجدانىنى يۇدۇپ يۈرمەمدۇ ئەنە.

— ھا... ھا... ھا...

— ھى... ھى... ھى...

دېھقان ئۇلارغا تەتۈر قارىۋالدى. چىرايىدىن ئۇلارنىڭ قاسىمنى بىكاردىن - بىكار ئەيىبلەپ كۆڭلىنى خوش قىلىۋاتقانلىقىدىن ئاچچىقى كېلىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

ھېلىقى كىشىلەر دېھقاننىڭ خاپا بولۇشلىرىغا، چۈشەندۈرۈشلىرىگە قىلچىمۇ پىسەنت قىلمىغاندەك ئىدى، قاسىم ھەققىدە كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى دېيىشىپ پارىڭىنى داۋاملاشتۇردى.

— ئامماز، كاساپەت، مېنىڭ ئېسىمدىن چىقمايدىغىنى، بىر قېتىم ئۆزىدىنمۇ گەۋدىلىك، گورۇي بىرەيلەننى بىر كاللا بىلەنلا تىك موللاق چۈشەرگەنتى. ئويلىسام، ئۇنىڭ بۇ كۈچىگە ھازىرغىچە ئەقلىم يەتمەيدۇ، — بۇرۇتلۇق ئادەم گېپىنى دەپ بولۇپ، ھازىرمۇ بۇ ئىشقا ھەيران قالىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېشىنى چايقاپ قويدى.

باشقىلارمۇ تۇشمۇتۇشتىن گەپ قېتىشتى:

— مۇشت - پەشۋادا بەش ئادەممۇ تەڭ كېلەلمىگەن

نېمە ئۇ!

— راست، ئۇرۇش-جېدەلگە يامان نېمىتى.

— ھەر قانداق نوچىدىن ئۈركۈپ قالمايتتى، لۈكچەكنىڭ لۈكچىكى ئىدى دەڭلا.

— شۇڭا دەيمەن، بۇنداق ئادەملەر بەك خەتەرلىك، ئۆزۈڭنى ئۇنىڭدىن يىراق تۇتقىنىڭ ياخشى، ئېھتىيات قىلمىساڭ چاتاق چىقىدۇ. ئاچچىقى تۇتۇپ قالسا كالىدەك ئۈسۈپ قويىدۇ.

— ۋاي سەن دېمىسەڭمۇ بىز بىلىمىز، بۇنداق ئادەملەردە رەھىم-شەپقەت دېگەن نەرسە يوق، ساراڭنىڭ ئۆزى. ھازىر كىم كۆزگە ئىلىدۇ ئۇنى...

— شۇڭا، قاسىم ساراڭ دەپ بىكارغا لەقەم قويمىغاندە.

بايائتىندىن بېرى سۈكۈتتە تۇرغان دېھقان تاقەت قىلالمىدى، ئۇ يەنە گەپكە ئارىلاشتى.

— ئىست دەيمەن تۇغقانلىرىم، ياخشى ئادەمنىڭ «يامان» گېپىنى قىلىۋاتىسىلەر، بىراۋنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش گۇناھ، گۇناھ...

ھەممەيلەن تەڭلا دېھقانغا قاراشتى. دېھقان ئۆپكىدەك ئېسىلىپ، ئۇلارغا چۈشىنىكسىز قاراپ تۇراتتى.

— بەسىيڭىزنى ساتسىڭىزا ئاكا-ھوي، ئەمدى بىر گەپ قىلسا گەپكە ئارىلىشىۋېلىپ، — غاز بويۇن ئادەم بۇ قېتىم دېھقانغا قاتتىق تەگدى، — قاسىم ساراڭغا ئەجەب چاپان يېپىپ كەتتىڭىزا، تۇغقىنىڭىز ئوخشىمامدۇ؟

— ياق، ئۇ ھېچنېمەم ئەمەس، مۇشۇ بازاردا تونۇشۇپ قالغان، — دېھقان ئۇنىڭغا كەسكىن، ئەمما ئاچچىقلىق جاۋاب بەردى.

دېھقاننىڭ گېپىدىن كېيىن، ھېچكىم گەپ قىلمىدى، بەلكىم، ئۇلار قاسىم ساراڭ ھەققىدە پاراڭلىشىشنى ئۆزلىرى ئۈچۈن قۇرۇق ئاۋارىچىلىككەن دەپ ئويلاپ قېلىشقاندۇ. ئۇلار بىر-بىرگە تاماكا تۇتۇشۇپ، بىر تالدىن تاماكا چېكىشتى. پات-پات دېھقانغا باشقىچە نەزەردە قاراپ قويۇشاتتى. دېھقان بازارنى كۆزىتىۋاتقان، خېرىدار كۈتۈۋاتقان قىياپەتتە باشقا ياقلارغا قاراپ تۇرۇۋالدى.

چۈش ۋاقتىغا يېقىنلاپ قالغان بولسىمۇ، سەھەردىن باشلاپ سودا بولۇۋاتقان بۇ بازاردا ئادەملەرنىڭ ئايىغى بېسىقاي دېمەيتتى، ئەكسىچە، ساتارمەنلەرنىڭ خېرىدار توۋلاشلىرى، ماللىرىنى داڭلاشلىرى، ئالارمەنلەرنىڭ باھا تالىشىشلىرى، يەنە ئالىلكىملەرنىڭ بىر-بىرىنى ۋارقىراپ چاقىرىشلىرى بازارنى تېخىمۇ قاينام-تاشقىنلىق كەيپىياتقا چۆمدۈرگەندى. ئىسسىق شامال كۈچىيىپ، قويۇق چاڭ-توزان كىشىلەرنىڭ بېشىدا لەيلەپ تۇرسىمۇ، ھېچكىمنىڭ بازاردىن يانغۇسى كەلمەيتتى. بازار بولىدىغان كەڭرى، چوڭ كوچىدا كىشىلەر پېتىشماي قالغانىدى، بىر تۈركۈم ئالامان شەرق تەرەپكە ئاقسا، بىر تۈركۈمى غەرب تەرەپكە كەلكۈندەك ئاقاتتى.

— قورساقمۇ ئاچتى، ئاۋۇ تەرەپتىكى ئاق پېشماق چوكاننىڭ سېرىقئېشىدىن يەپ كەلمەمدۇق، كاۋاپچىمۇ بار ئۇ يەردە، — دېدى بۇرۇتلۇق كۆزى بىلەن يولنىڭ قارشى تەرىپىنى يېنىدىكىلەرگە ئىشارە قىلىپ، — جۇرۇڭلار مەن مېھمان قىلاي، قوسىقىڭلارمۇ ئاچقاندۇ.

باشقىلار بۇرۇتلۇقنىڭ گېپىنى بىردەك تەستىقلاشتى.

— شۇنداق قىلىلى.

— ماڭايلى ئەمىسە.

— سېرىقئاشنى باھانە قىلىپ، چوكاننى كۆرۈپ كېلەمەن دەڭە.

— خام يەۋالغۇدەك چىرايلىق نېمىكەن ئۇ!

— ھا... ھا... ھا...

— ھى... ھى... ھى...

ئۇلار چاقچاقلاشقىنىچە كىشىلەر ئارىسىدىن قىستىلىشىپ يولنىڭ نېرىقى تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى. يېسسىۋېلەك سېتىۋاتقان دېھقان ئۇلارنىڭ كەينىدىن مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويدى.

ئالاھەزەل بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، بازارنىڭ بىر بۇرجىكىدە بىر توپ ئادەمنىڭ توپلىشىۋالغانلىقى ھەممەيلەننى قىزىقتۇردى. ئادەتتە، بازاردا دائىم دېگۈدەك ئانچە-مۇنچە جېدەل-ماجرا بولۇپ تۇراتتى. شۇنداق چاغلاردا ياكى باشقا جايدىن ئېلىپ كېلىنگەن قىممەتلىك بۇيۇملارنى سېتىۋاتقان يەردىلا كىشىلەر ئەنە شۇنداق توپلىشىۋېلىشقا ئامراق ئىدى. بۇ يەردە نېمە ئىش چىققاندۇ، قانداق نەرسە سېتىۋاتقاندۇ، دېگەن ئوي بىلەن ھەممەيلەن شۇ تەرەپكە قاراپ كېلىشتى. بۇ يەردە بازاردىن ئاسان تاپقىلى بولمايدىغان ئالاھىدە بىر نەرسىمۇ سېتىلمىغان ئىدى، بەلكى، قىرىق ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان، تەنتۈر ئۇستىخان، گەۋدىلىك، ئۇزايىدىن رەھىم-شەپقەتنى بىلمەيدىغاندەك كۆكەمە بىرى يەتمىشلەرگە كىرىپ قالغان، كەكە ساقال، ئاۋاق بىر بوۋاينى سەت تىللار بىلەن تىللاپ، ھەيۋە كۆرسىتىۋاتاتتى. بوۋاي ھەر

قېتىملىق بازار كۈنىدە مۇشۇ ئورۇندا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، كىرلىشىپ كەتكەن ئالدىدىكى داستىخانغا ئۆز قولى بىلەن ياسىغان ياغاچ پىيالە، ياغاچ قوشۇقلىرىنى تىزىۋېلىپ سودا - سېتىق قىلاتتى. بۇ ئۇنىڭ ئاتا مىراس كەسپى ئىدى، مۇشۇ ھۈنىرى بىلەن جېنىنى جان ئېتىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ توي قىلىش يېشىغا يەتكەن ئوغلى ئۆتكەن يىلى سودا قىلىمەن دەپ ئىچكىرىگە كىرىپ كېتىپ تېخىچە قايتىپ كەلمىگەندى. بوۋاي ئوغلىنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلغان بولسىمۇ، نەتىجىسى بولماي قالغانىدى. شۇڭا، ئۇ ئۆيدە باشپاناھسىز تەنھا تۇراتتى.

كىشىلەر بۇ يەرگە بارغانسېرى كۆپلەپ يىغىلىشقا باشلىدى. يېسىسىۋىلەك سېتىۋاتقان دېھقاننىڭ يېنىدىن سىرىقئاش يېگىلى كەتكەن ھېلىقى بىر نەچچە ئادەممۇ يېتىپ كېلىشتى. ئادەم يىغىلغانسېرى، ھېلىقى تەتۈر ئۇستىخان تېخىمۇ كۈرەڭلەپ كەتتى، ئۇ سۆز - ھەيۋىسىنى، نوچىلىقىنى كىشىلەر ئارىسىدا نامايان قىلماقچى بولغانىدەك، بوۋايغا ۋارقىراپ - جارقىراپ، بوۋاينىڭ چاپىنىنىڭ ياقىسىدىن تارتقۇشلاپ، بوۋاينى ھەدەپ دۈشكەللەشكە باشلىدى. قاراپ تۇرۇشقانلار غۇلغۇلا قىلىشتى. بەزىلىرى بوۋاينى تونۇيتتى، بەزىلىرى تونۇمايتتى. بوۋاينى تونۇيدىغانلار بوۋاينى تونۇمايدىغانلارغا بوۋاينىڭ تولىمۇ بىچارە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بوۋايغا ھېسداشلىقىنى ئىپادىلەيتتى. بەزىلىرى كۈپكۈندۈزدىلا، مۇشۇنداق قاينام بازاردا ھېچكىمدىن تەپ تارتماستىن بىچارە بوۋاينى بوزەك قىلىشقا پېتىنغان تەتۈر ئۇستىخاننى ئەيىبلەشتى. تەتۈر ئۇستىخاننىڭ يولسىزلىقىدىن ئاغرىنىشتى. لېكىن، ھېچكىممۇ جېدەلنى بېسىقتۇرۇشقا، بوۋاينى بۇ تەڭقىسلىقتىن قۇتقۇزۇشقا نىيەت قىلىپ، ئوتتۇرىغا چۈشۈپ تەتۈر ئۇستىخاننى توسۇشقا جۈرئەت قىلىشالمىدى. بوۋاي بىرەر ياخشى نىيەتلىك كىشىنىڭ ئۆزىنى قۇتقۇزۇۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ ئەتراپقا ئىلتىجالىق باقتى، جېدەلنى كۆرۈپ تۇرۇشقان زەبەردەس ئەرلەرگە ئۈمىدلىك تەلمۈردى. بوۋاينىڭ بىر مەست ئادەمگە بوزەك بولۇۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرغانلارنىڭ ئىچىدە، دېھقانمۇ، كادىرمۇ، بىكارچىمۇ، سېتىقچىمۇ، چوڭمۇ، كىچىكمۇ ھەر قاندىقى بار ئىدى، ئۇلارنىڭ چېھرىدىن ھەيرانلىق، ئېچىنىش، ھېسداشلىق، قورقۇمسىراشتەك ئالامەتلەر تۆكۈلۈپ تۇراتتى. تەتۈر ئۇستىخاندىنمۇ ھەيۋەتلىك، كېلىشكەن ئەرلەر ھېلىقى تەتۈر ئۇستىخاننى توسۇش تۈگۈل، ئۇنىڭغا بىر ئېغىز نەسەھەت قىلىشقىمۇ پېتىنالماي تۇراتتى. ئۇلار بوۋايغا ئىچى ئاغرىپ، ھېلىقى تەتۈر ئۇستىخاننى ئەيىبلەپ پەس ئاۋازدا غۇلغۇلا قىلىشتى.

— نومۇسنى بىلمەيدىغان ئاداشكەن بۇ، بىر ياۋاش بوۋاينى بوزەك قىلىشقا كۆڭلى قانداق چىدايدىكىنا؟

— شۇ ئەمەسمۇ، بوزەك قىلىدىغان ئادەم تاپالمىغاندەك.

— بوۋاينىڭ ئۇنىڭغا گەپ ياندۇرالمىغىنىغا قارىغاندا، بىرەر تىل قىسىنچىلىقى بارمىكىن دەيمەن.

— نېمىلا دېيىلى، بۇ ئىش قاملاشمىدى.

— ھەي... بوۋاينىڭ كۆڭلى قانچىلىك يېرىم بولۇۋاتقاندۇ - ھە؟!

— شۇنى دەيمەن، بوۋاينى بۇ ناكەسنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇۋالساق بولاتتى.

غۇلغۇلا داۋاملاشتى، لېكىن، قاراپ تۇرۇشقانلار بوۋاينىڭ شۇنچە خورلۇق تارتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇشسىمۇ، بوۋاينى تەتۈر ئۇستىخاننىڭ ئىزا - ئاھانىتىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چۈشەلمەي تۇراتتى. بوۋاي ئۈمىدسىزلەندى، ئۇ قاراپ تۇرغانلارنىڭ ئىچىدىن ئۆزىگە ئىگە چىقمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمايدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ يەتتى. بوۋاي كونا پالاسنىڭ ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرغىنىچە تەتۈر ئۇستىخانغا ھاڭۋېقىپ قارايتتى، قىسىلغان كۆزلىرىدىن خورلۇق ۋە بىچارىلىك تۆكۈلۈپ تۇراتتى. تەتۈر ئۇستىخان بولدى قىلاي دېمەيتتى، ئۇ جايىدىمۇ تىك تۇرالماي لەپەڭشىپ قالغىنىغا قارىماي بوۋاينى گاھ تىلىنى چايناپ تىلىسا، گاھ، بوۋاينىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ تارتقۇشلايتتى، ئۇنىڭ ئەپتىدىن ھاراق ئېچىۋېلىپ قەستەن جېدەل چىقىرىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— ئا... ناڭنى، گەپ قىلە، ھو...ي، — دېدى ھېلىقى تەتۈر ئۇستىخان لەپەڭشىگەن ھالدا بوۋايغا ھۆركىرەپ، — ھېلى بىكا، كۆ...زۈڭگە قولۇمنى تى... قىۋېتىمەن.

تەتۈر ئۇستىخان ھېچكىمنىڭ بوۋاي تەرەپتە تۇرۇپ گەپ قىلمىغانلىقىغا قاراپ تېخىمۇ كۈرەڭلەپ كەتتى، ئۇ بوۋاينىڭ پېشانىسىنى ھەدەپ نوقۇيتتى، تىللايتتى، ھۆكۈرەيتتى. بوۋاي تۇساتتىن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ شۈمشىيىپ قالدى. ئۇنىڭ قىياپىتى خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويۇپ مۇئەللىمدىن تەنبىھ ئاڭلاۋاتقان بالىنىڭ قىياپىتىگە ئوخشايتتى.

— سەن قىرى... يا بالاڭنى تې... پىپ بېرسەن، يا بالاڭ مەندىن قەرز ئالغان پۇلنى تۆلەيسەن.

تەتۈر ئۇستىخان شۇنداق دېگىنىچە بوۋاينىڭ بېشىدىكى دوپپىسىنى زەپ بىلەن ئۇرۇپ يەرگە چۈشۈرىۋەتتى، دوپپا يەرگە چۈشۈپ بەش قەدەم نېرىغا دۇگىلەپ بېرىپ، ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى، قارا شىلە كىيىۋالغان، بىر قاراشتىلا ئۇقۇمۇشلۇقتەك تەسىر بېرىدىغان، ئاق پىشماق بىر ئادەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. بوۋاينىڭ تۈكسىز بېشىدىكى ئۇششاق تەر تامچىلىرى ئاپتاپتا پارقىراپ كەتتى. بوۋاي بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپىدىكى قاراپ تۇرغانلارغا يەنە بىر قېتىم تولىمۇ بىچارە ھالدا ئىلتىجالىق باقتى. شۇ ئارىدا، بۇ جېدەلنى باشتىن - ئاياغ كۆرۈپ تۇرغان ئاق پىشماق بىر ئادەم بولۇۋاتقان ئىشلارغا چىدىيالماي قالدى، ئۇ ئىلدام مېڭىپ كېلىپ، بوۋاينىڭ توپىغا مىلەنگەن يەردىكى دوپپىسىنى قولىغا ئالدى، ئاندىن دوپپىنى پۇۋلەپ، يېڭى بىلەن سۈرتۈپ، بوۋاينىڭ بېشىغا باشقىدىن كەيگۈزۈپ قويدى. تەتۈر ئۇستىخان ئاق پىشماق كىشىگە ھاكاۋۇرانە قىيپەتتە چەكچىيىپ قارىدى. ئاقپىشماق ئادەم تەتۈر ئۇستىخاننىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا سىلىق ئاۋازدا گەپ قىلدى.

— ئۇكام، بۇ قىلغىنىڭىز بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى، ئۇنداق كۆكەمىلىك قىلماڭ، سەت تۇرىدىكەن. بوۋايغا گېپىڭىز بولسا، باشقا چاغدا دېمەمسىز؟

— سەن... كىمۇ؟!— تەتۈر ئۇستىخان ئاق پىشماق ئادەمگە قاراپ ھۆرپەيدى، — مېنىڭ ئىشىمغا توپا چاچقۇچى بولما.

— گەپ بولسا چىرايلىق...

— چىرايلىق گېپىڭنى قو... ي! ماڭا... پۇل كېرەك، پۇلنى سەن بېرەم... سەن؟! ئېيتە، سەن بېرەم... سەن!؟

تەتۈر ئۇستىخان ئاق پىشماقنىڭ كۆزىگە مىختەك قادالدى. ئاق پىشماق ئادەم بىردە يېنىدىلا مۆكچىيىپ ئولتۇرغان بوۋايغا، بىردە ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە قارىۋەتكەندىن كېيىن، ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن تەتۈر ئۇستىخانغا يېلىنغاندەك ئاۋازدا ئېيتتى.

— بولدى قىلسىڭىز، بوۋاينى تەڭلىكتە قويماڭ.

— ما...ڭاۋە، پۇل بېرەلمىسەڭ كۆتۈڭ...نى قىس، ساڭا دەپ قوياي...

تەتۈر ئۇستىخان تۇيۇقسىزلا پەيدا بولغان بۇ ئادەمگە غەزىپى تۆتتى، ئۇ بىگىز بارمىقىنى ئاق پىشماق ئادەمنىڭ پېشانىسىگە تەڭلەپ تۇرۇپ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى، ئاق پىشماق ئادەم تەتۈر ئۇستىخاننىڭ غەزەپلەنگىنىنى كۆرۈپ باشتا تاتاردى، كېيىن قىزاردى. ئاقپىشماق ئادەم نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى.

— سەتلەشمىسىڭىز بولاتتى، — دېدى ئۇ ئېغىر بىر تىنىۋېتىپ، — بوۋايغا ئۇۋال قىلمىسىڭىز بوپتىكەن.

— يوقىلە ۋا... ي، سەندەكلەردىن نەچچىنى كۆرگەنمەن.

كىشىلەر دەۋرەپ كېتىشتى، ئالدىدىكىلەر قىستىلىشىپ، كەينىگە تىرەجەپ تەتۈر ئۇستىخاننىڭ ئالدىغا كېلىپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىشاتتى، كەينىدىكىلەر ئالدىغا ئۆتىتلىپ بوۋاي بىلەن تەتۈر ئۇستىخانغا بويۇنداپ قاراشاتتى. ئەھۋالنىڭ ئۆزى ئويلىغىنىدەك بولماي قالغانلىقىدىن ئۇمىدسىزلەنگەن ئاق پىشماق ئادەم ئامالسىز تەتۈر ئۇستىخاندىن يىراقلىشىپ، بىر چەتكە ئۆتۈپ قاراپ تۇردى. تەتۈر ئۇستىخان ئەمدىلىكتە ئالامانغا قاراپ شالىنى ئېغىتىپ يۇقىرى ئاۋازدا كېكەچلىدى.

— كىم ھورۇ - پۇرۇ دەيدى... كەن، ئۇل... تۇرىۋېتىمەن!

ئاق پىشماق ئادەم بۇ جېدەلدىن ئۆزىنى تارتقاندىن كېيىن، ھېچكىم كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىشقا پېتىنالمىدى. كىشىلەر يەنە غۇدىراشقا، تەتۈر ئۇستىخاننى ئەيىبلەشكە باشلىدى. لېكىن، ئاق پىشماق كىشىدىن كېيىن تەتۈر ئۇستىخانغا گەپ قىلىپ، بوۋاينى بۇ ئازابتىن، بۇ خورلۇقتىن قۇتقۇزۇشنى خالايدىغان يەنە بىر ئادەم تېخىچە چىقماي تۇراتتى. بايامقى ئەھۋاللارنى كۆرۈپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ساراسىمە چۈشتى، ئۇلار بوۋايغا ئىچ ئاغرىتىشتىن باشقا ئامال قىلالمىدى، ئۇلار تەتۈر ئۇستىخانغا تەڭ كېلەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ سۈكۈتتە تۇرۇشقا مەجبۇر بولماقتا ئىدى. شۇ ئارىدا، تەتۈر ئۇستىخان بوۋاينىڭ پېشانىسىغا قايتا - قايتا بىر نەچچىنى نوقۇۋەتكەندىن كېيىن، ئەتراپقا كۆرەڭلىك بىلەن قاراپ ھۆركىرىدى:

— ئاناڭنى، ئادەم كۆرمىگەندەك نى... نېمىگە قاراپ تۇ... رىشسەن - ھە!

تەتۈر ئۇستىخاننىڭ كۆزى قان تولغاندەك قىزىرىپ كەتكەنىدى، ئۇ ئۇرۇشۇش ئۈچۈن باھانە ئىزدەۋاتقان ئادەمدەك، بۇ يەرگە ئۇلاشقان ھەممەيلەنگە كۆزىنى چەكچەيتىپ بىر قۇردىن قاراپ چىقتى، قايسى بىرى گەپ قىلا-

ىدىمۇ بولدى، شۇ كىشىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈلۈپ كېلىشتىن يادمايدىغاندەك قىلاتتى. سەپنىڭ ئالدىدىلا بۇ جېدەلنى باشتىن-ئاخىر كۆرۈپ تۇرۇشقان ھېلىقى «ۋىجدانلىق» زىيالىي سۈپەت بىر نەچچەيلەنمۇ بىر-بىرگە چۈشىنىكسىز قارىشىپ، پىچىر-پىچىرغا چۈشتى.

— بوۋاينى بۇنچىمۇ بوزەك قىلغان بارمۇ؟ تازىمۇ نومۇسسىز ئادەمكىنا بۇ! بوۋايدا پۇل ئېلىشىم بار دەۋاتىدۇ، بۇ راستىمدۇ؟

باشتا گەپ قىلغىنى غاز بويۇن ئەر ئىدى، ئۇنىڭغا بۈرۈتلۈق ئەر بىلەن سېمىز ئەر ياندىشىپ تۇراتتى .

— راست بولسۇن، يالغان بولسۇن، بىز بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى؟ — دېدى سېمىز ئەر، — ئارىلاشمايلى.

— بوۋايغا ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ، — بۈرۈتلۈق ئەر تاڭلىيىنى چېكىلداتتى، — ماۋۇ ئاداشقا گەپ قىلساق بولتى.

بۈرۈتلۈقنىڭ بۇ گېپىگە غاز بويۇن ئەر بىلەن سېمىز ئەر بىردەك قارشى چىقتى.

— مۇنۇ مەستنىڭ ئەلپازىمۇ يامان تۇرىدۇ، — دېدى سېمىز ئەر دىمى كېسىلگەندەك بولۇپ خىقىراپ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئىشقا ئارىلاشساق «يۈز»ىمىز چۈشۈپ كېتەمدىكىن دەيمەن .

— راست دەيسەن، كۆپكۈندۈزدە بىر مەست بىلەن جېدەللەشكىنىمىزنى باشقىلار ئاڭلىسا سەت تۇرىدۇ، — غاز بويۇن ئەر بېشىنى ئۇيان-بۇيان ئىغاڭلاتتى. بۇ ئۇنىڭ بۇ جېدەلگە قەتئىي ئارىلاشمايدىغانلىقىنى ئىپادە قىلىۋاتقىنى ئىدى. ئۇلار بىلەن بىللە كەلگەن باشقىلارمۇ ئارقا-ئارقىدىن گەپ قېتىشتى.

— توغرا دەيسەن، نومۇس كېرەكتە بىزگە.

— سالاپىتىمىزگە بېقىپ ئىش قىلىلى، يوقىلاڭ ئىش بىلەن يۈز-ئابرۇيىمىزنى تۆكۈۋالمايلى.

— ...

ئۇلار بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ قالسا، «ئىززەت-ھۆرمىتى»نىڭ چۈشۈپ كېتىشىدىن ئەنسىراۋاتقان شۇ پەيتتە، تەتۈر ئۈستىخان تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشقىلى تۇردى. ئۇ بوۋاينىڭ چىرايلىق تىزىپ قويغان ياغاچ قوشۇق-پىيالىلىرىنى تېپىپ-دەسسەشكە باشلىدى. بوۋاي يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان پېتى ئۇنىڭ بۇ قىلىقىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ياغاچ پىيالە-قوشۇقلارنىڭ سۇنغىنى سۇنۇپ، قالغىنى ھەر تەرەپكە چېچىلىپ كەتتى. بوۋاي ئۆمىلەپ يۆرۈپ، چېچىلغان نەرسىلىرىنى باشقىدىن يىغماقچى بولۇۋىدى، تەتۈر ئۈستىخان بوۋاينىڭ ئەستەرلىك چامچىسىنىڭ ياقىسىدىن قاماللاپ تۇتۇپ، بوۋاينى ئۆزىگە قاراتتى.

— مەن پۇ... لۇمنى ئالماي قويماي... مەن، ئۇۋقتۈگمۇ قېرى ئېشەك. پۇل... نى چىقار...

بوۋاينىڭ چىرايى تاتىرىپ، دېمى سىقىلدى. ئۇ تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن چامچىسىنىڭ ئىچ يانچۇقىدىن پارچە-پۇرات بىر تۇتام پۇلنى تەستە چىقىرىپ، تەتۈر ئۈستىخانغا سۇندى:

— مەندە بارى شۇكەن بالام، ئەتە-ئۆگۈنگىچە چىداپ تۇرغىن، ئۆتۈنۈپ قالاي.

بوۋاينىڭ ئاۋازى تولىمۇ زەئىپ ۋە بىچارە چىقتى، ئۇ يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇراتتى. تەتۈر ئۈستىخان بوۋاينىڭ قولىدىكى پۇللارنى قاماللاپ ئېلىپ، يانچۇقىغا سالدى، لېكىن، بىر قولىنى بوۋاينىڭ ياقىسىدىن قويۇۋەتمەي، بوۋايغا يەۋەتكۈدەك ئەلپازدا مىختەك قادىلىپ دېدى:

— پۇلنىڭ ھەممىسىنى چىقار، ھەممىنى...

— ئەمدى پۇل قالمىدى، بالام.

— پۇلۇڭ قالمىغان بولسا، مانا ئەمىسە...

تەتۈر ئۈستىخان بوۋاينى كەينىگە زەپ بىلەن ئىتتەردى، بوۋاي ئوڭدىسىغا يەڭدەپ چۈشتى. ئۇ گەۋدىسىنى ئاستا ئوڭشاپ، ئولىشىۋالغانلارغا ئىچى سىيرىلغۇدەك بىر خىل ئايانچلىق بىلەن قاراپ قويىدى، قايسى بىرلىرى بوۋايغا ئىچ ئاغرىتىشىپ بېشىنى چايقاشتى. قايسىدۇ بىرلىرى بوۋاينى تەتۈر ئۈستىخاننىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن ئامال ئىزدەشتى، ئەتراپىغا بويۇنداپ قاراشتى.

— ئامانلىق ساقلىغۇچىلار بۈگۈن نەگە كەتكەندۇ-ھە؟

— ساقچىغا خەۋەر بېرەيلى.

— بوۋاينىڭ تۇغقانلىرى بولسا خەۋەر بېرەيلى.

شۇ ئارىدا، ئويلىمىغان ئىش يۈز بەردى. قەيەردىن پەيدا بولدىكىن، ئەتىگەندە بىر خالتا چامغۇر يۈدۈپ بازارغا كەلگەن قاسىم ساراڭ جېدەلگە ئارىلاشتى. ئۇ مەردانە ۋە تەمكىن ھالدا تەتۈر ئۈستىخاننىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. قاسىم ساراڭنىڭ بۇ جېدەلگە ئارىلاشقانلىقىنى كۆرگەن نۇرغۇن كىشى بىردىنلا جانلىنىپ كېتىشتى.

— مانا، قاسىم كەلدى.

— ئەمدى ياخشى بولدى، مۇنۇ كۆكەمنىڭ ئەدىپ-

نى بىر بېرىپ قويسۇنچۇ!

— قاسىم دېگەن جىگىرى بار لۈكچەك ئۇ، يانمايدۇ.

قاسىم ساراڭ ئۈيلاپ ئولتۇرمايلا تەتۈر ئۇستىخاننى بوۋاينىڭ ئالدىدىن بىر يانغا تارتتى.

— ئادىشوي، ماڭا بىر قارىغىنا، گېپىڭ بولسا ماڭا دېگىنە.

— سەن كىم؟ — تەتۈر ئۇستىخان قاسىمنىڭ قولىدىن بوشىنىش ئۈچۈن سىلكىندى، — مېنى تارتىشقا پېتى... نىۋاتامسەن!؟

— يوقاپ كەتكەن بالىسىنىڭ دەردىگە ئاران چىداۋاتقان قېرى ئادەمگە ئىچىڭ ئاغرىسۇن، ئۇنى كەچۈرگەن بولساڭ، — دېدى قاسىم ساراڭ ئۇنىڭغا يېلىنغاندەك تەلەپپۇزدا، — ئىش بولسا چىرايلىق دېيىشسەك بولىدىغۇ؟!

— ماڭا... ۋەي... — تەتۈر ئۇستىخان قاسىم ساراڭغا ھۆرپەيدى، — سەن كىم ئىدىڭ... ھە، مېنى توسقىلى...

— داداڭدەك ئادەمنى بوزەك قىلىشقا كۆڭلۈڭ قانداق چىدايدۇ؟ بۇ ئىشىڭدىن نومۇس قىلمىدىڭما؟

— ۋاي... يوقىلە، بىرنى قويۇپ...

تەتۈر ئۇستىخان قولىنى كۆتۈرۈپ بولغىچە، قاسىم ساراڭ ئۇنىڭ خامىرىغا كېلىشتۈرۈپ بىر مۇشت ئاتتى. ئاران ئۆرە تۇرۇۋاتقان تەتۈر ئۇستىخان قاسىم ساراڭنىڭ كۈچلۈك مۇشتىنىڭ زەربىسىدە ئوڭدىسىغا چۈشتى. كىشىلەر بۇ ھالنى كۆرۈپ دەۋرەپ كېتىشتى، پۇخادىن چىققاندەك بولۇشۇپ، قاسىم ساراڭنى بىر ئېغىزدىن ماختاپ كېتىشتى.

— يارايسەن.

— ئوغۇل بالىدەك ئىش قىلدى.

— تاياق دورا بۇ ناكەسكە، قاسىمنىڭ كەلگىنى بەلەن بولدى.

— نوچى دېسە، قاسىمنى دېسە بولىدۇ.

جېدەل ئاياغلاشقاندەك قىلاتتى، تەتۈر ئۇستىخان ئاغزى-بۇرنى قانغا مىلەنگەن ھالدا يەردە خىرقىراپ ياتاتتى، ئۇنىڭ ئورنىدىن تۇرغىدەكمۇ ماجالى قالمىغانلىقىنى، ناۋادا ئورنىدىن تۇرسا يەنە تاياق يەيدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. قاسىم ساراڭ ھېچ ئىش بولمىغاندەك بوۋاينىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنى يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى. بوۋاينىڭ قىسىلغان نۇرسىز كۆزىدە ياش تامچىلىرى لۆمۈلدەيتتى.

كەكە ساقلى سۇس تىترەيتتى. ھەممەيلەن بوۋاينى ئوردۇۋېلىشتى، تەسەللى بېرىشتى. ھەر تەرەپكە چېچىلغان ياغاچ پىيالە-قوشۇقلىرىنى قول-قول بىلەن تېرىشىپ بەردى. بوۋاي يىغلامسىراپ تۇرۇپ رەھمىتىنى بىلدۈردى. باياقى ئىشنىڭ قانداق يۈز بەرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. ئىش ئەسلى مۇنداقكەن: بوۋاينىڭ سودا قىلىمەن دەپ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتكەن ئوغلى بوۋاينى بوزەك قىلغان مۇنۇ تەتۈر ئۇستىخاندىن يۇقىرى ئۆسۈملۈك پۇل قەرز ئالغان ئىكەن، ئوغلى كەلمىگەچكە تەتۈر ئۇستىخان بۇ قەرزنى بوۋاينىڭ ئۈستىگە يۈكلەپتۇ، بوۋاي ئوغلىنىڭ قەرزنى قايتۇرۇشقا ماقۇل كەپتۇ. ئاخىرى، مىڭ بىر جاپادا بۇ قەرزلەرنى تەتۈر ئۇستىخانغا تۆلەپ تۈگەتكەنمۇ بوپتۇ، لېكىن، تەتۈر ئۇستىخان بوۋاينىڭ ئوغلى يېزىپ بەرگەن قەرز ھۆججىتىنى بوۋايغا قايتۇرۇپ بەرمەپتۇ. تەتۈر ئۇستىخان خەجلەيدىغان پۇل تاپالمىغاندا، ياكى ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ قالسىلا، قەرز ھۆججىتىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ بوۋايدىن پۇل ئۈندۈرۈۋېلىشنىڭ تەمەسىدە بولىدىكەن. تۆلەپ بولغان پۇلنى باشقىدىن يەنە تۆلەشكە قىستايدىكەن. بوۋاينىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن ئىشنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئۇقۇشتى. ھېچكىمنىڭ كارى بولماي، تېخىچە يەردە ياتقان تەتۈر ئۇستىخانغا غەزەپ ۋە نەپرەت بىلەن قاراشتى.

قاسىم ساراڭ بوۋاينىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزدى، ئاندىن بوۋاينىڭ كىيىم-كېچىكىنى قېقىشتۇردى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن مەردانىلىق ۋە مېھرىبانلىق يېغىپ تۇراتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ ئەينى يىللىرى ئالامەت نوچى ئۆتكەن قىياپىتىنى يەنە بىر قېتىم كۆرگەندەك تەسراتقا كېلىشتى، ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلەن قاراشتى.

جېدەل ئەمدىلا بېسىققۇدى، ئىككى ساقچى بازارغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار كېلىپلا جېدەلنى كىمنىڭ چىقارغانلىقىنى، يەردە ياتقان تەتۈر ئۇستىخاننى كىمنىڭ ئۇرغانلىقىنى سۈرۈشتە قىلىشتى. تەتۈر ئۇستىخاننىڭ جاۋغىيىدىن ھېلىمۇ قان ئېقىپ تۇراتتى.

— مەن ئۇردۇم، — دېدى قاسىم ساراڭ ساقچىلارغا قاراپ، — بۇ جېدەلنى مەن تېرىدىم، باشقىلار بىلەن مۇناسىۋىتى يوق.

ساقچىلار بىردە قاسىم ساراڭغا بىردە يەردە پۇشقۇرۇپ ياتقان ھېلىقى تەتۈر ئۇستىخانغا قاراشتى، شۇ ئارىدا بوۋاي ساقچىلارنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ياق، ياق، ئەسلى ئىش مۇنداق...

بوۋاي بىر ساقچىنىڭ پىشكە ئىسلىپ چۈشەنچە بەرمەكچى بولۇۋىدى، ئۇ ساقچى بوۋايغا «توغرا- خاتانى ئىشخانىغا بارغاندا ئايرىيمىز، جېدەل چىقارغۇچىلار بىز بىلەن ماڭسۇن» دەپ گەپنى ئۈزدى. بوۋاي قورقۇپ كەتتى، ئۇ تەتۈر ئۇستىخاننى يەردى يۆلەپ تۇرغۇزغان يەنە بىر ساقچىنىڭ يېنىغا كېلىپ يالۋۇرماقچى بولۇۋىدى، قاسىم ساراڭ قولىنى ئىشارەت قىلىپ بوۋاينى سۆزدىن توختىتىپ قويدى.

— مەندىن ئەنسىرىمىسىلە چوڭ دادا، ئۆزلىرى ئۆيلىرىگە خاتىرجەم كېتىۋەرسىلە، ماڭا ھېچ ئىش بولمايدۇ، — دېدى تەمكىن قىياپەتتە.

— بۇ... — بوۋاي جىددىيلەشتى، — مەن ئۆزلەگە بالا تېپىپ بەردىم.

قاسىم ساراڭ بوۋايغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى، ئۇ قىلغان ئىشىدىن قىلچىمۇ پۇشايمان قىلمىغاندەك قىلاتتى.

ساقچىلار قاسىم ساراڭ بىلەن تەتۈر ئۇستىخاننى ماشىنىسىغا سېلىپ ئېلىپ كەتتى. بوۋاي ساقچى ماشىنىسىنىڭ كەينىدىن قاراپ قېلىۋىدى، كىشىلەر بوۋايغا ئەقىل ئۆگەتتى.

— ساقچىخانىغا بېرىپ بولغان ئەھۋالنى ئېيتسىلا.

— ھېلىقى ناكەسنى پاش قىلسىلا.

— راست گەپنى دېسىلە، ساقچىلار سىلىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىسا قاسىمنى قويىۋېتىدۇ.

— بىزمۇ سىزگە بېرىشىپ بېرەيلى، كۆرگەنلىرىمىزنى دەيلى، شۇنداق قىلايلى.

— ياخشى ئادەمگە ئۇۋال بولمىسۇن.

بوۋاي كىشىلەرنىڭ سۆزىنى توغرا تاپتى. ئۆزىگە ياردەم قىلىپ، تەتۈر ئۇستىخاننىڭ بوزەك قىلىشىدىن قۇتۇلدۇرغان ھېلىقى كىشىنى ئاقلاپ چىقمىسا كۆڭلى ئۇنىمايتتى.

— سىلى، قاسىمنى تونۇمتىلە؟ — دەپ سورىدى بوۋايدىن دېھقان سۈپەت ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئادەم.

— ياق تونۇمايمەن، — دەپ جاۋاب بەردى بوۋاي، — بۇ بازاردا ئۇنى چالا- بۇلا بىر نەچچە قېتىم كۆرگەنلىكىم ئېسىمدە، ئىسمىنىڭ قاسىم ئىكەنلىكىنىمۇ بايا بىلدىم، شۇ بالام بولمىغان بولسا...

— جىگىرى بار بالا ئىدى، كۆردۈم، ھازىرمۇ ئۆزگەرمەپتۇ، — دېدى ھېلىقى ئادەم مەمنۇنلۇق بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ.

بوۋاي ئېسەدەپ قالدى، نۇرسىز كۆزى باشقىدىن نەملەشتى، بوۋاينىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالغانلار تۇشمۇتۇشتىن چۇرقىراشتى:

— بىزمۇ ساقچىخانىغا بارايلى، ئەھۋالنى ئېيتايلى.

— بوۋاينى بىللە ئاپىرايلى.

— قاسىمغا ئۇۋال بولمىسۇن!

بىرلىرى بوۋاينى يېتىلەپ، بىرلىرى بوۋاينىڭ پىيالە- قوشۇقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ساقچىخانىغا بېرىش ئۈچۈن يولغا چىقىشتى، قالغانلىرى بىر- بىرلەپ تارقاشقا باشلىدى.

بازارنى تاماشا قىلغىلى كېلىشكەن ھېلىقى بىر نەچچەيلەن، بازاردىن قايتىپ كېلىۋېتىپ پاراڭغا چۈشتى.

— كۆرگەنسەن قاسىم ساراڭنى، بۇرۇنقىدىن قىلچە ئۆزگەرمەپتۇ، — دېدى سېمىز ئادەم بايامقى ئىشلاردىن ھەيران بولغاندەك قىياپەتتە.

— شۇنى دەيمەن، مەست ئادەمنى مۇش بىلەن ئۇرغىنى بولمىدى. مۇشۇنداق يۈرسە ساقچىخانىدىن بېرى كېلەلمىگۈدەك ئۇ ئاداش، — دېدى بۇرۇتلۇق ئادەم بېشىنى چايقاپ.

غاز بويۇن ئادەم ئېغىز ئاچتى.

— ھاي... ھاي... ئۇنداق دېگەن بىلەن قاسىم ساراڭ بولمىغان بولسا، بوۋايغا ئىگە چىقمايتتى.

— جېدەلنى جېدەلخور بېسىقتۇردى. بىزدەك زىيالىيلار ئارىغا چۈشىۋالسا بولمايدۇ- دە، — بۇرۇتلۇق ئادەم دىمىقىنى قاقتى. ئۇلار بىلەن تەڭ يول مېڭىپ كېلىۋاتقان باشقىلىرىمۇ تۇشمۇتۇشتىن گەپ قېتىشتى.

— بىز دېگەن جەمئىيەتتە يۈز- ئابرۇيىمىز بار ئادەملەر، بىر مەست بىلەن تەڭ بولساق بولماس.

— شۇ... ۋىجدان- غۇرۇرىمىزنى ئەرزىمەس جېدەلگە تېگىشمەيلى.

— توغرا دەيسەن.

ئۇلار ئۆز ئوي- پىكىرلىرىنى ئۆزلىرى توغرا تېپىشتى. ئەتىگەندە بازارغا قانداق سالاپەت ۋە ھاكاۋۇرانە قىياپەت بىلەن كەلگەن بولسا، شۇنداق سالاپەت ۋە ھاكاۋۇرانە قىياپىتى بىلەن ئۆيلىرىگە كېتىپ قېلىشتى.

---

ئاپتور: قومۇل شەھىرى ئۇيغۇرغول رايونى غەربى ئۆستەڭ كوچا باشقارمىسىدىن




## باغچىدىكى سەھەر

يۇلتۇزلار كېچىسى توپلىنىدۇ،
كۈندۈزى ئادەم سايىلار.
قاق سەھەرگە قاقلىنىپ،
تاڭدۇر سالام-سەھتى.

باغچىنىڭ ئىشكى ئوچۇق...

قۇشلار كۈيى تامدۇ كۆكتىن
دەرەخلەرگە،
دەرەختىكى ياپراقتەك،
تەندىكى ھەرىكەتتەك،
ئادەم ھاياتلىق سەنئىتى.

قېرىلار دىدارى سەھەردەك گۈزەل،
كۆرۈنەر ئۈز ئەزان ۋاقتىدا.
قوۋزاق-قوۋزاق تۈن ئۆتۈك چىرايلار،
ماغدۇرى يوق، تىنى بار،
نۇرى ئۈچكەن كۆزى بار،
قۇلىقى يوق سۆزى بار،
نىمتى يوق كۆڭلى بار.
ئۈمىدكىلا تايانغان پۇتلار،
باغچىنى ئايلىنار،
قەدەملەر پىچىرلىشار،
كۈنگە ئوخشاش سەۋر-تاقىتى.

ئادەم ئۈچۈن
ئاتقا مىنگەن، يا ئاتتىن چۈشكەن
يېرى بەك تاتلىق،
شۇ يېرىدە ھايات راھىتى.

شاھ ئۈچۈنمۇ قېرىلىق ئوخشاش،
قاق ئۈچۈنمۇ قېرىلىق ئوخشاش.
شاخ، تاشقىمۇ قېرىلىق ئوخشاش،
بۇ دۇنيادا قېرىماس قۇياش!

قۇياش يېقىن كەلگۈنچە قاشقا،
تارقىغاندەك يۇلتۇزلار مىسكىن.
تارقىشار ئاستا
ئاق چاچلارنىڭ خۇلق ئاۋازى،
بىر-بىرىگە ئامانەت قويۇپ
ئەتىسىنى
ئاللاھ تىككەن كۆچىتىنى
جان لەۋزىدۇر كۆڭۈل راھىتى.

ئامانلىقنىڭ ئىگىسى خۇدا،
ئالدىن كەلمەس ئۈلۈمدىن سادا
قولدا بولماس ھايات سائىتى.

باغچىنىڭ ئىشكى ئوچۇق...

## يەر

قەلبىم دۇنياغا تاشلىدى نەزەر،
شان- شەرەپكە بىز دەسسىگەن يەر.

يەردىن باشقا، دۇنياغا قاشقا،
بارچە مەۋجۇدات
كۆككە قاراپ كۆكلەيدۇ،
كۆكنى بويلاپ ئۆرلەيدۇ،
يەردىن غېرىچ ئۈسۈش ئارمانى.

ئوت- چۆپلەردىن، گۈلسىز، گۈلى بار،
دەل- دەرەختىن ئادەملەرگىچە.
ھەتتا كۆڭۈلمۇ
كۆك ئىشقدا ئوت بولۇپ يانار،
بۇزۇلماستا كۆڭۈل ئارامى.

ئۇچار قۇشلار پەرۋازىدا كۆك،
ئۇچقۇلارغا دەرگاھ بولسىمۇ.
كۆك ئۈستىدە كۆك،
قايتىپ كېلەر بەربىر يەرگە،
رىزقى يەردە، جان بولسىمۇ كۆك.

تاش، چالمىنى ئاتساڭ ئاسمانغا،
توپا- چاڭ بولۇپ چۈشەر تۆپەڭگە.
دېڭىز يامغۇر بولۇپ تۆكۈلەر،
تۆكۈرۈكۈڭ يۈزۈڭگە...

يەردىن كەچكەن ھەرقانداق كۆچمەن،
ئۇ دۇنياغا يەر بولۇپ كۆچەر.

ئىنسان ئۇچۇن ھەممىدىن ئۇلۇغ —
ئانا ئۇچۇن ھەممىدىن يورۇق —
ۋەتەن يەرسىز بولالماس ۋەتەن!

## ئادەم ۋە ھېسسىيات

بىر دۆۋە ئوتۇن،
سەرەڭگىچە ھېسسىياتتا،
كۆتۈرەر يالقۇن.

ئوتسىز ئادەم قەلئەسى،
ئۆتمۈش رەڭ خوتۇن.

ئوتنىڭ جېنى بار،
ئوتنىڭ رېڭى بار.
ئوتنىڭ تەپتى بار،
ئوتنىڭ كۈيى بار.

كۆيە... كۆيە...
ئوت يالقۇنغا ئايلانغاندا،
يالقۇن چۈشەر ئۇسسۇلغا.
چىقارماستىن بىر چىكىم تۈتۈن.

## چالغۇ

چالغۇ ئۆزى ياغاچ يا تۆمۈر
سەنئەتلەشكەن ئۈن- تىنسىز مۇردا.
ئىشق بىلەن قانتى ئۇچقۇر،
قەلب چەككەن سىمدا جان، سادا.

قايسى مىللەت ئالسا قولغا
شۇ مىللەتنى كۈيلەر خۇشناۋا
كۆز يېشىغا چۆمۈلۈپ تۇرۇپ،
پەقەت پەرقى، مىللەتلىك ئېڭى
كۈيلەر ھامان مىللەت تېڭىنى
ۋەتەنلىك ئۆز قوۋمىنى سۆيۈپ.

ئۆز- ئۆزىنى چالالماس چالغۇ
جان ئىچىدە يۈرەك ئاققاندا
كەڭ ئالەمگە قىلار نامايان
مەۋجۇتلۇقىنى
كۈننى كۈيدە سۇغۇرۇپ تۇرۇپ.

## تاڭ

تەبىئەتتە ئۇلۇغ بىر بايراق،
تاڭ كۆڭۈلدىن يورۇق ھەم بۈيۈك.
سەھەر رەڭلىك ئاسمان تۇغدا،
چىقىرىلار ئۇ

كەڭ ئالەمنى تۇرتۇپ كۆكلۈلۈك.
پۈرسىمۇ ئەت - يېنى كۆيۈك.

ئالماشماس ئۇ، ئۆزگەرمەس مەڭگۈ،
ئەلمىساقتىن - ئاخىر زامانغا.
ھاياتلىققا بېرىپ ئەركىنلىك،
مەغرۇر ياشار بايراق ئاستىدا.
سائىتىنى توغرا بۇرىغان،
تاڭ سەھەرگە پۈتۈلگەن كىملىك!

## جانان لېۋى سۆيگۈ ئىشكى

دۇنيا ياشار ھەركىم كۆزىدە،
ھەركىم ياشار دۇنيا يۈزىدە.
تەقدىرىنى تىكىپ سۆيگۈگە،
سۆيگۈ ئارا كۆيەر ئىستىكى.

كىممۇ ياشار، كىممۇ جان قىينار،
يار دېمىسە، لەۋ دەپ كۆيمىسە.
كۈندۈز ئوتقا تۇتماس كېچىنى،
شەيدا يۈرەك بويۇن ئەگمىسە،
ئاي بولمىسا قۇياش تىلىكى.

يارلىق ئەرنىڭ كۆكلەر مەشرىپى،
ياردىن جۇدا ئەرنىڭ ھەسرىتى.
جانان لېۋى سۆيگۈ ئىشكى،
كىممۇ ئۇيىلار بىر سۆيۈش بىلەن،
رام بولۇشنى يار زىندانىغا،
بارمىكىن تاڭ زىنداندا راھەت
زىندان تۇتقان گۈلنىڭ چېچىكى؟

زىندانىمۇ ئۆي، يار قوينىمۇ ئۆي،
ھالال ئاينىڭ لېۋى بەك ئېسىل.
ھېچكىم يارنى زىندان دەپ بىلمەس،
جاننى ئالغان يارنى ئەزرائىل،
ئىككى دۇنيا جانان بۆشۈكى.

## كەچكە كىرىش

شەپەق سۆيگەن كەچلىك ۋادىلار،
تىنچلىقتا يۈرەك تىلغىنار.

قارىساڭ ئاق بۇلۇتلار لەرزان،
تاغدىن ئاشقان سۈكۈت دېڭىزى.
سەلكىن شامال چۈشەر ئۇسسۇلغا،
چوكان تاللار ئېگىپ بېلىنى،
ئەركىنلىك ئۇ كۆزدە تەبەسسۇم.

تەبەسسۇملىكتە ياتقان سۈلكەتلەر،
كەچ قوينىغا كىرەر يېشىنىپ.
سۈزۈك سۈدەك ئاسايىش دەمدە،
تومۇرنى تۇتساڭ ھاياتنىڭ،
ئۆز ئۆمرىگە قالار ئېچىنىپ.

سەنئەتكە باي گۈزەل ساھىللار،
چېكىسىگە قىسقاندا ئالقىش.
جىمجىتلىقتا ئېلىشار تىپتىنچ،
كەچ قوينىدا تاڭغا سېغىنىش.

گەر بولسىمۇ بىلگىنىڭ قانۇنىيەت
پېشانەڭگە پۈتۈلگەن قېرىش.
ئارمىنى بار يۈرەك قىينىلار،
چۈقان سالار تىنماي زارلىنىش،
بۇ دۇنيانىڭ مۇشەققىتىدە،
كۆلۈپ تۇرۇپ ئازابلىق تىنىش.

شۇنچە گۈزەل تىمتاس ۋادىلار،
تىنچلىقتا پەلەك يىرتىلار...

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىدا



«ئىسكەندەرنامە» (1990 ـ يىل)، «تەزكىرەئى ئەسھابۇلكەھف» (1992 ـ يىل)، «مەجمۇئەتۇلئەھكام» (1994 ـ يىل)، «سەلجۇقلار تەزكىرىسى» (1994 ـ يىل)، «ئىسكەندەرنامە» (ئۈچ توم، 1998 ـ يىل)، «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى. ئۇيغۇرلار تومى» (مەڭگۈتاشلار، ۋەسىقىلەر، ئاغزاكي يادىكارلىقلار تۈرى، 2011 ـ يىل، خەنزۇچە)، «تىببىي تەجرىبات» (2012 ـ يىل)، «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى. ئۇيغۇرلار تومى» (كىتابلار تۈرى، 2015 ـ يىل، خەنزۇچە)، «مەلۇماتۇلئافاق» (2015 ـ يىل) قاتارلىق كونا ئۇيغۇر (تۈركىي) يېزىقىدىكى قەدىمكى ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاپ، ئىزاھات يازغان، «مەدەنىيەت تارىخىمىزنىڭ شاھىتى»، «ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى ھەققىدە بايان» (خەنزۇچە)، «شىنجاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى ئەسەرلەر ۋە يازما يادىكارلىقلار ھەققىدە مۇلاھىزە» (خەنزۇچە)، «ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى قۇتقۇزۇش دەۋرىنىڭ تەقەززاسى»، «يىپەك يولى مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى» (خەنزۇچە)، «ئالتۇن يارۇق ۋە ئۇنىڭ تەتقىق قىلىنىشى»، «فرانسىيەدە ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى توغرىسىدا مەلۇمات»، «ئەنگلىيەدە ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى توغرىسىدا»، «مۇھەممەد سادىق قەشقەرىي ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرى»، «ئۇيغۇرلاردا مۆچەللىك كالىندار ۋە ‹مەجمۇئەتۇلئەھكام› توغرىسىدا»، «قەدىمكى ئۇيغۇر ھۈنەر ـ كەسىپ رىسالىلىرى توغرىسىدا»، «تۇرپاننىڭ تارىختىكى ناملىرى ۋە قوچۇ نامى توغرىسىدا»، «قوچۇ توغرىسىدا مۇلاھىزە»، «ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىي ھاياتى»، «ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىي ھاياتىغا نەزەر»، «لۇ شۈن مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان تۇرپان يادىكارلىقلىرى»، «مەشھۇر تۈركولوگ تۇرپانشۇناس ئا.ۋون. گابائىن خانىم»، «دۇنخۇاڭ ـ تۇرپاندىن بايقالغان يازما يادىكارلىقلىرى توغرىسىدا»، «قوچۇ ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ تۇرمۇشى» (تەرجىمە)، «ياخشى باشلىنىش ۋە جىددىي تەقەززالىق»، «تۇرپاندا بايقالغان يازما يادىكارلىقلار ۋە چەت ئەللىك ئېكسپېدىتسىيەچىلەر»، «خوجا ھەسەننىڭ خوتۇنى» قاتارلىق ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى ۋە تۇرپانشۇناسلىق ساھەسىگە بېغىشلانغان مەخسۇس تېمىدىكى ئىلمىي ئەسەرلىرى ئارقىلىق ھەم 2000 ـ يىلدىن باشلاپ «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنى نەشر قىلىشتىن باشلاپ مەزكۇر ژۇرنالنىڭ باش مۇھەررىرلىكى، تەھرىرلىك ۋەزىپىسىنى ئارتقۇزۇپ شۇ ساھەلەردە مەملىكەت ئىچىدىكى ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ شۇنداقلا كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ۋە يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشىپ كەلگەن ساناقلىق ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلەر مەدەنىيىتى تەتقىقاتچىسى، تۇرپانشۇناس، ژۇرنالىست ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق ئەپەندى.





بۇمۇ بىر بازار

پولات خوجا فوتوسى


《新疆文化》(维吾尔文)
综合性文学双月刊

主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅
主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008-6498
国内统一刊号：CN65-1073/I
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京朝阳区工体东路16号
P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Beijing 100020, China
海外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地 址：新疆乌鲁木齐市新华南路11号万国大厦10楼
邮 编：830000 电话：（0991）2856942
印 刷：《新疆日报》印务中心
发 行：乌鲁木齐市邮局
订 阅：全国各地邮局

邮发代号：58-22 定价：8.50元

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2016- يىلى 2- سان (ئومۇمىي 338- سان)
(قوش ئايلىق ئومۇمىي ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008-6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65-1073/I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب ئىمپورت - ئېكسپورت (گۇرۇھى)
باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى شىنخۇا جەنۇبىي يولى 11- نومۇر ۋەنگو سارىيى 10- قەۋەت
پوچتا نومۇرى: 830000 تېلېفون نومۇرى: (0991)2856942
باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 - 58 باھاسى: 8.50 يۈەن